مەملىكەت بويىچە 100 نوقتىلىق ژورنال
مەملىكەتلىك سەرخىل ژورناللار سېپىگە كىرگەن ژورنال
شىنجاڭ بويىچە ئىجتىمائىي پەن تۈرىدىكى مۇنەۋۋەر ژورنال



MIRAS(HERITAGE)OFUYGHURFOLKCULTURE

# ميراس

3

2011

美拉斯

MIRAS

ISSN 1004-3829

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# «مىللەتلەر ئەدەبىياتى»ژۇرنىلىنىڭ يىللىق مەرىكىسىدىكى خاتىرىلەر

















# مىراس

قوش ئايلىق ژۇرنال

2011 - يىل 3 - سان

(ئومۇمىي 125 - سان)

## كۆكۈل - كۆكۈلدىن سۇ ئىچەر

تەبرىك خەت ........................ ئىسمائىل تىلىۋالدى (1)

ئۇنتۇلماس چاغلار ........................ مۇختار مۇھەممەد (3)

## ئالىم بولساڭ ئالەم سېنىڭكى

«مەدداھلار» ۋە داستانچىلىرىمىز ........................ رابىگۈل يۇسۇپ (4)

ئۇيغۇرلاردا بوياقچىلىق ........................ مامۇت قۇربان (22)

## ساقلىقىڭ — شاھلىقىڭ

ئەتراپىمىزدىكى شىپالىقلار ........................ توپلىغۇچى: مۇھەممەد توختى (9)

## مېۋىلىرىمىز

كۇچا ئۆرۈكى ........................ قۇربانجان ئابلىكىم ئىمىن (12)

## بۇرۇنىنىڭ بۇرۇنىسىدا

غايىب كۆكلەك ........................ توپلىغۇچى: زەينەپ ھاشىم (14)

## پەرھىزلىرىمىز

ئۇيغۇر قىز - ئاياللىرىنىڭ چاچ گۈزەللىك قارىشى ۋە چاچ پەرھىزلىرى ...

........................ شەرىپە ئابدۇغوپۇر (31)

## گۈزەللىك ئوندۇر، توققۇزى توندۇر

بادام ۋە بادام دوپپا ........................ ئەركىن داۋۇت (35)

مىللىي ئەنئەنىمىزنىڭ گۈلتاجىسى — دوپپا ...... مۇھەممەدئىمىن سابىر (51)




باش مۇھەررىر:
ۋاھىتجان غوپۇر
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر:
مۇختار مۇھەممەد
مۇھەررىرلەر:
نۇرنىسا باقى
خۇرسەنئاي مەتىمىن
ئەزىزە تۇيغۇن
جاۋابكار مۇھەررىر:
خۇرسەنئاي مەتىمىن

باشقۇرغۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئەدەبىيات - سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى
نەشر قىلغۇچى: «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى
ئۈرۈمچى شەھىرى دوستلۇق جەنۇبىي يولى 716 - نومۇر، 14 - قەۋەت
Tel: (0991) 4554017
«شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسى باسما ئىشلىرى مەركىزىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسىدىن تارقىتىلىدۇ
جايلاردىكى پوچتا ئىدارىلىرى مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن نومۇرى:
CN65 - 1130 / I
خەلقئارالىق نومۇرى:
ISSN1004 - 3829
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 60 - 58
پوچتا نومۇرى: 830001
E-mail: mirasuyghur@126.com
چەت ئەلگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: 1130BM
ئېلان ئىجازەت نومۇرى: 6500006000040
باھاسى 6.00 يۈەن
جۈپ ئاينىڭ 1 - كۈنى نەشر قىلىنىدۇ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# مەدەنىيەت مىراسلىرىمىزنى قوغداپ، مەنىۋىيىتىمىزنى ساپلاشتۇرايلى!


ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىنىڭ سىمۋوللۇق قاتلاملىرى ...
................................................ خالىدە دۆلەت (74)


## دۇنيا مىراسلىرى


تروىيا قەدىمىي خارابىلىكى .................. مېھراي نۇرمۇھەممەد (40)


## ھەر گۈلنىڭ پۇرىقى باشقا


تاجىكلارنىڭ توي ئادىتىدىكى پەرھىزلەر ......... مۇقەددەس قاسىم (44)


## يىلتىزسىز دەرەخ بولماس


ئەبۇئەلى ئىبنى سىنا ھەققىدە ئەپسانە ..............................
................... ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: گۈلھايا تۇرسۇن ئۇدمىش (48)


## يېمەكلىرىمىز


ناننىڭ تۈرلىرى ............................ مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن (62)


## ئادەت قىرىماس


ئۇيغۇرلاردا ھۆكۈمدارلارغا كىتاب سوۋغا قىلىش ئادىتى ..............
................................................ ئىمىن تاجى تۇرگۇن (65)


## 1. ئىيۇن خەلقئارا بالىلار بايرىمىنى تەبرىكلەيمىز!


مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: نەۋبەت
تەكلىپلىك كوررېكتور: ھاۋاخان ئارىپ
كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا: ئەنۋەر تىلىۋالدى
ماۋزۇ ۋە ئىچ بەت سۈرەتلەرنى لايىھەلىگۈچى: مەريەمگۈل ئىدرىس


ئىچ بەتتىكى سۈرەتلەرنى نەۋبەت تەمىنلىگەن
مۇقاۋىنىڭ 1- بېتىدىكى رەسىمنى تۇردى ئىمىن سىزغان


Chief editor: Wahitjan Ghopur
Deputy chief editor: Muhtar Muhammed
Responsible editor: Hursanay Mamtimin


# 保护文化遗产<br>捍卫精神家园


总编：
瓦依提江·吾甫尔
副总编：
穆合塔尔·穆罕默德
（法人代表）
编辑：
努尔尼沙·巴克
胡尔仙阿依·买买提明
艾孜再木·吐依洪
本期责人编辑：
胡尔仙阿依·买买提明

主管：新疆维吾尔自治区文学艺术界联合会
出版：《美拉斯》杂志社（乌市友好南路 716 号文联 14 层）
电话：(0991)4554017
印刷：新疆日报社印务中心
发行：乌鲁木齐邮局
订阅：全国各地邮局
国内统一刊号：CN65—1130/I 国外统一刊号：ISSN1004—3829 邮政代号：58—60
E_mail: mirasuyghur@126.com
海外发行代号：1130BM
广告许可证号：6500006000040
邮编：830001
定价：6.00 元

Responsible Commission: Xinjiang Uyghur Autonomous Regional Federation of Literary and Art Circles
Editor: "Miras" (Heritages) editorial department
716 # 14 floor southern frendship road Urumqi Xinjiang China
Printer: xinjiang newspaper press center
Distributioner : Urumqi post officePost offices of the whole country
Print number at home: CN65 _ 1130/I
Print number abroad: ISSN1004 _ 3829
PostCode : 58 _ 60
International Standart Book Number: 1130BM
Post Number: 830001
Tel: (0991 4554017
Price: 6¥




يەكەن ناھىيەسىنىڭ ھاكىمى ئەھەت ساھىت:

تېلېفونىڭىز ئارقىلىق يەكەن ناھىيەسىنىڭ ھازىرقى ياخشى تەرەققىيات ئەھۋالىدىن ۋە «شىنجاڭ قەشقەر يەكەن تۇنجى نۆۋەتلىك بادام دوپپا مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» ئۆتكۈزىدىغانلىقىڭلاردىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، شۇ مۇناسىۋەت بىلەن بۇ يىغىننىڭ ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەيمەن، يىغىنغا قاتناشقان بارلىق يولداشلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمەن ھەمدە سىلەر ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى، جۈملىدىن يەكەندىكى بادامچىلار، بادام دوپپا ئىجادكارلىرى ۋە ئۇلارنىڭ ۋارىسلىرى بولغان ئەقىل-پاراسەتلىك، باتۇر ۋە ئەمگەكچان، ئاق كۆڭۈل يەكەن خەلقىگە سېغىنىپ سەممىي سالام يوللايمەن.

www.uyghurkitap.com



يەكەن ناھىيەسى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىكى نوپۇسى ئەڭ كۆپ، بايلىقى مول، تارىخى ئۇزاق بولغان شانلىق قەدىمىي مەدەنىيەتلىك ناھىيە. ئۇ دۇنياۋى مۆجىزىلەردىن بولغان ئون ئىككى مۇقام يۇرتى، ئەتىۋارلىق، شىپالىق مېۋە بادام يۇرتى ۋە بادام دوپپىسى يۇرتى بولۇشتەك ئالاھىدىلىكى بىلەن مەملىكەت ئىچى-سىرتىغا داڭلىق. ئۇيغۇر دوپپىلىرى، جۈملىدىن يەكەن بادام دوپپىسى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ۋە خاسلىقىنى ئىپادىلەيدىغان ئالاھىدە مەدەنىيەت نامايەندىلىرىنىڭ بىرى، ئەجدادلاردىن قالغان بۇنداق ئېسىل ئەنئەنىگە ۋارىسلىق قىلىش، قەدىرلەش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق مەسئۇلىيىتى.

مەن خەلقىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت مىراسلىرىنى بۈگۈن ئۈچۈن ئىجادىي خىزمەت قىلدۇرۇپ، بادام دوپپا مەدەنىيىتى ئارقىلىق يەكەننى مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىغا كەڭ تەشۋىق قىلىپ، خەلقنىڭ ماددىي ۋە مەنىۋى تۇرمۇشىنى كۈنسېرى بېيىتىپ ھەر مىللەت خەلقى ئىناق، ئىتتىپاق، گۈللەنگەن، تەرەققىي قىلغان باياشات يەكەن قىلىپ قۇرۇپ چىقىشقا ئۈمىد قىلىمەن.

يىغىنغا مۇۋەپپەقىيەت، خەلقىمىزگە ئىناقلىق ۋە بەخت تىلەيمەن.

ئىسمائىل تىلىۋالدى

2011-يىل 4-ئاينىڭ 28-كۈنى

يەكەن ناھىيەلىك پارتكوم، يەكەن ناھىيەلىك خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن 2011-يىلى 5-ئاينىڭ 2-كۈنىدىن 5-ئاينىڭ 4-كۈنىگىچە قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكىمىز، «مۇقام يۇرتى» يەكەن دىيارىدا «يەكەن بادام دوپپا مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنى» تەنتەنىلىك ئۆتكۈزۈلدى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى ئەۋەتكەن تەبرىك خەت ئوقۇپ ئۆتۈلدى.

بۇ قېتىمقى يىغىنغا ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن مۇدىرى يولداش مىجىت ناسىر، ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئابدۇرازاق سايىم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 2-باشقارمىسىنىڭ باشلىقى ئابدۇرىشىت بارات، ئاپتونوم رايونلۇق مەدەنىيەت نازارىتى، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىنىڭ مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللىرى قاتناشتى. شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى گۇمانىتارلىق ئىنستىتۇتىنىڭ باشلىقى ئابدۇبەسىر شۈكۈرى ئەپەندى، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى پىروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخمان ۋە «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى، «قەشقەر» ژۇرنىلى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرى، مەدەنىيەت تەتقىقاتچىلىرى بۇ قېتىمقى مۇھاكىمە يىغىنغا تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

يىغىندا خەلقىمىزنىڭ دوپپا مەدەنىيىتىگە ئائىت ئىلمىي ماقالىلەر ئوقۇپ ئۆتۈلدى. ماقالىلەر دوپپا مەدەنىيىتىمىزنى چۆرىدىگەن ھالدا دوپپىدا ئىپادىلەنگەن مەدەنىيەت قاتلاملىرىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە چېتىلغان بولۇپ، مەخسۇس دوپپا ھەققىدە توختالغان تولىمۇ ئەھمىيەتلىك مۇھاكىمە يىغىنى بولدى. بىز ئوقۇرمەنلەرگە مۇشۇ قېتىملىق يىغىندا ئاشكار ئوقۇلغان دوپپا ھەققىدىكى ئىككى پارچە ئىلمىي ماقالىنى تاللاپ سۇندۇق.

— «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# ئۇنتۇلماس چاغلار



مۇختار مۇھەممەد

جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى ئۇيۇشتۇرغان «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 30 يىللىقىنى خاتىرىلەش پائالىيىتى پايتەختىمىز بېيجىڭدىكى «مىللەتلەر مېھمانسارىيى»دا داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈلدى. مەركەزدىكى دۆلەت رەھبەرلىرىمىزدىن مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئىسمائىل تىلىۋالدى، مەملىكەتلىك سىياسىي كېڭەشنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى يولداش ئابلەت ئابدۇرىشىت، خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقلىرىدىن بۇ خې، تۆمۈر داۋامەت قاتارلىق رەھبەرلەر قاتناشتى. يىغىنغا يەنە داڭلىق يازغۇچى تېي نىڭ خانىم، داڭلىق يازغۇچى يې مېي خانىم، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر ھەيئىتىدىن يازغۇچى ئەكبەر غۇلام ئەپەندى، مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىنىڭ 30 يىللىق خاتىرىسىگە قاتنىششقا تەكلىپ قىلىنغان ھەرقايسى مىللەتلەر تىل - يېزىقىدىكى ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرى بۇ مەرىكىگە ئىشتىراك قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىمىزدىن «مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى، «تارىم» ژۇرنىلى نەشرىياتى، «ئەدەبىي تەرجىمىلەر» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ سەنئىتى» ژۇرنىلى، «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، «تەڭرىتاغ» ژۇرنىلى، «قەشقەر» ژۇرنىلى، «يېڭى قاشتېشى» ژۇرنىلى، «ئاقسۇ ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، «كرووران» ژۇرنىلى، «قومۇل ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى، «تۇرپان» ژۇرنىلى، «مايبۇلاق» ژۇرنىلى، «تارىم غۇنچىلىرى» ژۇرنىلى، «ئىلى دەرياسى» ژۇرنىلى، «قىرغىز ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى(قىرغىزچە)، «شۇغىلا» ژۇرنىلى (قازاقچە)، «چولپان» ژۇرنىلى (موڭغۇلچە)، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى مەجمۇئەسى» ژۇرنىلى(خەنزۇچە)، «غەربىي دىيار» ژۇرنىلى (خەنزۇچە) قاتارلىق ژۇرناللارنىڭ مەسئۇللىرى بۇ قېتىمقى كاتتا مەرىكىگە تەكلىپ بىلەن قاتناشتى.

يىغىندا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى مۇھىم سۆز قىلدى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن باشلىقى يولداش تۆمۈر داۋامەت، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ سابىق

(داۋامى 13 - بەتتە)

www.uyghurkitap.com

# «مەدداھلار» ۋە داستانچىلىرىمىز

رابىگۈل يۈسۈپ



«مەدداھلار» نامىلىق ئەسەر خەلقئارادا «پاررى - لورد نەزەرىيەسى» دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقان داستانشۇناسلىقتىكى «ئاغزاكى فورمۇلا نەزەرىيەسى» نى ئىجاد قىلغان تەتقىقاتچىلارنىڭ بىرى ئالبېرت لورد (Albert Lord)نىڭ ئىلمىي ئەسىرى، بۇ ئەسەر دالا تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرى ئاساسىدا يېزىپ چىقىلغان. بۇ ئەسەر 1960- يىلى تۇنجى قېتىم نەشر قىلىنغان. 2000 - يىلى مەزكۇر ئەسەر نەشر قىلىنغانلىقىنىڭ 40 يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن قايتا نەشر قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ قايتا نەشرىگە قىسمەن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈلگەن، يەنى ئالبېرت لوردنىڭ ئۇستازى مىلمان پاررى (Milman Parry) 1933 - يىلدىن 1935 - يىلغىچە يۇگوسلاۋىيەدە يىغقان قەھرىمانلىق داستانلىرىنىڭ

ئۇنىڭغا ماتېرىيالى ۋە 1950 ـ يىلىدىن 1951ـ يىلىغىچە
يىغقان داستانلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ماتېرىياللىرى تولۇقلاپ
كىرگۈزۈلگەن.

**1. ئەسەرنىڭ ئاساسىي مەزمۇنى**

بۇ ئەسەر «نەزەرىيە» ۋە «قوللىنىشچان قىسىم»
دىن ئىبارەت ئىككى بۆلەكتىن تەركىب تاپقان. بىرىنچى
بۆلەك يەنى نەزەرىيە قىسمىدا لورد ئالدى بىلەن داستاـ
چىلارنىڭ ئورۇنداش ۋە مەشىق ماھارىتىگە مۇناسىۋەتلىك
قىسمىنى يېزىش ئارقىلىق، ئۆزى تەكشۈرگەن رايونلاردىـ
كى مەدداھلارنىڭ قانداق جەريانلاردىن كېيىن ئاندىن
مەدداھ بولالايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۇ مەدداھـ
لارنىڭ مەدداھنى ئۆگىنىش جەريانىنىڭ ئۈچ باسقۇچقا بۆـ
لۈنىدىغانلىقىنى يەنى ئەڭ دەسلەپ ئاڭلاش ۋە قوبۇل
قىلىش باسقۇچى بولۇپ، بۇ باسقۇچتا بىر ئۆگەنگۈچى بىر
مەدداھنى ئۇستاز تۇتۇپ، دائىم ئۇنىڭغا ئەگىشىپ يۈرۈپ
ئۇ مەدداھلىق قىلغاندا بىر تەرەپتە ئولتۇرۇپ كۆرۈپ ۋە
ئاڭلاپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى، بەزىلەرنىڭ مۇقىم بىرىنى
ئۇستاز تۇتماي بىر قانچەيلەننى دوراپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى،
يەنە بەزىلەرنىڭ بولسا باشقىلار ئوقۇپ بەرگەن يازما تېـ
كىستلەرنى ئاڭلاپ ئۆگىنىدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان.
ئىككىنچى باسقۇچ مەشىق قىلىش جەريانى بولۇپ، بۇنىڭ
ساز تەڭكەش قىلىشنى ۋە ئەنئەنىۋى فورمۇلا ۋە تېمىنى
ئۆگىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىغانلىقىنى، ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ
ئۇستازىنىڭ ئىجاد قىلىش ماھارىتىنى ۋە ئۇستازىنىڭ ئوـ
رۇندىشىنى دورايدىغانلىقىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئۈچىنچى
باسقۇچتا ئەگەر مەدداھلار تاماشىبىنلار ئالدىدا ئۇدا بىر
قانچە كېچە ئېيتالىغۇدەك ئەسەرلەرنى ئىگىلەپ بولغان
بولسا ھەم ئېيتالىسا، بۇ ئۈچىنچى باسقۇچنىڭ ئاخىرلاشقانـ
لىقىنىڭ، بۇ مەدداھنىڭ ھەقىقىي بىر مەدداھ بولۇپ يېتىـ
شىپ چىققانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىكەنلىكىنى، بەزىلەرنىڭ ئۈـ
چىنچى باسقۇچنى مەڭگۈ تاماملاپ بولالماي، ھەقىقىي
مەدداھ بولالمايدىغانلىقىنى تەپسىلىي بايان قىلغان. ئۇنىڭـ
دىن كېيىن «فورمۇلا»، «تېما» قاتارلىق ئۇقۇملارنى نەـ
زەرىيە جەھەتتىن شەرھلەپ، مىساللار ئارقىلىق چۈشەنـ
دۈرگەن ھەم يازما ئەدەبىيات بىلەن ئاغزاكىلىق ئەنئەـ
نىنىڭ مۇناسىۋىتى، ئاغزاكىلىق ئەنئەنىنىڭ ھازىرقى يۈزلىنىـ
شى ئۈستىدە تەھلىل ئېلىپ بارغان.

ئىككىنچى بۆلەك، يەنى «قوللىنىشچان قىسىم»دا
ئاپتور «ئىلىيادا» ۋە «ئودىسسا» قاتارلىق داستانلارنىڭ
كېلىپ چىقىش جەريانىنى ھەم مەزمۇنىنى يۇقىرىقى نەزەرـ
يەلەر بويىچە تەپسىلىي تەھلىل قىلىپ يېشىپ چۈشەندۈرـ
گەن.

پاررى بىلەن لورد ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريانىدا،
بۇ مەدداھلارنىڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدىلا ئاسانلىقچە بىر
ھەقىقىي مەدداھ بولۇپ يېتىشىپ چىقالمايدىغانلىقىنى،
ئۇلارنىڭ ئۈچ باسقۇچنى ئوڭۇشلۇق بېسىپ ئۆتكەندىن
كېيىنلا، ئاندىن ھەقىقىي مەدداھقا ئايلىنالايدىغانلىقىنى،
ئۇلار تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان رايونلاردىكى نۇرغۇنلىـ
غان مەدداھلارنىڭ ساۋاتسىز ئىكەنلىكىنى بايقىغان. ئۇنىـ
داقتا، ئۇلار شۇنچە كۆپ ھېكايىلەرنى، يەنى بىز ھازىر
داستان دەپ ئاتاپ كېلىۋاتقان، ھەم نەسرىي، ھەم شېئىـ
رىي مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ھېكايىلەرنى سۆزمۇـ
سۆز، جۈملىمۇ جۈملە يادلاپ، ئەستە ساقلاپ ئاندىن ئوـ
رۇندامدۇ؟ بۇ مەسىلىنى يېشىش ئۈچۈن پاررى بىلەن
لورد «نەق مەيدان تەجرىبىسى» ئېلىپ بارغان. ئۇلار
تەكشۈرۈش جەريانىدا مەلۇم بىر ئېيتقۇچىغا بىر داستاننى
قايتا ـ قايتا بىر قانچە قېتىم ئېيتقۇزغاندا، ھەر بىر قېتىمـ
لىق ئورۇنداشنىڭ ئوپمۇئوخشاش بولمايدىغانلىقىنى، يەنە
ئوخشاش بىر داستاننى بىر قانچەيلەنگە ئېيتقۇزغاندا،
ئۇلارنىڭ ئېيتقان داستانىدىمۇ خېلى چوڭ پەرق بولىدىغانـ
لىقىنى بايقىغان. مەيلى بىر ئېيتقۇچىنىڭ ئوخشاش بىر داسـ
تاننى بىر قانچە قېتىم ئورۇندىشىدا بولسۇن، ياكى بىر
قانچە ئېيتقۇچىلارنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشاش بىر
داستاننى ئورۇندىشىدا بولسۇن، داستان تېكىستلىرىنىڭ
بىر قىسىم جايلىرى ئۆزگەرگەن. «ئۆزگىرىشچان شەكىل
ئاساسلىقى ۋەقەلىك ھالقىلىرىنىڭ ئىنچىكىلەشتۈرۈلۈشى،
تەسۋىرلەرنىڭ قوشۇلۇشى، ھەرىكەتلەرنىڭ ئۆزگىرىشى
قاتارلىقلار بولغان، يەنە بەزى ئۆزگىرىشلەر داستان ئىچىـ
دىكى پېرسوناژلارنىڭ مەيدانغا چىقىش تەرتىپىنىڭ ئۆزگىـ
رىشى بولۇپ، بۇ يېڭى بىر خىل شەكىلنى بارلىققا كەلتۈرـ
دۇ، لېكىن داستاننىڭ ئەسلىي تېپى يەنىلا ساقلىنىپ قالىدۇ.
بەزى فورمۇلالاشقان سۆز بىرىكمىسى ۋە جۈملىلەر تۇراقـ
لىق بولۇپ ئۇلار داستاندا ئورۇندالغاندا كۆپ ئىشلىتىلـ
گەن»①.

بۇ نۇقتىلارنى داڭلىق تۈركشۇناس رادلوۋمۇ بىر قېتىملىق دالا تەكشۈرۈشى جەريانىدا بايقىغان. ئۇ داستانچىنىڭ داستاننى ھەر قېتىم ئورۇندىغاندا پۈتۈنلەي ئەستە ساقلاشقا تايىنىپ قايتا دېكلاماتسىيە قىلمايدىغانلىقىنى، شۇنداقلا ھەر قېتىملىق ئورۇنداشنىڭمۇ پۈتۈنلەي يېڭىدىن ئىجاد قىلىش ئەمەسلىكىنى بەلكى ئورۇنداش ئەنئەنىسىنىڭ قائىدىسى مۇئەييەن دائىرە ئىچىدە ئۆزگىرىش يۈز بېرىشكە يول قويىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئۇ مۇنداق قارايدۇ: «داستانچى ھەر قېتىم داستان ئورۇندىغاندا سۆزمۇسۆز، جۈملىمۇ جۈملە قايتا ئېيتمايدۇ، بەلكى شۇ چاغدىكى كەيپىياتقا ئاساسەن بەزى نۇقتىلارنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى مەزمۇنلارنى قوشىدۇ. ئۇ بىر داستاننى ھېچقانداق پەرقسىز ھالدا بىر نەچچە قېتىم ئورۇندىيالمايدۇ. بىراق داستانچى بۇ خىل قىسمەن ئۆزگەرتىۋېتىشتىن كېلىپ چىققان يېڭىلىقلارنى ئىجاد قىلىش دەپ قارىمايدۇ»②.

ئالبېرت لورد ئوتتۇرىغا قويغان ئەڭ مۇھىم بولغان «فورمۇلا» لار «داستاندا دائىم ئۇچرايدىغان پېرسوناژلارنىڭ ئىسمى، ئاساسلىق ئىش ـ پائالىيەتلىرى، ۋاقىت ھەم ئورۇن قاتارلىقلاردۇر. سورۇندىكى كىشىلەرنىڭ ئۆزگىرىپ تۇرۇشى ھەم تۇراقسىزلىقى ئېيتقۇچىلارنىڭ ئاشۇ ۋاقىتتىكى ئورۇندىشىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. تاماشىبىنلارنىڭ تۇراقسىزلىقى ئېيتقۇچىلاردىن پۈتۈن زېھنىنى يىغالايدىغان ئىقتىدارنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ھەر قېتىملىق ئورۇنداشنىڭ ھەممىسى پەقەت شۇ بىر قېتىملا بولىدۇ، ئۇ بىر قېتىملىق ئىجادىيەت، ئۇ تەكرارلانمايدۇ، شۇڭا داستانلارنىڭ پەقەت بىرلا ئىجادچىسى بولىدۇ»③.

لورد بۇ ئەسىردە يەنە يۇگوسلاۋىيەدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش جەريانىدا، ئۇ يەردىكى مەدداھلىق ئەنئەنىسىنىڭ يوقىلىشقا قاراپ يۈزلىنىۋاتقانلىقىنى، بۇ يۈزلىنىشنى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئامىلنىڭ دەل داستانلارنىڭ يەنى ھېكايىلەرنىڭ يىغىلىپ، رەتلىنىپ، يېزىققا ئېلىنىش ۋە نەشر قىلىنىش ئىكەنلىكىنى تىلغا ئالغان. نۇرغۇنلىغان ياش ئېيتقۇچىلار ساۋاتلىق بولۇپ، ئۇلار ئەدەبىي ئەسەرلەرنى ئوقۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان. ئۇلار دەسلەپتە ئۇستاز ئېيتقۇچىلاردىن ئاغزاكى ئەنئەنە ئارقىلىق يېتىپ كەلگەن ھېكايىلەرنى ئۆگىنىپ ئېيتقان، كېيىن بارا ـ بارا كىتابلاردىكى ھېكايىلەرنى يادلىۋېلىپ، ئاغزاكى ئەنئەنىۋى داستانلارنى، ھېكايىلەرنى تاشلىغان. نەتىجىدە نەق مەيداندا ئىجاد قىلىنىپ، شۇ مەيداندا ئورۇندىلىپ، تارقىلىپ كېلىۋاتقان ئاغزاكى داستانچىلىق، ھېكايىچىلىق ئەنئەنىسى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنگەن.

## 2. ئەسەرنىڭ قىممىتى

ئالبېرت لوردنىڭ «مەدداھلار» ناملىق بۇ ئىلمىي ئەسىرى بىزگە مەدداھلارنىڭ قانداق قىلىپ ھەقىقىي بىر مەدداھ بولۇپ يېتىشىپ چىقىش جەريانىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن. ئالبېرت لورد «ئاغزاكى فورمۇلا نەزەرىيەسى»نى چۈشەندۈرۈپ بېرىشتىن باشقا يەنە، بىزنى جانلىق دالا تەكشۈرۈش ماتېرىيالى ھەم ئۈلگىسى بىلەن تەمىن ئەتتى. ئالبېرت لورد ئۇستازى بىلەن دالا تەكشۈرۈش جەريانىدا ئۇنىڭغا ئېلىش بىلەن خاتىرە قالدۇرۇش ئۇسۇلىنى بىرلا ۋاقىتتا قوللانغان، يەنە داستانلارنى توپلاش جەريانىدا ئەڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مەدداھنى يەنى داستانچىنى مەركەز قىلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. ئۇلار بىر داستانچى ۋە بىر داستان ئۈستىدە قايتا ـ قايتا تەكشۈرگەن ۋە خاتىرە قالدۇرغان. ئۇلار بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي يەنە نەق مەيدان تەجرىبىسى قىلغان. بۇ دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرىنى ئۇلاردىن بۇرۇن باشقىلار ئىشلەپ كۆرمىگەن بولغاچقا بىزنىڭ ئۆگىنىشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

كېيىنكى ۋاقىتلارغا كەلگەندە لوردنىڭ «مەدداھلار» ناملىق بۇ ئەسىرى پەقەت ئاغزاكى ۋە يازما مەدەنىيەتنى تەتقىق قىلىشنىڭ نادىر ئۈلگىلىك ئەسىرى بولۇپلا قالماي، بەلكى يەنە فولكلورشۇناسلىقنىڭ ئۆلچەملىك ئوقۇشلۇقى بولۇپ قالدى.

ئېلىمىزدىكى تەتقىقاتچىلاردىن چاۋ گېجىن ئەپەندى «ئاغزاكى داستانشۇناسلىق» دېگەن كىتابىدا «پاررى ـ لورد نەزەرىيەسى» دىن پايدىلىنىپ «جاڭغىر» داستانىنى تەتقىق قىلىپ، ئۇنىڭدىكى «فورمۇلا»لارنى تېپىپ چىققان. چاۋ گېجىن «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى»نىڭ 1999 ـ يىللىق 3 ـ سانىدا ئېلان قىلغان «ئاغزاكى ئېپوسلارنى دالىدا تەكشۈرۈش مەسىلىسى بويىچە» دېگەن ماقالىسىدە ئالبېرت لوردنىڭ «مەدداھلار» ناملىق بۇ كىتابىدىكى دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ۋە جەريانلىرىنى چۈشەندۈرۈش ئارقىلىق «جاڭغىر» داستانى ھەم «جاڭغىرچى»لار تەتقىقاتىدا ساقلىنىۋاتقان بەزى مەسىلىلەر-

نى كۆرسەتكەن، شۇنداقلا بۇ كىتابتىكى دالا تەكشۈرۈش
ئۇسۇللىرىنى ئۆلگە قىلىپ كەڭ كۆلەملىك دالا تەكشۈ-
رۈش ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويغان.

### 3. ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقى

ئۇيغۇر خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تارىخىغا نەزەر سالى-
دىغان بولساق، خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىنىڭ ئاساسىي ژانىر-
لىرىنىڭ بىرى بولغان داستانلارنى توپلاش خىزمىتى خېلى
بۇرۇن باشلانغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ خىزمەت 80 - يىل-
لاردىن كېيىن ئاندىن رەسمىي قانات يايدۇرۇلغان ھەم
خېلى كۆپ ساندىكى داستانلار توپلىنىپ نەشر قىلىنغان،
بۇ خۇشاللانغۇدەك ئىش. بىراق داستانچىلىق تەتقىقاتىمىز-
دا خېلى بوشلۇقلار ساقلانماقتا. بىزنىڭ تەتقىقات ساھەيى-
مىزدە ھازىرغا قەدەر خەلق داستانلىرىنى بىزگىچە يەتكۈ-
زۈپ كېلىۋاتقان، خەلق تەرىپىدىن «مەدداھلار»، «ۋايىز-
لار» دەپ ئاتىلىپ كېلىنىۋاتقان داستانچىلارغا نىسبەتەن
تېخى ھېچقانچە تەكشۈرۈش، تەتقىقات خىزمىتى ئىشلەنمە-
دى، ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە 2007 - يىل 12 - ئايدا،
«شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى» دا ئېلان قىلىن-
غان «خوتەن خەلق داستانچىلىقىدىن ئۇيغۇر خەلق داستان-
چىلىقىغا بىر نەزەر» ناملىق ماقالىسىدە تىلغا ئالغاندەك،

ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىرى بارغانسېرى ئازلاپ كېتىۋات-
ماقتا. ھازىر ئۇيغۇرلار توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان بەزى
رايونلاردىن داستانچىلارنى تاپقىلى بولمايدۇ.

ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىرىمۇ ئەنە
شۇنداق لوردىنىڭ «مەدداھلار» ناملىق ئەسرىدە تەس-
ۋىرلەنگەن مەدداھلاردەك دەسلەپ ئاڭلاش ئارقىلىق قۇ-
لىقىنى پىشۇرىدۇ ھەم داستانلارنىڭ مەزمۇنىنى ئەستە قال-
دۇرىدۇ، بەزىلىرى داستانلارنى ئاھاڭغا سالىدۇ، يەنە بە-
زىلىرى ھەرىكەتلىرى بىلەن داستاندىكى مەزمۇنلارنى بىر-
لەشتۈرۈپ، داستاننىڭ تەسىرچانلىقىنى كۈچەيتىپ مەدداھ-
لىق قىلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ئۇلار سورۇنغا چۈشۈپ نومۇر
ئورۇندايدۇ، ئۇلار نومۇر ئورۇندىغاندا، بىراقلا ئېسىدە
بار، ئۆزى مەشىق قىلغان داستاننىڭ ھەممىسىنى ئېيتىۋەت-
مەيدۇ، بەلكى ئۇستاز بولغۇچى دەسلەپ ئۆز شاگىرتىنىڭ
ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، ئۇنىڭغا ئۆزى ئەڭ ئۇستا،
ياخشى ئېيتالايدىغان بۆلەكلىرىنى ئېيتقۇزىدۇ. شاگىرت
بولغۇچى دەسلەپتە بىر ئاز جىددىيلىشىدۇ، ئۇستازى بۇنى
ئەمەلىي ئەھۋالغا قاراپ تەڭشەيدۇ، ھەم كېيىن شاگىرتى-
نىڭ سورۇنغا، ھەم ماھارەتكە بولغان كۆنۈشى بىلەن
ئۇنىڭ داستان ئېيتىدىغان ۋاقتىنى بارا - بارا ئۇزارتىدۇ
ھەمدە ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭ مۇستەقىل داستان
ئېيتىشىغا رۇخسەت قىلىدۇ.

ئۇيغۇر خەلقى ئىچىدىكى داستانچىلارمۇ
ئۇستاز تۇتۇش ئارقىلىق داستان ئېيتىشنى ئۆ-
گىنىدۇ. بەزىلىرى بىر ئادەمنى ئۇستاز تۇتۇپ
ئۆگەنسە، يەنە بەزىلىرى بىر قانچەيلەننى
ئۇستاز تۇتۇپ ئۆگىنىدۇ، بەزىلىرى سەييارە
يۈرۈپ داستان ئېيتىش جەريانىدا، ئۆزى
بارغان جايلاردىكى داستانچىلارنىڭ ئارتۇق-
چىلىقلىرىنى ئۆگىنىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىرىمۇ ئەڭ
ئاۋۋال داستان ئېيتىلغان سورۇنلارغا بېرىپ
داستانلارنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ مەزمۇنىنى
پىششىق ئىگىلەپ بولغاندىن كېيىن ئاھاڭغا
سېلىپ مەشىق قىلىدۇ، پىشقاندا سورۇنغا
چۈشۈپ داستان ئېيتىدۇ. بۇ داستانچىلارمۇ
داستان ئېيتىش ۋاقتىنى سورۇننىڭ كەيپىياتىغا



قاراپ تەڭشەيدۇ، ئەگەر سورۇندا ئادەم كۆپ، كەيپىيات يۇقىرى بولسا ئۇلار داستانلارنى تولۇق ئېيتىدۇ، ئەگەر ئادەم ئاز، كەيپىيات تۆۋەن بولسا ئۇلار داستانلارنى قىسقارتىپ ئېيتىدۇ.

هازىر ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىرى ئارىسىدا، داستانلارنى ئۆزگەرتىپ ئېيتىدىغانلار ئىنتايىن ئاز، ئۆزگەرتكەندىمۇ داستانلارنىڭ ئاز بىر قىسىم جايلىرىنى ئۆزگەرتىدۇ.

ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقى مەرھۇم شاھ مەمەت ئاكىدەك داستانچىلارنىڭ ئالەمدىن ئۆتۈشى بىلەن ئۈزۈلۈپ قېلىشقا يەنى يوقىلىشقا قاراپ يۈزلەنمەكتە. بىز تا بۈگۈنكىچە ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدىكى داستانچىلارنىڭ تۇرمۇش سەرگۈزەشتىلىرىدىن، ئۇلارنىڭ قانداق قىلىپ بىر داستانچى بولۇپ يېتىشىپ چىققانلىقى، ئۇلارنىڭ داستانلىرىنىڭ داستان ئېيتىش جەريانىدا ئۆزگىرىدىغان ياكى ئۆزگەرمەيدىغانلىقى، ئۇلارنىڭ قانداق ئەھۋالدا قانداق داستانلارنى ئېيتىدىغانلىقى... قاتارلىق ئۇيغۇر داستانچىلىرىنىڭ بىر قاتار ئەمەلىي پائالىيىتىدىن بىخەۋەرمىز. مېنىڭچە، بۇ جەھەتتىكى تەكشۈرۈش، تەتقىقاتنىڭ كەمچىل بولۇشى ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنىڭ بىر سەۋەبى بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ جەھەتتىكى خىزمەتلەر ياخشى ئىشلەنسە، خەلقىنىڭ داستانچىلارنى چۈشىنىشىگە مەلۇم جەھەتتىن ياردىمى بولۇشى، بۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم داستان ئۆگىنىشنى خالايدىغان، ئىزباسار داستانچىلار يېتىشىپ چىقىشى مۇمكىن.

ئالبېرت لوردنىڭ «مەدداھلار» ناملىق ئەسىرىدىكى دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ۋە نەزەرىيەلىرى ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقى تەتقىقاتىدا پايدىلىنىش قىممىتىگە ئىگە قوللانما ھەم مېتود. پاررى لورد ئىشلەتكەن دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى نەزەرىيەلىرىدىن پايدىلىنىپ قىممەتلىك داستانچىلىرىمىزنىڭ داستانلىرىنى قايتا ـ قايتا خاتىرىگە ۋە ئۈن ـ سىنغا ئېلىپ، بۇ داستانچىلارنىڭ ئۆسۈپ ـ يېتىلىش جەريانلىرىنى ھەم تۇرمۇش شارائىتلىرىنى ئەتراپلىق ئىگىلەپ، ئۇلار ئورۇندىغان داستانلارنى مۇۋاپىق بولغان نەزەرىيەلەر بىلەن تەھلىل ۋە تەتقىق قىلىپ، ئۈزۈلۈپ قېلىش گىردابىدىكى ئەنئەنىۋى داستانچىلىقىمىزنى ساقلاپ قېلىشىمىز، داستانچىلىرىمىزنى كەڭ خەلق ئاممىسىغا تونۇتۇشىمىز كېرەك.

ئالبېرت لوردنىڭ بۇ ئىلمىي ئەسىرىنىڭ نەزەرىيە ۋە دالا تەكشۈرۈش ئۇسۇللىرى ئەمەلىي قوللىنىشچانلىققا ئىگە. ئۇنىڭ نەزەرىيە ئۇسۇللىرىنى ئۇيغۇر داستانچىلىق تەتقىقاتىدا، شۇنداقلا خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى تەتقىقاتىدا قوللىنىشقا بولىدۇ. بۇ ئىلمىي نەزەرىيە، ئۇسۇللار بىلەن خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئەسەرلىرىمىزنى ۋە ئۇلارنى بىزگە يەتكۈزۈپ بەرگۈچىلىرىمىزنى تەتقىق قىلىش خىزمىتى تەتقىقاتچىلارنىڭ ئىشلىشىنى كۈتمەكتە.

ئىزاھلار:

① جون مىلېس فولى(john Miles foley): «ئاغزاكى فورمۇلا نەزەرىيەسى»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر كىتابلىرى نەشرىياتى، 2000 ـ يىل 8 ـ ئاي، 1ـ نەشرى 80 ـ بەت.

② چاۋ گېجىن: «ئاغزاكى داستانشۇناسلىق»، گۇاڭشى خەلق نەشرىياتى، 2000 ـ يىل، 11 ـ ئاي، 1 ـ نەشرى.

③ چاۋ گېجىن: «ئاغزاكى ئېپوس، داستانلارنى دالا تەكشۈرۈش مەسىلىسى بويىچە»، «مىللەتلەر ئەدەبىياتى تەتقىقاتى» 1999 ـ يىللىق 3 ـ سان.

پايدىلانمىلار:


1. گۆھەرنىسا ئابلىكىم: «داستانشۇناسلىقتىكى ئاغزاكى فورمۇلا نەزەرىيەسى توغرىسىدا»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى، 2007 ـ يىللىق 4 ـ سان.

2. ياسىن مۇھەممەدنىياز تېكە: «خوتەن خەلق داستانچىلىقىدىن ئۇيغۇر خەلق داستانچىلىقىغا بىر نەزەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2007 ـ يىللىق 4 ـ سان.


(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2008 ـ يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

## تۈزىتىش

دىققەتسىزلىكىمىزدىن 2011ـ يىلى 1ـ ساندا «ئۆمۈر چولپانلىرى» ناملىق ماقالىدىكى نامەت تۇردى بىلەن ئەبەيدۇللا نەسرىدىننىڭ سۈرىتى ئالمىشىپ قالغان، ئوبۇلقاسىم كېرەمنىڭ سۈرىتى بېرىلمىگەن.

شۇڭا مۇشۇ مۇناسىۋەتتە سۈرەت ئىگىلىرى، ئاپتور ۋە كەڭ ئوقۇرمەنلەردىن كەچۈرۈم سورايمىز.

«مىراس» ژۇرنىلى نەشرىياتى

# ئەتراپىمىزدىكى شىپالىقلار



بىز كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا، ئۇنداق-مۇنداق، ئۇششاق-چۈششەك كېسەللىكلەردىن خالىي بولالمايمىز. بۇ ئۇششاق كېسەللەرنى ئەتراپىمىزدىكى ئۆسۈملۈكلەر ۋە ھەرخىل مېۋىلەر، مېۋە شەربەتلىرى بىلەنمۇ داۋالىغىلى بولىدۇ.

## قامغاقنىڭ شىپالىق رولى

قامغاق كىشىلەر تەرىپىدىن ھېچقانداق قىممىتى يوق دەپ قارىلىدىغان، ئوتخور ھايۋانلارمۇ ئانچە يېمەيدىغان، ئېتىز قىرلىرى، يول بويلىرى ۋە چۆل جەزىرىلەردە كۆپ ئۆسىدىغان سامان غوللۇق ئۆسۈملۈك.

قامغاقنىڭ ئۆزىگە خاس مۇنداق دورىلىق خۇسۇسىيىتى بار.

ياز ۋە كۈز پەسىللىرىدە دىققەتسىزلىكتىن ھەرە چېقىۋېلىش ئەھۋالى دائىم كۆرۈلۈپ تۇرىدۇ، ھەرە چاققاندا يەرلىك ئورۇن ئىششىدۇ. ئېچىشىپ قاتتىق ئاغرىپ ئادەمنى بىئارام قىلىدۇ. ھەرە زەھرىگە زىيادە سېزىمچانلىقى بار كىشىلەرنىڭ پۈتۈن بەدىنى ئىششىدۇ، بۇنداق چاغدا باشقا دورا ۋە ئۇسۇللار ئاسانلىقچە كار قىلمايدۇ. بۇ چاغدا قامغاقنىڭ غولى ۋە يوپۇرمىقىنى ئېزىپ، سۈيىنى ھەرە چاققان ئورۇننىڭ ئۈستى ۋە ئەتراپىغا قايتا-قايتا سىڭدۈرۈپ سۈرتۈپ بەرسە، ئاز ۋاقىت ئىچىدە يەرلىك ئورۇننىڭ ئېچىشىپ ئاغرىشى توختايدۇ ھەمدە دائىرىسى كېڭىيىپ ئىششىشىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

## ئەنجۈر سۇيۇقلۇقىنىڭ شىپالىق رولى

ئەنجۈر سۇيۇقلۇقى — ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئۆسۈۋاتقان نوتىسى ئۇچىدىن ياكى ياپراقنىڭ ئاستىدىن كەسكەندە سىرغىپ چىقىدىغان سۈتسىمان سۇيۇقلۇق. دەسلەپتە چىققىنى ھەم قويۇق، ھەم سۈتتەك ئاق بولىدۇ. بارغانسېرى رەڭگى سۇسلىشىپ، ئاخىرىدا سۇ ھالىتىگە كېلىدۇ. ئەنجۈر سۇيۇقلۇقىنى قۇرۇق جاراھەتلىك تېرە كېسەللىكلىرى ۋە سۆگەل قاتارلىقلارغا سىرتتىن ئىشلەتكەندە ئۈنۈمى دورا بىلەن داۋالىغاندىكىگە قارىغاندا كۆرۈنەرلىك ياخشى بولىدۇ. بولۇپمۇ، ئۇنىڭ دەسلەپكى سىرغىپ چىققان قويۇق ۋە سۈتتەك قىسمىنىڭ شىپالىق رولى تېخىمۇ يۇقىرى بولىدۇ. تەمرەتكىنىڭ ئۈستىدىن ھەر كۈنى ئىككى-ئۈچ ۋاق سىڭدۈرۈپ سۈرتۈپ بېرىلسە، بىر-ئىككى ھەپتىدە ياخشىلىنىپ كېتىدۇ. سۆگەلنىڭ ئۈستى ۋە بېغىش قىسمىدىن ھەر كۈنى ئىككى-ئۈچ ۋاق سىڭدۈرۈپ سۈرتۈپ بېرىلسە سۆگەل قارىداپ ئۆزلۈكىدىن چۈشۈپ كېتىدۇ. ئەنجۈر سۇيۇقلۇقىنىڭ تەمى ئاچچىق بولۇپ، كۆيدۈرۈش تەسىرىگە ئىگە بولغانلىقتىن ئۇنى سۈرتۈپ بىر-ئىككى مىنۇتتىن كېيىن يەرلىك ئورۇندا

ئېچىشىش سېزىمى كۆرۈلىدۇ. بەش مىنۇت ئىچىدە بۇ سېزىم ئۆزلۈكىدىن يوقىلىدۇ. بۇ سۈيۈقلۇقنى ئىشلەتكەندە تېرىنىڭ ساق قىسمىغا ۋە شەلۋەرەپ تۇرىدىغان جاراھەتلەرگە ئىشلەتمەسلىك كېرەك.

## قىمىزنىڭ شىپالىق رولى

قىمىزنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ، ئىسسىقنى قايتۇرىدۇ. مۇۋاپىق مىقداردا ھەر كۈنلۈكى ئىچىپ بەرسە، ئىشتەيىنى ئاچىدۇ. بەدەننى قۇۋۋەتلەپ، قاننى تولۇقلايدۇ. شۇڭا ھەرخىل تىپتىكى قان ئازلىقتا شىپا بولىدۇ. قىمىز سۈيدۈكنى ھەيدەپ بۆرەك ياللۇغىغا شىپا بولىدۇ. يۈرەك قان تومۇر كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. بولۇپمۇ قان بېسىمىنى چۈشۈرۈش ۋە خولېستېرىننى تۆۋەنلىتىشتە ئۈنۈمى كۆرۈنەرلىك. قىمىزنى ئىچكەندىن كېيىن، قان ئايلىنىش تېزلىشىدۇ. بەدەن سەل قىزىيدۇ. مېڭىنى ئارام ئالدۇرىدۇ. ئۇيقۇنى ياخشىلايدۇ. ئويغانغاندا مېڭە ئالاھىدە سەگەكلىشىپ، ئادەم روھلۇق بولىدۇ، داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە نېرۋا ئاجىزلىقتا شىپا قىلىدۇ ۋە ئۆپكىنى تازىلاپ، ئۆپكە تۇبېركۇليۇزغا شىپا بولىدۇ. بۇنىڭدا قىمىزنى ئىچىپ، ئارقىدىن قوزا گۆشى بېرىلىدۇ. ئۆپكە تۇبېركۇليۇزى سوزۇلما خاراكتېرلىك كېسەللىك بولغاچقا، ماددا ئالمىشىش بۇزۇلىدۇ. قىمىز ماددا ئالمىشىشنى تەڭشەپ، بەدەننىڭ كېسەللىككە بولغان قارشىلىق كۈچىنى ئاشۇرىدۇ. قىمىز تەركىبىدە مەلۇم مىقداردا ئىسپىرت بولۇپ، تۇبېركۇليۇز مىكروبى ئىسپىرتقا نىسبەتەن چىدامسىز بولغاچقا، تۇبېركۇليۇز مىكروبىنى ئۆلتۈرۈش ۋە تىزگىنلەش رولىغا ئىگە. قىمىز ئىستېمال قىلغاندا ھاراق، مۇچ قاتارلىق غىدىقلىغۇچى نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلماسلىق كېرەك.

## قارا ئۆرۈكنىڭ شىپالىق رولى

قارا ئۆرۈكنىڭ تەركىبىدە ئاقسىل، ماي، قەنت ۋىتامىن C، ۋىتامىن B، ۋىتامىن B2 ۋە تۆمۈر قاتارلىق ماددىلار بار. قارا ئۆرۈكنىڭ تەبىئىتى سوغۇق بولۇپ يۇقىرى قان بېسىمىنى چۈشۈرىدۇ ، تەرەتنى يۇمشىتىدۇ، باش ئاغرىقنى پەسەيتىدۇ، قىزىتمىنى ياندۇرىدۇ، كۆڭۈل ئېلىشىش، قۇسۇش ياكى قۇرۇق يۆتىلىشنى توختىتىدۇ. ئىشتەيىنى ئېچىپ ھەزىم قىلىشنى ياخشىلايدۇ. زۇكامنى داۋالايدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ. قارا ئۆرۈكتىن مۇۋاپىق ئىستېمال قىلىپ تۇرغاندا چوڭ-كىچىك تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ، باش ئاغرىش، سەپرا خاراكتېرلىك قىزىتما، كۆپ ئۇسساش قاتارلىق ھەرخىل كېسەللىكلەرگە شىپا بولىدۇ. ئادەتتە قارا ئۆرۈكنى باشقا دورىلار بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ بىر مەزگىل ئىچىپ بەرسە قاننى تازىلاپ، قان ئايلىنىشنى راۋانلاشتۇرىدۇ. بەدەندىكى زەھەرلىك ماددىلارنىڭ سىرتقا چىقىرىلىشىنى تېزلىتىپ، زۇكام، مېڭە پەردە ياللۇغى، ھەرخىل سەۋەبلەردىن كېلىپ چىققان جىگەر كېسەللىكى، خولېرا ۋە قىزىش قاتارلىق كېسەللىكلەرگە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. قارا ئۆرۈك، ئەينۇلا، ئىت ئۈزۈمى قاتارلىقلارنى قوشۇپ دەملەپ ئىچىپ بەرسە، زۇكامدىن بولغان قىزىتما، گال قۇرۇش، ئېغىز ياللۇغى، ئانگىنا، ئاۋاز بوغۇلۇش، قىزىل چېچەك، كېزىك، يۇقىرى قان بېسىمى، قان بېسىمى داۋاملىق يۇقىرى ھالەتتە تۇرۇش، ئارتېرىيە قان تومۇر قېتىشىش، يۈرەك سانجىقى ۋە يۈرەك مۇجۇپ ئاغرىش كېسەللىكلىرىگە شىپا بولىدۇ. ئادەتتە قارائۆرۈكنى قايناقسۇغا چىلاپ دەملەپ ئىچسە ھەرخىل كېسەللىكلەرگە، بولۇپمۇ زۇكامغا ئىنتايىن تېز پايدا قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

بىراق شۇنىمۇ كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، قارائۆرۈكنى كۆپ ئىستېمال قىلىۋەتسە ئاشقازاننى سوۋۇتىدۇ، شۇڭلاشقا قارا ئۆرۈكنى قىيام قىلىپ يېگەن ياخشى.

## ئەنجۈرنىڭ شىپالىق رولى

ئەنجۈرنىڭ تەبىئىتى ھۆل ئىسسىق بولۇپ تەرەتنى يۇمشىتىش، يەل تارقىتىش، چىراينى پارقىرىتىش، سەمرىتىش، بەلغەم بوشىتىش، سۈيدۈك ھەيدەش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە بولۇپ قەۋزىيەت، ئۆپكە كېسەللىكى، يۆتەل، چېچەك كېسەللىكى، تال ئىششىقى، جىگەر ۋە تال توسۇلۇش، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، ھەيز توسۇلۇش، سۈيدۈك تېمىپ كېلىش، مېڭە ئاجىزلىقى قاتارلىق كېسەللىكلەرگە شىپا قىلىدۇ.

ئەنجۈر قېقى بەدەندىكى كېرەكسىز ماددىلارنى يوقىتىدۇ. ئەنجۈر قېقىنىڭ تالقىنى جاراھەت سۈيىنى يوقىتىدۇ. ئەنجۈر قېقى قايىنىلتىلغان سۇدا ئېغىز چايقالسا، تىل ۋە كاناي ئىششىقلىرى يانىدۇ. ئەنجۈرنىڭ ھەسەل بىلەن قايىنىتىلغان سۈيى كۆكرەكنى، ئۆپكىنى تازىلايدۇ. ئەنجۈر سۈيى قورساق ئاغرىقىغا پايدا قىلىدۇ. ئەنجۈر قېقى ياڭاق مېغىزى بىلەن سوقۇلغاندىن كېيىن كاپ ئېتىلسە، ئىشتىھا ئېچىلىدۇ. لېكىن كۆپ ئىستېمال قىلىنسا جىگەر ۋە ئاشقا-

زىنى ئاجىز كىشىلەرگە زىيان قىلىدۇ.

## جىگدىنىڭ شىپالىق رولى

جىگدە قۇرۇق سوغۇق بولۇپ كۆڭۈلگە خۇشلۇق يەتكۈزۈش، بەدەننى قۇۋۋەتلەش، نېرۋىنى تىنچلاندۇرۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش، سۈيدۈك ماڭدۇرۇش، مەنىنى تۇتۇش خۇسۇسىيىتىگە ئىگە. پىشقان جىگدە مېۋىسى، كۆز قاراڭغۇلىشىش، ئىسسىقتىن بولغان يۆتەل، ئومۇمىي بەدەن ئاجىزلىقى، باش ئاغرىقى، ئاشقازان ئاجىزلىقى، سەپرادىن بولغان تولغاق، سۈيدۈك تۇتۇلۇش، سۈيدۈكنىڭ تېمىپ كېلىشى، قۇسۇش، ئىچى سۈرۈشنى توختىتىش قاتارلىقلارغا ئىشلىتىلىدۇ. بولۇپمۇ ئىچى سۈرگەن بالىلارغا بەك مۇۋاپىق كېلىدۇ. پىشقان جىگدە مېۋىسى بىلەن شەربەت تەييارلاپ ئىچسە ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ. جىگدىدە ناھايىتى كۆپ قەنت ماددىسى بار، بولۇپمۇ نان جىگدىسىدىكى قەنت ماددىسى 50 ـ 60 پىرسەنتنى تەشكىل قىلىدۇ. جىگدىنىڭ يېلىمى سانائەتتە ۋە داۋالاش ئىشلىرىدا سەمغى ئەرەبنىڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدۇ.

چەت ئەلدە جىگدە ئاشقازان كېسەللىكلىرىنى داۋالاشتا، ئىچ ئۆتكۈنى توختىتىشتا، سىركىگە چېلىنىپ كۈندە بىر قانچە قېتىم 10 ـ 20 تالدىن ئىچىلىش ئارقىلىق بەدەننى قۇۋۋەتلەشكە ئىشلىتىلىدۇ.

جىگدە چېچىكىنىڭ تەبىئىتى قۇرۇق ئىسسىق، ئۇ مېڭىنى قۇۋۋەتلەيدۇ، مەنىنى قوزغايدۇ، يۇقۇملۇق كېسەللىكلەرگە مۇداپىئە قىلىدۇ. جىگدە چېچىكى شەربىتى ھەرخىل مېڭە كېسەللىكلىرىگە، كۆكرەك ئاغرىقلىرىغا، دەم سىقىلىشقا، ئۆپكە جاراھەتلىرىگە، ئاشقازان، باھنى قۇۋۋەتلەشكە، جىگەر، تالنىڭ توسالغۇلىرىنى ئېچىشقا، يەللەرنى تارقىتىشقا، بەزگەك كېسىلىگە، تالنىڭ بۇزۇلغىنىغا پايدا قىلىدۇ.

جىگدە چېچىكىنى سوقۇپ، خېمىر قىلىپ جاراھەتلەرگە تېڭىش ياكى قايناتىپ مۇپاسىل، سۇسلاپ كەتكەن پەيلەرنى ياغلاشقا پايدىلىق، ئۇ يەنە چاچنى ئۆستۈرىدۇ. جىگدە چېچىكى گۈلقەنتىنىڭ ئەر ـ ئاياللاردىكى بەلبۆرەك، بالياتقۇ، ئاشقازان سوۋۇپ ئاجىزلاشقان، شەھۋەت سۇسلاشقا مەنپەئەتى ئالاھىدە ياخشى. جىگدە چېچىكى گۈلقەنتى تېپىلمىغان ئەھۋالدا ئىشەنچلىك جىگدە چېچىكى ھەسىلىمۇ بولىدۇ. ھەسەل چوقۇم كۆنەكتە ياخشى پىشقان، ھېچقانداق ئارىلاشما بولمىغان ئىشەنچلىك ھەسەل بولۇشى كېرەك.

## بېھىنىڭ شىپالىق رولى

بېھى ئادەتتە بەدەننى قۇۋۋەتلەش، قان كۆپەيتىش، ماغدۇرسىزلىق ۋە روھسىزلىقنى تۈگىتىش، سۈيدۈكنى راۋانلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىلىدۇ. بېھىنىڭ سىقىپ چىقىرىلغان سۈيى بىر نەچچە كۈن تۇرغۇزۇلۇپ ئېچىتىلغاندىن كېيىن، تاشقى ئەزالارنىڭ ئىششىقىغا چېپىپ بېرىلسە مەنپەئەت قىلىدۇ. جىگەر كېسىلىگە يېغىدىن گىرىپتار بولغانلار، ئاشقازان ـ ئۈچەي كېسەللىكى ۋە ئىچى سۈرۈش، ئىشتىھاسىزلىق كېسەللىكلىرىگە گىرىپتار بولغان كىشىلەر مۇۋاپىق مىقداردا بېھى ئىستېمال قىلسا پايدىلىق. بولۇپمۇ بالىلاردا كۆرۈلگەن ئۈچەي ـ ئاشقازان كېسەللىكلىرىگە بېھى ئالاھىدە شىپا قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا ئون گىرام بېھى بىلەن ئون گىرام بەھمەن 500 گىرام ئەتراپىدىكى سۇدا 200 گىرام قالغۇچە قايناتىلىپ، ھەر كۈنى ئۈچ قېتىم، ھەر قېتىمدا بەش ـ ئالتە گىرامدىن ئىچىپ بېرىلسە، قان ئازلىق كېسەللىكى، قان ئازلىق تۈپەيلىدىن بەدەن مۇسكۇللىرىدىنىڭ تارتىشىپ قېلىشى ۋە رېماتىزىم خاراكتېرىنى ئالغان شامالدارىش كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. لېكىن يۇقىرىقىدەك كېسەللىكلەرگە گىرىپتار بولغان سوغۇق مىجەزلىك كىشىلەر بېھى ئىستېمال قىلسا بولمايدۇ. بىراق بېھىنى قىيام قىلىپ ھەسەل، ئارپابەديان ۋە ئەنسۇن قاتارلىقلار بىلەن قوشۇپ ئىستېمال قىلسا بولىدۇ. بېھى تەركىبىدىكى ۋىتامىن C ئاپېلسىنغا قارىغاندا ئىككى ھەسسە كۆپ بولۇپ، بېھىنى داۋاملىق ئىستېمال قىلىپ بەرسە ئۆت خالتىسى كېسەللىكلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدۇ.

بېھىنى سىقىپ سۈيى ئېلىنىپ تەييارلانغان شەربەت يۈرەك، ئاشقازاننى قۇۋۋەتلەيدۇ، تېرىنى پارقىراق قىلىدۇ. يۈرەك، ئاشقازان، ئۈچەي ئاجىزلىقلىرى، نېرۋا، جىگەر كېسەللىكلىرىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. ئىشتىھاسىزلىق، كۆڭۈل ئېلىشىش، سېزىكنى پەسەيتىش، ئىچ سۈرۈش قاتارلىقلارغا ئىستېمال قىلىشمۇ بولىدۇ، تاماقتىن بۇرۇن بىر ـ ئىككى قوشۇق ئىچسە بولىدۇ.

توپلىغۇچى: مۇھەممەد توختى
(كەلپىن ناھىيە يۇرچى يېزا يۇرچى ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# كۇچا ئۆرۈكى

قۇربانجان ئابلېكىم ئىمىن

كۇچا ئۇزاق تارىخقا ئىگە. خەلقىمىز بۇ يۇرتتا دېھقانچىلىق ۋە باقمىچىلىقتىن باشقا باغۋەنچىلىك بىلەنمۇ شۇغۇللانغان. تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن بۈيۈك راھىب شۈەنزاڭ كۇچا توغرىسىدا توختىلىپ: «كۇسەندىن نەشپۈت، ئالما، شاپتۇل، ئۆرۈك كۆپ چىقىدۇ»، دەپ مەلۇمات بەرگەن. بۇنى كۇچادىكى شامالباغ، دۆلەتباغ، بېھىشباغ، ئىپارباغ دېگەندەك باغ نامى بىلەن ئاتالغان يەر - جاي ناملىرى ناھايىتى ئېنىق دەلىللەپ بېرىدۇ. كۇچانىڭ باغۋەنچىلىكىدە كۇچا ئۆرۈكى ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدىغان بولۇپ، شىنجاڭنىڭ مېۋە - چېۋە بازارلىرىدا ۋە خەلق ئاغزىدا «كۇچا ئۆرۈكى»دېگەن نام ماركا سۈپىتىدە تىلغا ئېلىنىدۇ. كۇچا ئۆرۈكلىرىنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، ئاق كىشمىش، قاپاق كىشمىش، قىزىل قۇممەت، قىزىل قاچا، مانتا ئۆرۈك، چىلگە ئۆرۈك... قاتارلىق 22 خىل تۈرى بار، ئاق كىشمىش ئۆرۈك كۇچا ئۆرۈكلىرىدىنىڭ سەرخىلى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۆرۈك 3 - ئايدا چېچەكلەپ، 6 - ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىدا پىشىدۇ. بۇ ئۆرۈكنىڭ رەڭگى ئاق، سۈزۈك، شەكلى سەل ئۇزۇنچاقراق، تەمى بەك تاتلىق، شىرنىلىك، گۆشلۈك بولۇپ، تەبىئىتى مۆتىدىل مېۋىدۇر. ئۇنى دائىم ئىستېمال قىلىپ بەرگەندە چوڭ تەرەتنى راۋانلاشتۇرۇپ ئىچنى بوشىتىدۇ، ئۈچەينى راۋانلاشتۇرىدۇ، بەدەننى سەمرىتىدۇ، رەڭگىرويىنى گۈزەللەشتۈرىدۇ.

ئاق كىشمىش ئۆرۈك كۇچانىڭ ھەرقايسى يېزا - بازارلىرىغا كەڭ تارقالغان. كۇچا ئاسىيا، ياۋروپا چوڭ قۇرۇقلۇقىنىڭ ئىچكىرىسىگە جايلاشقان. ئۇنىڭ كىلىماتى تىپىك مۆتىدىل بەلباغنىڭ چوڭ قۇرۇقلۇق خاراكتېرىدىكى قۇرغاق كىلىماتىغا خاس خۇسۇسىيەتكە ئىگە. تۇپرىقى مۇنبەت بولۇپ، باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشقا ماس كېلىدۇ. خەلقىمىز ئەجدادلىرىدىن تارتىپ، بۇ جايدا ئۆرۈك، ئەنجۈر، ئانار، ئالۇچا، ئۈزۈم، شاپتۇل قاتارلىق مېۋىلەرنى يېتىشتۈرۈپ باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللانغان. كۇچادا قەدىمدىن تارتىپ مەشھۇر باغۋەنلەر ئۆتكەن بولۇپ، يېقىنقى يىللاردىلا كېرەم كۆك بېشى، سامى ھاجى، ئەيسا قارى، ھېلىم ھاجىم قاتارلىق مەشھۇر باغۋەنلەر كۇچانىڭ باغۋەنچىلىكىدە ئىز قالدۇرۇپ كەتكەن. كىشىلەر ئۆرۈك مەھسۇلاتلىرىنى بىر تەرەپتىن ھۆل ھالەتتە ھەرقايسى بازارلارغا يۆتكەپ كىشىلەرنىڭ ئېھتىياجىنى

قاندۇرسا، يەنە بىر تەرەپتىن قۇرۇتۇپ ، قاق سوپىتىدە سوۋغا ـ سالامغا يىراق ـ يېقىنلارغا ئەۋەتكەن. ھەتتا ئۇنى بازارغا سېلىپ شىنجاڭ ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بازىرىنى تەمىنلىگەچكە كۇچا قاقلىرىنىڭ داڭقى چىقىپ كەتكەن.

ئەجدادلىرىمىز ئۆرۈكنى بورا ئۈستىگە يېيىپ ئاپتاپقا سېلىپ، ئۇنى يامغۇردىن ۋە كۈچلۈك كۈن نۇرىدىن ساقلاپ قۇرۇتقان، بۇنداق قاق قۇرۇتۇش ئۇسۇلى ھازىرمۇ مەۋجۇت. بۇ ئۇسۇلدا قۇرۇتۇلغان قاقنى «قارا قاق» دەيمىز. بۇ قاق ئاق سېرىق، تاتلىق، تەبىئىتى ئىسسىق، سوغۇق مىجەز كىشىلەر ئۇزاق ۋاقىت ئىستېمال قىلسا ئاشقازان ئاجىزلىقى ۋە قىزىلئۆڭگەچ راكى، ئۈچەي كېسەللىكىگە مەنپەئەت قىلىدۇ. 1936 ـ يىلى كۇچادا ئۆرۈكنى گۈڭگۈرت بىلەن ئىسلاش باشلانغان.

كېتىدىغان ماتېرىيال ۋە ئەسۋاب: سۈپەتلىك ئۆرۈك، گۈڭگۈرت، ئىسلاق ئوچىقى، سېۋەت، بورا.

ئىش باسقۇچلىرى:

1. پىشقان ئۆرۈكنى قېقىپ سۇدا يۇيىمىز.

2. يۇيۇلغان ئۆرۈكنى سېۋەتكە قاچىلاپ سۈيى سارقىغىچە تۇرغۇزۇپ، ئاندىن ئۇنى ئىسلاق ئوچىقىدىكى بالداقلارغا بىر قەۋەت تەكشى تىزىپ، ئىسلاق ئوچىقى ئەتراپىنى قېلىن نەرسە بىلەن ھەم ئېتىپ ئاستىغا گۈڭگۈرت بىلەن ئوت يېقىپ ئىسلايمىز.

3. ئۈچ سائەتتىن ئالتە سائەتكىچە تۇرغۇزغاندىن كېيىن سېۋەتتىكى ئۆرۈكنى ئىسلاقتىن چىقىرىپ، بورىغا تەكشى يېيىتىمىز. ئۈچ كۈندىن يەتتە كۈنگىچە قۇرۇيدۇ. ئارىلىقتا ئۆرۈپ تەكشۈرۈلۈپ تۇرۇلىدۇ.

كۇچانىڭ ئاق كىشمىشىنىڭ قاقلىرى سۈزۈكلۈكى، يېپىشلىك بولۇشى بىلەن ئاپتونوم رايون ۋە ئىچكىرى ئۆلكىلەرنىڭ بازارلىرىدا ئەتىۋارلىق.

(ئاپتور: كۇچا ناھىيە ئۈچئۈستەڭ يېزىلىق ئەمگەك كاپالەت ئىشخانىسىدا)

(بېشى 3 ـ بەتتە)

مۇئاۋىن باشلىقى يولداش بۇخې، ئاتاقلىق يازغۇچى مالچىنخۇ قاتارلىقلار مىللەتلەر مەدەنىيەت، ئەدەبىيات ـ سەنئەت ئىشلىرى ئۈچۈن قوشقان زور تۆھپىلەرگە يارىشا تارتۇقلاندى.

يىغىندا «مىللەتلەر ئەدەبىياتى» ژۇرنىلىدا 30 يىلدىن بۇيان قولغا كەلتۈرۈلگەن ئۇتۇقلار، نەتىجىلەر، ژۇرنال ئەتراپىغا ئۇيۇشقان يازغۇچىلار ۋە ژۇرنالنىڭ كەلگۈسى تەرەققىيات نىشانى قاتارلىقلار توغرىسىدا كەڭ كۆلەمدە توختىلىپ ئۆتۈلدى.

يىغىن ئاخىرلاشقاندىن كېيىن پايتەختتىكى ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بەس ـ بەستە ئەدەبىيات ـ سەنئەت نومۇرلىرىنى كۆرسەتتى. ئەنئەنىۋى ئۇيغۇر ئۇسسۇلى ئورۇندالغاندا شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن تەكلىپ بىلەن يىغىنغا قاتناشقانلار قىزغىن كەيپىياتتا ئۇسسۇلغا چۈشتى ۋە مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدىنى ئۇسسۇلغا تارتتى. ئىسمائىل تىلىۋالدى ئاكىنىڭ جۇشقۇن كەيپىياتتا كۆپچىلىك بىلەن تەڭ ئۇسسۇل ئوينىشىغا ئەگىشىپ پايتەختتىكى نۇرغۇن مەشھۇر يازغۇچىلارمۇ ئۇسسۇلغا چۈشۈپ يىغىن ئەھلىنى تاڭ قالدۇرغىدەك قىزغىن كەيپىياتتا بۇ كاتتا مۇراسىمغا تېخىمۇ يۈكسەك قىزغىنلىق ئاتا قىلدى. شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن بۇ قېتىمقى مەركەزگە تەكلىپ بىلەن قاتناشقانلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئىسمائىل تىلىۋالدىنىڭ كىچىك پېئىللىقىغا، يىغىن ئەھلىگە كۆرسەتكەن سەممىيىتىگە، كۆپچىلىك بىلەن ۋاقىت چىقىرىپ مۇڭدىشىپ، پىكىرلەشكىنىگە ھەمدە چارچىغىنىغا قارىماي يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ تەلىپى بويىچە خاتىرە سۈرەتلەرگە چۈشكەنلىكىگە ئاپىرىن ئېيتتى. شۇنچە ئالدىراش بولسىمۇ يىغىندا ئىمكانقەدەر كۆپچىلىك بىلەن ھال ـ مۇڭ بولغانلىقىدىن بەكمۇ تەسىرلەندى. مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل تىلىۋالدى شىنجاڭدىن تەكلىپ بىلەن بۇ قېتىمقى مەركەزگە قاتناشقان ژۇرنال مەسئۇللىرىغا ژۇرنالنى ياخشى باشقۇرۇش، نادىر ئەسەرلەرنى خەلق ئاممىسىغا ۋاقتىدا سۇنۇش، مىللىي مەدەنىيەتنى يۈكسەلدۈرۈش قاتارلىق مەزمۇنلاردا مۇھىم يوليورۇق بەردى. يىغىن قاتناشقۇچىلىرى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى يولداش ئىسمائىل تىلىۋالدى بىلەن ئۇنتۇلغۇسىز، ئەھمىيەتلىك مىنۇتلارنى بىرگە ئۆتكۈزدى.



# غايىب كۆڭلەك

بار ئىكەنۇ يوق ئىكەن، ئاچ ئىكەنۇ توق
ئىكەن، قەدىمكى زاماندا، يامىت دېگەن ئەلدە
بىر باي قاسساپ ئادەم ياشايدىكەن. بۇ ئادەم
باي-باياشات تۇرمۇش كەچۈرىدىكەن، بىراق
هاياتىدا پەرزەنت يۈزى كۆرمىگەن ئىكەن.
شۇڭلاشقا ئەر-ئايال ئىككىسى كېچە-كۈندۈز
«خۇدا، بىزگە بىر پەرزەنت بەرسەڭ» دەپ تى-
لەيدىكەن. ئاخىر بۇلارنىڭ چىن دىلى بىلەن تى-
لىگەن تىلەكلىرى ئىجاۋەت بوپتۇ-دە، بىر
ئوغۇل پەرزەنت كۆرۈپتۇ. بىراق تەقدىر
شۇنداق رەھىمسىز بولسا كېرەك، بالا تۇغۇلۇپ
دۇنياغا كۆز ئېچىپتۇيۇ، قەدىردان ئاتا تۇيۇقسى-
زلا بىتاپ بوپتۇ-دە، ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ. يالغۇز
قالغان مېھرىبان ئانا بۇ بىر تال بالىسىنى باغرى-
غا بېسىپ ئەتىۋارلاپ، ئاتىسى يوقلۇقنى بىلىن-
دۈرمەي بېقىپ چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشۇپتۇ، بۇ
بالىنىڭ ئىسمى زۇلتۇ ئىكەن.

زۇلتۇ كالتە پەم، ئانىسىغا ۋاپاسىز بولۇپ
چوڭ بوپتۇ. زۇلتۇ بىر كۈنى تۇيۇقسىزلا ئانى-
سىغا:

— ئانا، مېنىڭ دادام باي ئۆتكەن ئادەم،
زادى دادامدىن ماڭا قانداق نەرسە مىراس
قالغان؟ — دەپ سوراپتۇ. ئانىسى:

— داداڭدىن ساڭا ھېچ نەرسە قالغان
ئەمەس، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. زۇلتۇ ئانىسى-
نىڭ سۆزىگە پەرۋا قىلماي، ئۆزىنىڭ يۇقىرىقى
سوئالىنى تەكرارلاپ تۇرۇۋاپتۇ. يۇمشاق

كۆڭۈل ئانىنىڭ يۈرىكى ئېزىلىپ كۆڭلى بۇزۇلۇپتۇ ـ دە، ئوغلىغا ئىچى ئاغرىپتۇ. «بار ـ يوقى بىر تال ئوغلۇم، مەندىن قالسا بەربىر مۇشۇ بالامغا قالىدىغۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، ئوغلىغا:

— بالام، راستىنى ئېيتسام، داداڭدىن ساڭا بىر ئالتۇن قاپچۇق قالغان. ئۇنىڭ ئاجايىپ خىسلىتى بار، قۇلاق سېلىپ ئاڭلا. قاپچۇقتىن ئىككى تىللا ئۈزۈلمەسلىكى كېرەك. ئۇنداق بولمىسا ئالتۇن قاپچۇقنىڭ خىسلىتى تامامەن تۈگەيدۇ. كېرەك بولغاندا ئىككى تىللا بىلەن قاپچۇقنى شاراقلىتىپ سىلكىيسەن، شۇ ۋاقىتتا ئىككى تىللا تۆت بولىدۇ، سىلكىسەڭ تۆت تىللا سەككىز بولىدۇ، سەككىز تىللا 16 بولۇپ كۆپىيىۋېرىدۇ. هوشيار بول بالام، ئالتۇن قاپچۇقنىڭ سىرىنى هېچكىمگە ئېيتما! — دەپتۇ. تەمكىنى يوق زۇلتۇ قاپچۇقنى ئانىسىدىن تېزرەك ئېلىۋېلىشقا ئالدىراپتۇ. ئانىسى قاپچۇقنى ئۇنىڭغا بېرىشى بىلەنلا زۇلتۇ خۇشاللىقىدىن ۋارقىراپ ـ جارقىرىغىنىچە يۈگۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىپتۇ، ئانا نېمە قىلارىنى بىلمەستىن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قاراپلا قاپتۇ.

بەڭباش، ئەقىلسىز زۇلتۇ ئۆيدىن چىقىپلا ياخشىيۇ يامان، ئاچ ـ توق بىر توپ ياشلارنى كەينىگە ئەگەشتۈرۈپ، شۇ شەهەردىكى داڭقى بار بىر چوڭ ئاشپۇزۇلغا بېرىپتۇ هەم كۆپچىلىك ئالدىدا قولىدىكى ئالتۇن قاپچۇقنىڭ خىسلىتىنى بىر ـ بىرلەپ سۆزلەشكە باشلاپتۇ. يەنە:

— ئاشپەز ئۇستىلار، سۆزۈمگە قۇلاق سال ! ئارقامغا ئەگەشتۈرگەن شۇنچە كۆپ دوستلىرىمنى ياخشى مېهمان قىلىڭلار، خىلمۇخىل تاماقلار بىلەن بۇلارنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇڭلار. بۈگۈن بارلىق هۈنىرىڭلارنى كۆرسىتىڭلار. مەندە مۇنۇ ئالتۇن قاپچۇق بار، — دەپ شاراقلىتىپ، سىلكىپ بارغانسېرى كۆپىيىۋاتقان تىللالارنى كۆرسىتىپتۇ. بۇنىڭ بىلەن ئاشپەزلەر پۇت ـ پۇتىغا تەگمەي يۈگۈرۈشكە باشلاپتۇ، هەسەتخورلارنىڭ ئىچلىرى ئاداپ، كۆزلىرى چاناقلىرىدىن چىقىپ كېتىپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي ئالتۇن قاپچۇق ۋەقەسى پادىشاهنىڭ قۇلىقىغا يېتىپتۇ. پادىشاه:

«كۆپ يىللار شاهلىق تاجىسىنى كىيدىم. خەزىنەم ئالتۇن ـ كۈمۈشكە تولغان، ئۆزۈم نۇرغۇن ئەل ۋە قورغانلارنى سورايمەن، نامىم ئالەمگە مەشهۇر. مېنىڭ خەزىنەمدە يوق مۇنداق ئالتۇن قاپچۇق قول ئاستىمدىكى پۇقرادا بولسا قانداق بولىدۇ» دەپ ئويلاپتۇ ـ دە، بىر ئامال قىلىپ زۇلتۇنى ئۆز ئوردىسىغا مېهمانغا چاقىرماقچى ۋە ئالتۇن قاپچۇقنى ئېلىۋالماقچى بوپتۇ. ئوردا هۈنەرۋەنلىرىنى چاقىرتىپ شۇ ئالتۇن قاپچۇققا ئوخشاش قاپچۇق ياساپ چىقىشنى بۇيرۇپتۇ. ئەنە شۇنىڭدىن كېيىن ئادەم تەيىنلەپ، باغاقچە يېزىپ زۇلتۇغا ئەۋەتىپتۇ. باغاقتا مۇنداق دېيىلگەن ئىكەن: «تەۋەيىمدىكى شەهەردە تۇرۇشلۇق ياش داڭلىق باي زۇلتۇ ئەزىمەتنى شاهلىق ئوردامغا مېهمانغا تەكلىپ قىلىمەن. دەل ۋاقتىدا كېلىپ مەن بىلەن دىدارلىشىشنى كۈتىمەن» دەپ مۆهرىنى بېسىپ، ئات ـ ئۇلاغ، ئادەملەر بىلەن بىللە ئەۋەتىپتۇ.

باغاقنى ئېلىپ كۆرەڭلەپ كەتكەن زۇلتۇ ئارقىسىغا ئەگەشتۈرگەن ئادەملىرى بىلەن پادىشاهنىڭ ئوردىسىغا قاراپ يول ئاپتۇ. پادىشاهلىقتىن زۇلتۇنىڭ يولىغا پايانداز سايتۇ هەم مېهماندارچىلىقنى باشلىۋېتىپتۇ، تائاملار يېيىلىپ ئوتتۇرىلاشقاندا، پادىشاه ئوتتۇرىغا چىقىپ، زۇلتۇنىڭ ماختىسا ئاسمانغا ئۇچىدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلىۋالغاچقا كىشىلەر ئالدىدا:

— باي غوجامنىڭ ئالتۇن قاپچۇقى بار ئوخشايدۇ، كۆرۈپ باقسام، قاپچۇقنىڭ خىسلەتلىرى بارمىش، ئاڭلاپ باقسام بولارمىكىن؟ — دەپتۇ، شاهنىڭ گېپىنى ئاڭلاش بىلەنلا ئەقىلسىز زۇلتۇ ئالتۇن قاپچۇقنى قولىغا ئېلىپ ئېگىز كۆتۈرۈپ هەممىگە كۆرسىتىپتۇ، ئۇنىڭ خىسلەتلىرىنى تەكرار ـ تەكرار ئېيتىپ چۈشەندۈرۈپتۇ، ئوردا هۈنەرۋەنلىرىمۇ ئالتۇن قاپچۇقنىڭ شەكلى، رەڭگىنى ئوچۇق كۆرۈپتۇ، پادىشاه تاماقتىن كېيىن مېهمانلارنى باغقا سەيلىگە تەكلىپ قىپتۇ، زۇلتۇ تون ـ چاپانلىرىنى ئالتۇن قاپچۇق بىلەن بىللە جايىدا قالدۇرۇپ، هېچ گۇمان ئەيلىمەي ئىشەنچ بىلەن باغقا كىرىپ كېتىپتۇ، ئۇلار باغ سەيلىسىدىن يېنىپ كەلگۈچە پادىشاهنىڭ هۈنەرۋەنلىرى تەرىپىدىن خۇددى ئاشۇ قاپچۇققا ئوخشاش ياسالغان قاپچۇق بىلەن زۇلتۇنىڭ قاپچۇقى ئالماشتۇرۇۋېتىلىپتۇ. زۇلتۇ پادىشاهنىڭ مېهماندارچىلىقىدىن قايتىپتۇ. ئۇ قاپچۇقنىڭ پادىشاه تەرىپىدىن ئالمىشىپ ئالماشتۇرۇپ ئېلىنغانلىقىدىن بىخەۋەر ئىكەن. كۆپ ئۆتمەي ئۇ كەينىدە ئەگىشىپ يۈرگەن ئادەملەرنىڭ قورسىقىنى يەنە بىر قېتىم تويغۇزۇپ قويماقچى بوپتۇ ـ دە، ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ هېلىقى داڭدار ئاشپۇزۇلغا بېرىپتۇ. بۇ يەردە كۆپ خىل تاماقلار ـ

نى بۇيرۇتۇپتۇ. ئاشپۇزۇلچىلارمۇ ئالدىراپ يۈرۈپ دېگەننىڭ ھەممىسىنى تەييارلاپ بېرىپتۇ. ئاخىرىدا زۇلتۇ تەكەببۇرلۇق بىلەن ئالتۇن قاپچۇقنى شاراقلىتىپتىكەن ھېچنېمە چىقماپتۇ. نۇرغۇن ئادەمنىڭ يېگەن تاماقلىرىنىڭ پۇلىنى تۆلەشكە ئىمكانىيەت بولماپتۇ. زۇلتۇنىڭ يۈزى چۈشۈپ كىشىلەر ئالدىدا رەسۋا بوپتۇ. ئەنە شۇ چاغدىلا ئانىسىنىڭ «ئالتۇن قاپچۇقنىڭ سىرىنى ھېچكىمگە ئېيتما!» دېگەن سۆزى ئېسىگە كەپتۇ-دە، قاپچۇقنىڭ پادىشاھ تەرەپتىن تېگىشىپ ئېلىنغانلىقىنى بىلىپتۇ. پۇشايماننى ئالدىغان قاچا تېپىلماپتۇ. زۇلتۇنىڭ ھاڭۋېقىپ تۇرۇپ قالغىنىنى كۆرگەن ئاشپۇزۇلچىلار غەزەپ بىلەن ئۇنىڭغا ئېتىلىپتۇ. ئۇلار «ھالىڭغا قاراپ ئىش قىلساڭ بولمامدۇ سولتەك؟» دەپ ھەممىسى بىر بولۇپ ئۇنى ئۇرۇپ، پۇتۇن ئەزايى-بەدىنىنى قان قىلىپ، چالا ئۆلۈك قىلىپ، خىلۋەت بىر جايغا ئاپىرىپ تاشلىۋېتىپتۇ.

زۇلتۇ ھوشىغا كېلىپ، ياتار ۋاقتىدا ئۆز ئۆيىگە كېلىپ دەرۋازىنى قېقىپتۇ. ئانىسى «بۇ ۋاقىتسىز كەلگەن كىمكىنە؟» دەپ چىقىپ قارىسا، كۆز ئالدىدا ئۆز ئوغلى ئاشۇنداق خاراب ھالدا تۇرغىدەك، ئانا ئۆز كۆزىگە ئۆزى ئىشەنمەي قاپتۇ. بىچارە ئانىنىڭ ئالتۇن قاپچۇقنى ئېلىپ يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتكەن ئوغلىنى كۆرۈشى مۇشۇ ئىكەن. ئانىنىڭ ئوغلىغا ئىچى ئاغرىپ ئۇنى يەنە باغرىغا بېسىپتۇ ھەم تېۋىپلارغا كۆرسىتىپ ساقايتىپتۇ ۋە ئوغلىغا «ياخشى ئادەم بول بالام، بۇنىڭدىن كېيىن ئاتا كەسپى قاسساپچىلىقنى قىل، ئۆيدىن چىقىپ كەتمە» دەپ نەسىھەت قىپتۇ.



شۇنداق قىلىپ كۈنلەر ئۆتۈپتۇ، ئايلار ئۆتۈپتۇ. بىر كۈنى زۇلتۇ يەنە تۇيۇقسىزلا ئانىسىغا:

— ئانا، دادام ئۆز ۋاقتىدا بايلىق توپلىغان ئادەم ئىكەن. بىزگە ئۇنىڭدىن زادى نېمىلەر قالغان؟ — دەپتۇ. ئانا بۇ بىۋاپا بالىسىدىن كۆڭلىدە قاتتىق نارازى بولغان بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ يالغۇزلۇقى، ياشىنىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ، بىر تال بالىسىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىن خاراب بولۇپ كېتىشىنى خالىماپتۇ، ئاق كۆڭۈل ئانا «راست دەيسەن ئوغلۇم، داداڭ يۇرت ئىچىدە تۆتىنىڭ بىرى ئىدى، ئەقىل-پاراسەتلىك ئىدى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ بىزگە مۆجىزىلىك، قىممەتلىك نەرسىلەرنى قالدۇرغان. ھازىر بىزدە باشقا ھېچ نەرسە قالمىدى. پەقەت بىرلا غايىب كۆڭلەك قالدى. بالام بۇنىڭ خىسلىتى زور، كىشىنى تەڭداشسىز كۈچ قۇدرەتكە ئىگە قىلىدۇ. ئۇ كەڭ-كۇشادە كۆڭلەك ھەم قىممەت باھالىق تەيتۇللادىن تىكىلگەن، كۈن نۇرىدا ئالتۇندەك چاقنايدۇ. ئاۋۋال ئوڭ قولۇڭنى ئوڭ يەڭگە سالىسەن، ئاندىن سول قولۇڭنى سول يەڭگە سالىسەن. ئاندىن كۆڭلەكنى كىيىسەن، كۆڭلەكنى كىيىشىڭ بىلەنلا غايىب بولىسەن، ئالەمنى كېزىسەن، ئادەملەر سېنى كۆرمەيدۇ، لېكىن سەن ھەممە نەرسىنى كۆرۈپ تۇرىسەن. مەن خاسىيەتلىك كۆڭلەكنى ئۇزاق يىللاردىن بېرى يوشۇرۇن ساقلاپ كېلىۋاتىمەن. ئەمدى ھوشيار بول، بۇنى مەن ساڭا بېرەي، ساق بېرىپ سالامەت كەل، دۈشمىنىڭدىن ئۆچۈڭنى ئال» دەپتۇ ۋە دۇئا قىپتۇ. زۇلتۇ ئانىسىنىڭ سۆزلىرىنىڭ قەدرىگە يەتمەپتۇ. دەرھال ئانىسىنىڭ قولىدىن غايىب كۆڭلەكنى ئاپتۇ-دە، ئۇنى كىيىشكە ئالدىراپتۇ، ئۇ كۆڭلەكنى ئېلىپ كىيىپتۇ-دە، شۇ ھامان غايىب بوپتۇ. ئۇ خۇددى قۇيۇن تازدەك كۆكتە ئۇچۇپ قۇدرەتلىك يامىت ئېلىنىڭ پادىشاھىنىڭ ئوردا-ھەرەملىرىگە قاراپ مېڭىپتۇ ۋە كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە يېتىپ كەپتۇ. قارىسا، ئالتۇن-تىللالاردىن يەتتە قەۋەت قىلىپ سېلىنغان ئالتۇن سارايلارنىڭ 7-قەۋىتىدە پادىشاھنىڭ ئارزۇلۇق، ئەركە قىزى مەلىكە تۇرارمىش. بۇ ھەشەمەتلىك ئالتۇن سارايىنى كۆرۈپ زۇلتۇنى سۈر بېسىپتۇ-دە، سوغۇق تەرگە چۈمۈپتۇ. ئۇ ئۆز-ئۆزىگە «مەن راست غايىبمۇ؟» دەپتۇ، يەنە پىچىرلاپ «غايىبلار دىۋە-

پەرىلەر ۋە جىن-شاياتۇنلار ئەمەسمۇ؟ دۇنيادا غايىب بولالىغان مەندىن باشقا ئادەممۇ بارمىدۇ؟ ئوردىغا كىرسەم مېنى بىرى كۆرۈپ قالارمۇ؟» دەپتۇ. ئۇ قەتئىي نىيەتكە كەپتۇ-دە، ئۇچقاندەك ئالتۇن سارايلارغا كىرىپ كېتىپتۇ. زۇلتۇ كىرىپ قارايدۇكى، 1- قەۋەتتە ئوردا مالايلىرى بىر-بىرىگە باقماي ئالدىراش ئىش قىلىۋاتقۇدەك، 2- قەۋەتتە ۋەزىر-ۋۇزرالار كاللا قاتۇرۇپ مەسلىھەت قىلىشىۋاتقۇدەك، 3- قەۋەتتە مەلىكىنىڭ 40 كېنىزەك-چۆرىلىرى قىزغىن بەزمە قىلىۋاتقۇدەك، 4- قەۋەتتە قورال-لانغان ئوردا قاراۋۇللىرى بىر نەرسە ئۈستىدە تالاش-تارتىش قىلىۋاتقۇدەك، 5- قەۋەتتە پادىشاھ تەختتە ئولتۇرغۇدەك، باشقا ھەرەم ئەھلىلىرى توققۇز تەزىم بىلەن پادىشاھدىن ئىجازەت سوراپ تۇرغانمىش. 6- قەۋەتتە ئالتۇندىن ياسالغان زىبۇ-زىننەت، مەرۋايىت، ياقۇت، بىرلىيانتلارنى تاقىغان خانىش بىر نەچچە ھەمراھلىرى بىلەن ئولتۇرغۇدەك، 7- قەۋەتتە مەلىكە تۇرغۇدەك، مەلىكە دېرىزىدىن يىراق-يىراقلارغا تىكىلىپ تۇرغانمىش. زۇلتۇ ئاي دېسە ئاي ئەمەس، كۈن دېسە كۈن ئەمەس ئاجايىپ چىرايلىق مەلىكىنى كۆرگەندىن كېيىن تىللىرى گەپكە كەلمەس، قولاقلىرى ئاۋاز ئاڭلىماس، كۆزلىرى ھېچ نەرسىنى كۆرمەس بولۇپ مەلىكىگە تىكىلىپ قاپتۇ. زۇلتۇ مەلىكىگە ئاشىق-بىقارار بوپتۇ. مەلىكە ماڭسا تەڭ مېڭىپتۇ، ئولتۇرسا ئولتۇرۇپتۇ. زېرەك مەلىكە ئۆي ئىچىدە يات ئادەمنىڭ ھىدى كەلگەنلىكىنى سېزىپتۇ. ئۇ شۇ ھامان ئانىسى خانىشنىڭ قېشىغا چىقىپ بولغان ئەھۋالنى ئۇقتۇرۇپتۇ. كۆپنى كۆرگەن خانىش ئويلىنىپ تۇرۇپ قىزىغا شۇنداق بىر ئەقىل كۆرسىتىپتۇ:

— قىزىم، بۇ ئىشنى ئاتاڭ ئۇقمىسۇن، ئىككىمىز بۇنىڭ چارىسىنى قىلايلى، خەلقئالەم ئىچىگە ئاڭلىنىپ كەتمىسۇن. شاھلىق شەنىمىزگە داغ تېگىدۇ. شاھ ئاتاڭمۇ بىزنى تىرىك قويمايدۇ. قىزىم، سەن ھوشيار بولغىن، بۇ ئىشنىڭ سىرىنى ئاچقىن، ئۇ ئادىمىزات ياكى جىن ئالۋاستى بولۇشى مۇمكىن. ئەڭ ياخشى چارە، مەيلى نېمە بولسا بولسۇن، ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ گەپ قىلىپ باقايلى، ئۇنىڭدىن بىرەر ئېغىز سۆز چىقىپ قالسا، قانداق مەخلۇق ئىكەنلىكىنى بىلىۋالىمىز-دە، ئاندىن ئۇنىڭ چارىسىنى قىلىمىز، — دەپتۇ.

زۇلتۇ بولسا مەلىكىنى كۆرۈپ ھەممىنى يادىدىن چىقىرىپتۇ، دۈشمىنىدىن ئۆچ ئېلىشنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپتۇ. مەلىكە ئەتراپقا دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ، قارىسا، ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئۆزلۈكىدىن ئېچىلىپ يېپىلىۋاتقۇدەك، بەزىدە قانداقتۇر بىر ئادەم ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كېلىپ تۇرغۇدەك، ئۇنىڭ تىنىقلىرىمۇ ئاڭلىنىۋاتقۇدەك. مەلىكە قاتتىق بىر شۈركىنىپتۇ. شۇنداق بولسىمۇ ئېغىر بېسىقلىق بىلەن ئۆزىنى تۇتۇۋاپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن بولىدىغان ئىشلارنى يۈرەكلىك بىلەن كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. زۇلتۇ مەلىكىگە قاراپ، «ماڭا مەيلى بار ئوخشايدۇ» دەپ مۇھەببىتىنى ئىزھار قىلىشقا تاقىتى-تاق بوپتۇ-دە، بېرىپلا مەلىكىنىڭ قولىغا ئېسىلىپتۇ. مەلىكە قاتتىق ۋارقىرىۋېتىپتۇ. قىزىدىن ئەنسىرەپ تۇرغان خانىش يۈگۈرۈپلا كىرىپتۇ، خانىش بىلەن مەلىكە ئېنىق بولمىغان غايىب مەخلۇققا يالۋۇرۇپتۇ.

— قورقماڭلار، مەن ئادەم، ئىسمىم زۇلتۇ. مېنى بۇ يەرگە ئېلىپ كەلگەن ئۈستۈمدىكى كۆڭلەك. بۇنى ئۇچامغا كىيسەم غايىب بولىمەن، كىشىلەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيمەن. بىراق مەن كىشىلەرنى ۋە باشقا ھەممە نەرسىلەرنى كۆرەلەيمەن، — دەپتۇ-دە، كۆڭلەكنى ئۈچىسىدىن سېلىشقا باشلاپتۇ. زۇلتۇ غايىب كۆڭلەكنى ئۈچىسىدىن سالغاندا ئاۋۋال ئۇلۇغ يەڭنى، كېيىن سول يەڭنى سالىتىكەن، ئۆزىنى ئېغىر ھېس قىپتۇ ھەم ئېسىلزادە خېنىملارغا يېرىم ياتا كۆرۈنۈپتۇ. كۆڭلەكنى بېشىدىن چىقىرىۋېتىكەن، زۇلتۇ پۈتۈنلەي كۆرۈنۈپتۇ. غايىب كۆڭلەكنى ئېلىۋالغۇچە بۇ خېنىملار ئۆز نىيەتلىرىنى ھەرگىزمۇ بىلدۈرمەپتۇ ۋە:

— ئادىمىزات ئىكەنلا، ئەمدى كۆڭلىمىز تىنچلاندى. قولىلىرىدىكى ئاشۇ ئاجايىپ خىسلەتلىك كۆڭلەكنى كۆرۈپ باقساق بولامدۇ؟ — دەپتۇ. زۇلتۇ ھېچ ئويلانماي غايىب كۆڭلەكنى خانىشقا بېرىپتۇ. خانىش كۆزنى چاقنىتىپ تۇرغان غايىب كۆڭلەكنى قولىغا ئېلىۋېلىپلا غەزەپ بىلەن:

— كېلىڭلار! — دەپ ۋارقىراپتۇ. شۇ ھامان:

— لەببەي، پەرمانىڭىزنى بەجا كەلتۈرىمىز! — دەپ تەييار بوپتۇ جاللاتلار، خانىش:

— بۇ ھايۋاننى ئېلىپ مېڭىڭلار، كۆنىپىتىش تامانىدىكى چوڭ دەريانىڭ بويىغا ئاپىرىپ، ساسلىقتىكى ئادەم سۆمۈرىدىغان پاتقاققا پاتۇرۇۋېتىڭلار، ئەمما كىشىلەر بىلمىسۇن، ھېچكىمگە تىنماڭلار. ئوردىنىڭ ئارقا ئىشىكىدىن ئاستىلا ئېلىپ چىقىپ كېتىڭلار، بۇ ئىشنى باشقىلار بىلىپ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com





قالسا، بېشىڭلارنى تېنىڭلاردىن جۇدا قىلىمەن، — دەپ پەرمان بېرىپتۇ. زۇلتۇ ئۆزىنى جاللاتلار سۆرەپ ئېلىپ ماڭغاندا نالە قىلىپ، داد-پەرياد ئۇرۇپ، زار-زار قاقشىغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ قىلچە پايدىسى بولماپتۇ. ئەخمەق زۇلتۇ بۇ گۈزەل مەلىكىنىڭ ماڭا بەرسە ھېلىغۇ بىر غايىپ كۆڭلەك ئىكەن، ئۇنىڭدىن چوڭراق نەرسەم بولسىمۇ ئەلۋەتتە بېرىۋېتىمەن، دەپ ئويلاپتىكەن. ئەمما ئەمدىلىكتە ياش جېنىمدىن ئايرىلىپ قالىدىغان بولدۇم دەپ مېھرىبان ئانىسىنى ئويلاپ، ھەسرەتلىك قان ياشلىرى بىلەن يەنە بىر قېتىم پۇشايمان-نادامەت قىپتۇ.

پەرمان شۇ بويىچە ئىجرا قىلىنىپتۇ. زۇلتۇغا ئەجەل يەتمىگەن بولسا كېرەك، ئادەمنى سۈمۈرۈپ كېتىدىغان پاتقاقلىققا تاشلانماي، ساسلىقتىكى چىملىق ئۈستىگە تاشلىنىپتۇ، ئۇ ھوشسىز ھالدا يېتىپتۇ، لېكىن قانچىلىك ياتقىنى بىزگە نامەلۇم.

دەريانىڭ قىرغىقىدا ئۇزاقتىن بېرى يالغۇز ياشاپ كەلگەن بىر چوپان بار ئىكەن. ئۇ ياشانغان ئادەم بولۇپ، ھەم دېھقانچىلىق قىلىدىكەن، ھەم مال-چارۋا باقىدىكەن. ئۇ بىر كالىسىنى ئىزدەپ بۇ دەريا بويىدىكى ساسلىققا كېلىپ قاپتۇ-دە، ھوشسىز ياتقان زۇلتۇنى كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇنىڭ ياش يىگىتكە بەكمۇ ئىچى ئاغرىپتۇ ۋە ئاتنىڭ ئالدىغا ئېلىپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. تەجرىبىلىك بوۋاي ھەر ئاماللار بىلەن ئۇنى ھوشىغا كەلتۈرۈپتۇ. ئۇ ئوبدان ھالىغا كەلگەندىن كېيىن سوراپ ھەممە ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپتۇ. ئۇ زۇلتۇغا:

— ئوغلۇم، پادىشاھ بىلەن دۈشمەنلىشىپسەن، نادانلىقىڭ چەكتىن ئېشىپتۇ. شۇ ۋەجىدىن قولۇڭدىكى ئامەتلىرىڭ قېچىپتۇ. پۇقرانىڭ قاياشى پۇقرا بولىدۇ. ئەمدى بىخۇد بولما! قولاق سال، ئوغۇل بالىغا ئامەت كېلىۋەرمەيدۇ. ياشلىقىڭنى قەدىرلە، ئاناڭنى رازى قىل. تېزرەك بار. ئۇ بىچارە ئاناڭ نە ھالدا؟ ئاتا كەسپى ئۇلۇغ بولىدۇ. بولسا ئاتا كەسپىنى داۋاملاشتۇر. يامىت ئىلى كىچىك ئەل ئەمەس، ئېتىكى كەڭرى، يىراق-يىراقلارغا كۆچۈپ كەت، — دەپ نەسىھەت قىپتۇ. ھېچكىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىمايدىغان زۇلتۇغا دانىشمەن چوپاننىڭ گەپلىرى ئاجايىپ تەسىر قىپتۇ، ھەتتا كۆزلىرىگە ياش ئاپتۇ ۋە چوپان بو-

ۋايغا:

— ئاتا، رەھمەت سىزگە، مېنىڭ ھاياتىمنى قۇتقۇزۇپ قالدىڭىز. ئانامنىڭ يېنىغا تېزرەك باراي. سىزنى يەنە چوقۇم ئىزدەيمەن، — دەپتۇ، چوپان:

— يول بولسۇن بالام، دۈشمەنلەر ئىزىڭدا، باشقىلار بىلمەيدىغان يوللار بىلەن ماڭغايسەن، ئامان بول، — دەپ ئارقىسىدىن ئۇزىتىپ چىقىپ، ئۇنىڭ قارىسى يىتكۈچە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۆز يۇرتى ئۆزىگە تونۇش بولغاچقا، زۇلتۇ چىغىر يوللار بىلەن ئۆزىنىڭ ئۆيىگە يېتىپ بېرىپتۇ، ئانىسىنى قىچقىرىپتۇ. يالغۇزلۇق جېنىغا پاتقان ئانا، بالىسىنىڭ ئاۋازىنى تونۇپ ئىنتىزارلىق بىلەن يۈگۈرۈپ چىقىپ دەرۋازىنى ئېچىپتۇ. قارىسا زۇلتۇ چىرايلىرى سارغايغان، ئۆزى ئورۇقلىغان، مىسكىن ھالەتتە تۇرغۇدەك، چاچلىرى ئاقارغان، دەرد-ئەلەم چەككەن ھەم قېرىلىق يەتكەن سولغۇن چىراي ئانا كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈپ ئوغلىنى قۇچاقلاپتۇ. ئانا-بالا ئىككىسى ئۇزاققىچە قۇچاقلىشىپ ئۈن سېلىپ يىغلىشىپتۇ.

زۇلتۇ يەنە ئانىسى بىلەن بىللە كۈنلىرىنى ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ. بىراق كۈنلەر ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ روھى چۈشۈپ تىت-تىت بولۇشقا باشلاپتۇ، تاماق يېيەلمەيدىغان، كېچىلىرى ئۇخلىيالمايدىغان بولۇپ قاپتۇ، كۆڭلىدىكى سۆزلىرىنى ئېيتالماپتۇ. ئانىمۇ زۇلتۇنىڭ ئويىنى بىلىپ تۇرۇپتۇ. ئاخىر بىر كۈنى چىدالماستىن زۇلتۇ ئانىسىغا:

— ئانا، دادامدىن قالغان بىرەر نەرسە بارمۇ؟ بۇ قېتىم يەنە بىر يۆلەك بولۇڭ، مەن ئەمدى ياخشى ئادەم

بولمەن، ـــ دەپ قەسەم قىپتۇ. ئانا ئۈچ كۈن ئويلىنىپتۇ. ئاندىن ئىچكىرى ئۆيدىن بىر كىچىك كارنايىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئوغلىغا:

ـــ مانا بۇ داداڭدىن قالغان ئەڭ ئاخىرقى خاسىيەتلىك نەرسە، بۇنىڭ ئېتى بولسا دۇت كارناي دۇت، گېپىمنى ئاڭلا، دەل ۋاقتىدا، يەنى دۈشمەنلىرىڭدىن ئۆچ ئالىدىغان چاغدا كارنايىنىڭ تۇتقۇچىدىن چىڭ تۇتۇپ ئاغزىڭغا ئاپىرىسەن، قىزىل بوغۇچ چىگىلگەن تۆشۈكنى قاتتىق بېسىپ تۇرۇپ ئاندىن، دۇت كاناي دۇت... دۇت كاناي دۇت... دەپ چالىسەن. ھەر قېتىم دۇت كاناي دۇت دېگەندە كاناي ئىچىدىن ئىككىدىن قوراللىق ئەسكەر سەكرەپ چۈشىدۇ. كانايدىن چىققاندا كىچىك چىقىدۇ، يەرگە دەسسىگەندە ئادەتتىكى چوڭ ئادەمدەك بولىدۇ. كانايىنى شۇ تەرىقىدە چېلىۋەرسەڭ، لەشكەرلەر كۆپىيىۋېرىدۇ-دە، شۇ شەھەرنى قاپلايدۇ. لەشكەرلەرنى يوق قىلىۋەتمەكچى بولساڭ، يەنە بىر تەرەپتىكى قارا بوغقۇچ چىگىلگەن تۆشۈكنى قاتتىق بېسىپ تۇرۇپ يەنە دۇت كاناي دۇت دەپ كانايىنى چېلىۋەرسەڭ، لەشكەرلەر ئىككىدىن-ئىككىدىن، سەكرەپ-سەكرەپ قايتىدىن كانايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ-دە، ھەممىسى يوقايدۇ. ئوغلۇم، بۇ كانايىنى ھەممىلا يەردە چېلىشقا بولمايدۇ. ھەرگىز ئالدىراڭغۇلۇق قىلما! بىلىپ قوي، بۇ بىزنىڭ ئائىلىمىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئەڭگۈشتەرى. بۇنى يوقىتىپ قويۇشقا تېخىمۇ بولمايدۇ، ـــ دەپتۇ. زۇلتۇ خۇشاللىقىدىن:

ـــ مۇشۇنداق ئاجايىپ خاسىيەتلىك نەرسىلەرنى بىزگە قالدۇرۇپ كەتكەن دادام قانداق ياخشى ئادەمھە؟! بۇ كاناي بىلەن مەقسىتىمگە يېتىدىكەنمەن، ـــ دەپتۇ ھەم يولغا چىقىپتۇ. ئانا ئوغلىغا ئامەت تىلەپتۇ.

زۇلتۇ ئازادە كىيىملەرنى كىيىپ، دۇت كانايىنى كۆتۈرۈپ، كۆزلىگەن مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن پادىشاھ ئوردىسىغا مېڭىپتۇ، ئوردىغا يېقىن قالغاندا، ئەپلىك جايىنى تېپىپ كانايىنى تازا چاپتۇ. پۈتۈن شەھەرنى لەشكەر قاپلاپتۇ. خەۋەرچى پادىشاھقا:

ـــ پادىشاھى ئالەم، يامان بولدى، شەھىرىمىزگە سانسىز لەشكەرلەر بېسىپ كىردى. ئەلنى قوغداش ئۈچۈن پەرمانبەردارمىز، ـــ دەپتۇ. پادىشاھ:

ـــ نېمىشقا بۇنداق بولىدۇ؟ قايسى ئەلنىڭ لەشكەرلىرى؟ ئەلچى ئەۋەتمەي نېمىشقا تۇيۇقسىز بېسىپ كىرىدۇ؟ ـــ دەپ ھەيران بوپتۇ. بۇ گەپلەرنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي تۇرغاندا يەنە بىر خەۋەرچى كىرىپ، ئېگىلىپ تەزىم قىلىپ:

ـــ گۇناھكار قىلمىغايلا شاھىم، ئالىيلىرىنىڭ شانۇشەۋكەتلىك ئوردىلىرىغا ئانچە يىراق بولمىغان جايدا ئاجايىپ-غارايىپ بىر ئىش بولۇۋېتىپتۇ. ياش، سۆلەتلىك بىر ئادەم كاناي چېلىۋاتقۇدەك. ئۇ كانايدىن نۇرغۇن لەشكەرلەر يۈگۈرۈپ، سەكرەپ چۈشۈۋاتقۇدەك، بۇ لەشكەرلەر قوراللىق ئىمىش. ئۇلار شەھىرىمىزنى قاپلاپ كېتىپتۇ، ـــ دەپتۇ. ھەيران بولغان پادىشاھ چىقىپ بۇ ئىشنى ئۆزى كۆزەتمەكچى بولۇپ، ۋەزىر، مەسلىھەتچىلىرى، نەۋكەرلىرى بىلەن سىرتقا چىقىپتۇ. قارىسا، ھەقىقەتەن لەشكەرلەر ناھايىتى كۆپ ئىكەن. قىزىق، ئۇلار ھېچ ئۇرۇش قىلمىدىغاندەك ئەمەس، ئۇياقتىن-بۇياققا ماڭغۇدەك، پادىشاھنىڭ لەشكەرلىرى بىلەنمۇ قارشىلاشمىغۇدەك. قىسقىسى، ئۇلاردا يا خۇشاللىق، يا غەزەپمۇ يوقتەك. پادىشاھ «بۇنىڭ سىرىنى ئېچىشىم كېرەك» دەپتۇ-دە، كاناي چالغان ئادەمنى ئىزدەپتۇ. زۇلتۇ كانايىنى توختىماي چېلىۋاتقان ئىكەن. كانايىنىڭ ئىچىدىن لەشكەرلەر سەكرەپ چۈشۈۋاتقۇدەك، كۆپىيىپ كەتكەن بۇ لەشكەرلەر ئەلنىڭ ھەممە يېرىنى بېسىپ كىرىپ كېتىپ بارغۇدەك. ھەيران قالغان پادىشاھ: «يا خۇدا، بۇ نېمە كارامەتتۇ؟ ئۆزۈم پادىشاھ تۇرۇپ، شۇنچە ياشقا كىلىپ، مۇنداق غەيرىي مۆجىزاتنى كۆرمەپتىكەنمەن» دەپتۇ-دە، بۇ كارامەت كۆرسىتىۋاتقان ئادەمگە ئەلچى ئەۋەتىپتۇ، ئەلچىلەر زۇلتۇغا سالام بېرىپ مۇنداق سۆزلەرنى ئېيتىپتۇ:

ـــ ئەلچىگە ئۆلۈم يوق، بىزنى پادىشاھ ئەۋەتتى. توختاپ قالسىلا، مىڭلىداپ كەتكەن بۇ لەشكەرلىرىدىن پۇقرالىرىمىز قورقۇپ كېتىۋاتىدۇ. ھەممىدىن خوتۇن-قىزلار بىلەن نارەسىدە باللار قورقۇپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇنداق قىلمىسىلا، لەشكەرلىرىنى قايتۇرۇپ ئالسىلا، ئۆزلىرىنىڭ قانداق تەلەپلىرى بولسا ئېيتسىلا، ئورۇنداشقا بىز تەييار.

زۇلتۇغا پۇقرالار، ئاياللار، باللار دېگەن سۆز تەسىر قىپتۇ-دە، شۇ ھامان كانايىنىڭ قارا بوغقۇچ چىگىلگەن تۆشۈكنى چىڭ بېسىپ راسا چالغان ئىكەن، سانسىزلىغان لەشكەرلەر ئىككىدىن-ئىككىدىن سەكرەپ كانايىنىڭ ئىچىگە كىرىپ يوقاپتۇ. پادىشاھ زۇلتۇ كاناي چېلىۋاتقاندا،

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com



ئۇنى تېخىمۇ كۆپ لەشكەر چىقىرىپ تولۇق قورشاپ بولغان ئىكەن. ئىش تامام بولغاندىن كېيىن پادىشاھ زۇلتۇغا يېقىنلاپ كېلىپ سىنچىلاپ قارىسا، ھېلىقى ئالتۇن قاپچۇقنىڭ ئىگىسى شۇ ئىكەن. پادىشاھ «مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئاجايىپ خىسلەتلىك كانايىنى ئامال قىلىپ ئېلىۋېلىپ ئۇنى بىراقلا كۆزۈمدىن يوقىتىشىم كېرەك. بولمىسا بۇ مەن بىلەن ئېلىشىدىغاندەك تۇرىدۇ» دەپ نىيىتىنى بۇزۇپتۇ. ھازىرچە خاسىيەتلىك كاناي زۇلتۇنىڭ قولىدا بولغاچقا پادىشاھ يەنىلا ھىيلە-مىكىر ئىشلىتىشنى ئويلاپتۇ، چۈنكى كانايىنى چالسا، يەنە لەشكەر چىقىپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ كانايىنىڭ قانداق خىسلىتى بارلىقىنى پادىشاھ بىلمەيدۇ. بۇنى ئۆز ئىگىسىدىن سوراپ، قانداق ئىشلىتىشنى بىلىۋېلىش كېرەكتە. شۇڭلاشقا پادىشاھ زۇلتۇغا يەنە بىر قېتىم ئەلچى ئەۋەتىپتۇ. ئەلچى زۇلتۇغا:

— كۆرسەتكەن كارامەتلىرىڭگە شاھىمىز قايىلدۇر. سىلىدەك ئادەمنىڭ ئوردىمىزدا تۇرۇپ بېرىشى بىز ئۈچۈن بەختتۇر. شاھىمىز، بىرىنچىدىن، ئۆزلىرىنى ئوردا نەۋكەرلىرىنىڭ باشلىقى قىلىپ ئوردىدا ئېلىپ قالسام، دەيدۇ. ئىككىنچىدىن، شاھىمىز ئۆزلىرىنى كۈيئوغۇل قىلسام، دەيدۇ. بۇنىڭغا نېمە دەيدىلىكىن؟ — دەپ تەزىم بىلەن جاۋاب كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. شۇ ئارىدا بىر مۇنچە ئوردا كۈتكۈچىلىرى زۇلتۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— قېنى يۈرسىلە، ئوردىدىكى ئالىي مېھمانخانىغا قەدەم تەشرىپ قىلسىلا، — دەپتۇ. زۇلتۇ پادىشاھقا ئىككى قېتىم ئالدانغانلىقىنى يادىغا ئاپتۇ-دە:

— گۇناھىمنى كەچۈرۈشكەيلا، مەن ئوردىغا خاس ئەمەسمەن. ئۈچقان قۇشتەك ئەركىن ئادەممەن، — دەپ ئوردىغا كىرىشكە ئۇنىماپتۇ. پۈتۈن ئوي-پىكرى كانايىنى قولغا چۈشۈرۈشتە قالغان پادىشاھ ئۈچ قۇر بولۇپ قورشاپ كەتكەن لەشكەرگە زۇلتۇنى تۇتۇشقا بۇيرۇق قىپتۇ. زۇلتۇ قانچە قارشىلىق قىلسىمۇ لەشكەرلەر ئۇنى تۇتۇپ باغلاپتۇ-دە، قولىدىكى كانايىنى تارتىۋېلىپ زۇلتۇنى ئەڭ چوڭقۇر زىندانغا تاشلاپتۇ. ناھەق زىندانغا تاشلانغان زۇلتۇ بۇ قېتىم ئۆز جېنىنى قۇتۇلدۇرۇشقا كۆزى يەتمەپتۇ. «ھارام ئۆلىدىغان بولدۇم» دەپ يۈرىكىدىكى غەزەپ ئوت-يالقۇنغا ئايلىنىپتۇ. پادىشاھ زۇلتۇنى ئەلگە ئىبرەت قىلىپ، جازا مەيدانىدا دارغا ئېسىپ ئۆلتۈرمەكچى بوپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ ئەلنىڭ ھەممە يېرىگە، ھەتتا ئەڭ يىراق يېزا-قىشلاق، بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغىچە جاكارچى چىقىرىپتۇ. جاكارچىلار قوللىرىدىكى ئۇزۇندىن ئۇزۇن كانايلىرى بىلەن شاھنىڭ پەرمانىنى جاكارلاپتۇ. «ئېلىمىزنىڭ بارلىق پۇقرالىرى، ئاڭلىمىدىم دېمەڭلار! شاھىمىزنىڭ پەرمانى، ‹ياۋ دېگەندە يانچە بوپتۇ› دېگەندەك، بىر يامانىنىڭ كۈنى پۈتتى. ئەتە چۈشتە ئۇ دارغا ئېسىلىدۇ. يەتتە ياشتىن يەتمىش ياشقىچە بىرمۇ ئادەم قالماستىن، پەقەت بۆشۈكتىكى بوۋاق، يېتىقتىكى ئاغرىق، ماڭالمايدىغان قېرىلاردىن باشقا بارلىق پۇقرالار شەھىرىمىزدىكى چوڭ جازا مەيدانىغا يىغىلسۇن! بۇنىڭغا خىلابەن ئىش قىلغۇچىلار تېگىشلىك جازاسىنى تارتىدۇ!».

دېگەن ۋاقىتمۇ يېتىپ كەپتۇ. جازا مەيدانى خەلقنىڭ كۆپلۈكىدىن دېڭىزنىڭ دولقۇنىدەك داۋالغۇپ تۇرغۇدەك. كىشىلەر «بۇگۈن ئەجلى پۈتكەن ئەرمىدۇ-ئايالمىدۇ؟» دەپ تىت-تىت بولۇشۇپتۇ. دار تۈۋىدە جاللاتلار ئاخىرقى مىنۇتنى كۈتۈپ تەق بوپتۇ.

بىر چاغدا يۈزلىرى يارىلانغان، كىيىملىرى يىرتىلغان زۇلتۇ دار ئالدىغا سۆرەپ ئېلىپ كېلىنىپتۇ. پادىشاھمۇ قوغدىغۇچى نەۋكەرلىرى بىلەن جازا مەيدانىغا ھازىر بوپتۇ ۋە گۇناھكارغا:

— ئۆلۈم ئالدىدا قانداق تەلىپىڭ بولسا ئېيت. ئۇنى چوقۇم ئورۇنداپ بېرىمىز، — دەپتۇ. زۇلتۇ دەرھاللا:

— پادىشاھى ئالەم، ياش تۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىدىغان بولدۇم. مەن رازى، بۇنى ئۆزۈمنىڭ شور پېشانىلىقىمدىن كۆرىمەن. مېنىڭ تەلىپىم: دادامدىن قالغان بىر كۆڭلەك بار ئىدى. ئۇ تەيتىللادىن تىكىلگەن. ئۇ مەن ئۈچۈن بىردىنبىر تەۋەررۈك. شۇنى بىر كۆرۈۋېلىپلا ئاندىن ئۆلسەم ئارمىنىم يوق. ئۇ سىزنىڭ ئوردىڭىزدا، سىزنىڭ ئادەملىرىڭىز مەندىن تارتىپ ئالغان. شۇنى ئېلىپ چىقىپ كۆرسەتكەن بولسىلا، بىرلا قېتىم كۆرۈۋالسام بولدى، — دەپتۇ. خەلقئالەم ئالدىدا ئېيتىلغان بۇ تەلەپكە پادىشاھ ھېچنېمە دېيەلمەپتۇ.

خەلق بولسا، نەۋكەرلەرنىڭ توسۇشىغا قارىماي، ئالدىغا ئېتىلىپ تۇرۇپ:

— كۆرسەتسۇن! كۆرسەتسۇن! بەربىر ئۆلۈپ كېتىدۇ، — دەپ توختىماي ۋارقىراپتۇ. پادىشاھ شۇ ھامان خەزىنىدارغا ئادەم ئەۋەتىپ «ئوردا ئىچىدىكى شاھلىق خەزىنىدە تەيتىللادىن تىكىلگەن كۆڭلەك بولسا دەرھال

ئېلىپ كېلىنسۇن!» دەپ ئەمىر قىپتۇ. زۇلتۇنىڭ خاسىيەتلىك كۆڭلىكى جازا مەيدانىغا ئېلىپ كېلىنىپتۇ ۋە «گۇناھكار»غا يىراقتىن كۆرسىتىلىپتۇ. زۇلتۇ كۆڭلەكنى تونۇپتۇ. ئۇ شۇنچىلىك خۇشال بوپتۇكى، ئۇنىڭ قەلبىدە ھاياتتىن ئۈمىد پەيدا بوپتۇ. زۇلتۇ يەنە:

— خالايىق، بۇ كۆڭلەك دادامدىن قالغان، يېقىنراق تۇرۇپ كۆرۈۋالسام نېمە بولىدۇ، — دەپ كۆز يېشى قىپتۇ. خەلقلەر يەنە:

— يېقىن تۇرۇپ كۆرۈۋالسۇن! ئۆلۈپ كېتىدۇ ئەمەسمۇ! — دەپ قاتتىق ۋارقىرىشىپتۇ. بۇ كۆڭلەكتە قانداق خۇسۇسىيەت بارلىقىنى بىلمەيدىغان پادىشاھ:

— بوپتۇ كۆرۈۋالسۇن، — دەپتۇ. نەۋكەرلەر كۆڭلەكنى زۇلتۇنىڭ ئالدىغا ئەكەپتۇ. زۇلتۇ توختىماي يالۋۇرۇپ:

— قوللىرىم بىلەن تۇتۇپ، باش-كۆزلىرىمگە سۈركەپ ئالايچۇ؟ — دەپتىكەن، زۇلتۇنىڭ مەيلىگە قويۇپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن زۇلتۇ كۆڭلەكنى باش-كۆزىگە سۈركىگەن بولۇپ چاققانلىق بىلەن كىيىپتۇ-دە، غايىب بوپتۇ. جازا مەيدانىدىكى خەلق ھەيرانلىقتا ئاسمانغا قارىشىپتۇ ھەم «خۇدا ئۆز قۇدرىتى بىلەن بۇ گۇناھسىز بىچارىنى ئاسمانغا ئېلىپ چىقىپ كەتكەن بولسا كېرەك» دېيىشىپتۇ ۋە توپنىڭ ئىچىدىن «ياخشى بولدى!» دېگەن ئاۋازلار كۆككە كۆتۈرۈلۈپتۇ. پادىشاھ ۋە ئۇنىڭ ئەمەلدارلىرى قارىسا، دار ئالدىدىكى گۇناھكار ھېچ يەردە يوق. تۇنجى قېتىم ئالدانغان پادىشاھ: «دۇنيادا مۇنداقمۇ ئىشلار بولىدىكەن!؟ پادىشاھ تۇرۇپ ئالدانغانلىقىم ئۈچۈن سۆز-چۆچەككە قالىدىغان بولدۇم» دەپ يەرگە كىرىپ كەتكۇدەك بوپتۇ. قان پۇراپ تۇرغان جاللاتلار خۇماردىن چىقالماي ئاچچىقىدا يېنىدىكى ئۆز ئادەملىرىنى ئۆلتۈرۈۋەتكىلى تاس-تاسلا قاپتۇ. ئۇلار شۇ تەرىقىدە قېلىۋەرسۇن، بىز ئەمدى زۇلتۇغا كېلەيلى:

زۇلتۇ ئۇدۇل ئالتۇن سارايغا قاراپ مېڭىپتۇ. پادىشاھنىڭ خاس ھۇجرىسىغا كىرىپ قارىسا، تامدا ئالتۇن قاپچۇق ئېسىقلىق تۇرغۇدەك، ئۇنى دەرھال ئاپتۇ. ئاندىن نەۋكەرلەر باشلىقلىرى تۇرىدىغان ئۆيدىن كانايىنى ئاپتۇ-دە، سارايدىن چىقىپ، ئۆز ئۆيىگە قاراپ ئۇچۇپتۇ. ئۆيىگە كېلىپ دەرۋازا قېقىپتۇ ۋە خۇشاللىق بىلەن:

— ئانا، بۇ قېتىم ماڭا ئامەت تىلىگەن ئىدىڭ، ئامەت بىلەن قايتىپ كەلدىم. ھەممىنى قايتۇرۇپ كەلدىم، — دەپتۇ-دە، بولۇپ ئۆتكەن ھەممە ئىشلارنى بىر-بىرلەپ سۆزلەپ بېرىپتۇ، ئارقىدىنلا:

— بۇ ئەلدىن باشقا بىر ئەلگە كۆچۈپ كېتەيلى، — دەپتۇ. ئانا-بالا ئىككىسى تۈن يېرىمىدا يامىت ئېلىدىن چىقىپ كېتىپتۇ. ئۇلار ئۈچ كېچە-كۈندۈز يول يۈرۈپتۇ. ئاخىر باشقا بىر پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ-دە، بىر دەڭگە كېلىپ چۈشۈپتۇ. دەڭچى ياخشى ئادەم بولۇپ، بۇ ئانا-بالا مۇساپىرلارغا كۆپ ياخشىلىق قىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىدىن، بازار مەيدانىدىن، كۈنگەي تامانىدىن ساراي ھەم گۈل-گۈلىستان، باغبارانلىق جاي-ماكانلارنى ئاپتۇ، ئۇنى ھەشەمەتلىك بېزەپتۇ، ئىشلىرىنى باشلاپتۇ. زۇلۇمدىن قۇتۇلدۇق دەپ جەندى-كۇلانى تاشلاپتۇ. ئىچكىرى-تاشقىرى دۇكانلاردا ئاتا كەسپىنى باشلاپتۇ. تاپاۋىتىمۇ مول بوپتۇ. شۇنداق قىلىپ زۇلتۇ بېشىدىن ئىسسىق-سوغۇقلارنى ئۆتكۈزۈپ ئۆز ئەقلىنى تېپىپتۇ. زۇلتۇ بۇ ياسىداق ئۆيلەرگە ئانىسىنى ئولتۇرغۇزۇپ ئالدىغا خىزمەتكارنى سېلىپ بېرىپتۇ. جاپاكەش ئانىنىڭ ئەمدى ھەممە نېمىسى بار بوپتۇ، ئارزۇسى ھەل بوپتۇ، توققۇزى تەل بوپتۇ. باشلىرى ئاقارغان، چىشلىرى سارغايغان، قېرىلىق يېتىپ ماداردىن كەتكەن ئانا ھاياتىنىڭ ئاخىرىدا بولسىمۇ ئوغلى بىلەن جەم بولۇپ بەختىيار ھاياتقا ئېرىشىپتۇ. بۇ، كۈنلەرگە شۈكۈر قىلىپ، خۇشال بولغان بولسىمۇ، ئۇ خۇشاللىق پۈتۈن ئەمەس ئىكەن، چالىسى بار ئىكەن، شۇڭلاشقا ئۇ ئوغلىغا:

— يېشىڭ يەتتى بالام، ھالال جۈپتۈڭنى تېپىشىڭ كېرەك، بەخت مۇشۇلا ئەمەس، يەنە ئائىلە-پەرزەنتتۇر، — دەپتۇ. زۇلتۇمۇ ئانىسىغا:

— ئانا، دۈشمەندىن قۇتۇلدۇق. ئىككىنچى قەدەمنى بېسىپ سىزنىڭ ئارزۇيىڭىزنى چوقۇم ئورۇندايمەن، — دەپ ۋەدە بېرىپتۇ ۋە شۇ ھامان چوپان بوۋاينى ئەسكە ئاپتۇ-دە، شۇ تەرەپكە قاراپ راۋان بوپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: **ھاشىم ئاخۇن**، 81 ياش، چالا ساۋات، غۇلجا ناھىيەسىدىن)

**توپلىغۇچى: زەينەپ ھاشىم**

«ئۈرۈمچى تيانشان رايون خەلق چۆچەكلىرى» توپلىمىدىن تەييارلاندى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۇيغۇرلاردا بوياقچىلىق







ماموت قۇربان

بوياق كەڭ مەنىدىكى ئاتالغۇ بولۇپ، ئۇ توقۇلمى-
لار، گەزلىملەر، كۆن- خۇرۇملارنى بويايدىغان بوياقلار-
نى كۆرسىتىپ قالماستىن، يەنە پەرداز بۇيۇملىرى ئۈچۈن
ئىشلىتىلىدىغان بوياقلار (مەسلەن، چاچ، تىرناق، قاش،
لەۋ، مەڭىز بوياقلىرى)، رەسسام، سىرچىلىق ئۈچۈن ئىش-
لىتىلىدىغان بوياقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. مەلۇم بىر
خىل بوياق مەلۇم شارائىتتا رەڭلىك بولۇشىمۇ ياكى
رەڭسىز بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەمما بوياق بولۇشىدىكى ئال-
دىنقى شەرت بويىلىدىغان نەرسىنىڭ رەڭگى مەلۇم بىر
رەڭگە ئۆزگەرتىلىشى كېرەك. بىزنىڭ بو-
لىمىزدە نەزەردە تۇتۇلىدىغان بوياقلار ئاساس-
لىقى رەڭلىك ئۆسۈملۈك پىگمېنتلىرى ۋە
رەڭلىك مىنېرال بولۇپ، قىسمەن رەڭسىز
ماددىلار بولىدۇ. بۇ رەڭسىز ماددىلار مەلۇم
بىر خىل بوياقنىڭ رەڭلىنىشىنى ئارتتۇرۇش
رولىغا ئىگە. مەسلەن، زەمچە، سۇدا، ئاشتۇ-
زى قاتارلىق ماددىلارنىڭ ئۆزىنىڭ رەڭگى
بولمىغىنى بىلەن ئۇلار بوياقلارغا قوشۇلسا بو-
ياقنىڭ ئېرىشىنى ئارتتۇرۇش رولىغا ئىگە.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدىكى مەلۇ-
ماتلارغا ئاساسلانغاندا ئۇيغۇرلار يېڭى تاش
قورال دەۋرىدىلا بوياقچىلىق ئىشلىرىدىن خە-
ۋىرى بار ئىدى. ئەڭ ئىپتىدائىي بوياقچىلىق
ساپال قاچىلارنى سىرلاش ياكى قەدىمكى كى-
شىلەر ئۆزلىرىنى ئۆز كۆشەندىلىرى (مەس-
لەن، پاشا، چىۋىن، كۆكيۇن، ھەرە، چايان
ۋە ھەر خىل ھاشاراتلار، ياۋايى ھايۋانلار
)نىڭ ھۇجۇمىدىن ساقلاش ئۈچۈن بەدىنىنى
ھەر خىل پاتقاق (ئاق، كۆك، قىزىل سېغىز
)لاردا بوياشتىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن
دەپ قاراشقا بولىدۇ. ئۇلار ئوۋچىلىق ۋە
چارۋىچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ يۈرگەن مەز-
گىللەردە، قوي، تۆگە يۇڭلىرى، ياۋا چېكە
(دولان چېگىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، رەڭگى
سېرىق، تالاسى قىسقا، ئەمما چىڭ بولىدۇ)،
يىكەن، قومۇش قاتارلىق تەبىئىي تالالاردىن
توقۇغان رەخت، بورا، سېلىنچىلىرىنى گۈل كى-
رىشتۈرۈپ توقۇشتىن، ئۆزلىرى ياخشى كۆرد-
دىغان ھايۋانلار، مېۋىلەر ۋە تەبىئەت مەنزى-
رىلىرىنى ئاستا- ئاستا توقۇمىچىلىققا سۆرەپ
كىرىش ھارپىسىدا ئۆسۈملۈك ۋە مىنېرال بوياقلارمۇ باي-
قىلىشقا باشلىغان، زادى قايسى خىل بوياقلار بۇرۇنراق
بايقالغانلىقى توغرىسىدا ھازىرچە بىز ئۇزۇپ ئېيتقىدەك
ماتېرىيال ئاساسىمىز يوق.

چارۋا مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئۇيغۇر-
لارنىڭ تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق بولغان ئەنئەنىۋى ھۈ-
نەرلىرىنىڭ بىرى. تېرە ئاشلاش، تېرىنى ئەيلەپ ئاقار-
تىش، تېرىنى قۇيقاسىزلاندۇرۇپ كۆن- خۇرۇم ئىشلەش،
ئۇلارنى بوياش كۆن- خۇرۇم بوياقچىلىقنىڭ مەيدانغا

كېلىشىدە تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. يېقىنقى ئەسىرلەردىن كۆپرەك ۋاقىتتىن بېرى ئېلىپ بېرىلغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىش ئارقىلىق تېپىۋېلىنغان تارىخى ئەڭ ئۇزاق بولغان خوتەن گىلىمى، خوتەن ئەتلىسى، تەگلىمات (گۈللۈك كىگىز)، شىرماق ۋە بورىلارغا ھەر خىل گۈللەر، ئۈزۈم، تاغ-دەريالار، شارقىراتما، ھەسەن-ھۈسەن، قۇياش، ئاي، ئورمان ۋە ھەر خىل ھايۋانلارنىڭ سۈرەتلىرىنى چۈشۈرۈپ توقۇش مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

تارىم بوستانلىقىدىكى ھەر خىل گۈل-گىياھلار، تەڭرىتاغلىرىدىكى ھەر خىل مەدەن بوياقلار ئۇيغۇرلارنىڭ رەڭ ئېلىش مەنبەسىنى كۆپەيتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار مىلادىيىدىن خېلى بۇرۇنلا قىزىل، كۆك، زەڭگەر، سېرىق، يېشىل، سۆسۈن، ئاق قاتارلىق يەتتە خىل رەڭنى بايقاپ ۋە ئۇلارنى ئېلىپ ئۆزئارا مۇۋاپىق تەڭشەپ نۇرغۇنلىغان رەڭ تۈرلىرىنى كەشىپ قىلدى.

ئۇيغۇرلار تاكى ھازىرغىچە ئۆزلىرى ياخشى كۆرىدىغان رەڭ تۈرلىرىنى سېغىنىش ۋە چوقۇنۇش يۈزىسىدىن قىزلىرىنىڭ ئىسمىنى گۈل ۋە رەڭلەرگە ئوخشىتىپ، گۈل ۋە رەڭلەرنىڭ نامىدا ئاتاپ كەلگەن. مەسىلەن، تاجىگۈل، گۈلسۈرۈخ، لەلىخان (لەيلىگۈل)، ئانارگۈل، گۈلنار، يەسمەنگۈل، غۇنچىگۈل، زەپەرگۈل (گۈلزەپەر)، ئالتۇنگۈل قاتارلىق گۈل نامىدا ئاتالغان ئىسىملار بۇنىڭ ئەمەلىي مىسالى.

ئۇيغۇرلار ئۆزلىرى توقۇغان رەخت، گەزلىمىلىرىنى ئۆزلىرى ياشاۋاتقان مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇپ بوياش ھۈنەرلىرىگىمۇ پۇختا ئىدى. ئۇلار ھەر خىل بوياقلارنى ئاساسەن ئۆزلىرىدىكى خام ئەشيا مەنبەسىگە قاراپ ئۆزلىرى ئىشلەپچىقىراتتى. شۇڭا بوياقلار يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇش بىلەن بىللە تۈرلىرىمۇ كۆپ ئىدى. ئۆسۈملۈكتىن تازىلاپ ئالغان بوياقلار بىلەن مەدەنلەردىن تازىلاپ ئالغان بوياقلارنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلىغان بوياقلارنىڭ رەڭلىنىش ئىقتىدارى ياخشى بولۇپلا قالماي ئۆمرىمۇ ئۇزاق ئىدى. ئۇنداق بولۇشى ئۆسۈملۈك پىگمېنتلىرى مەدەن بوياقلاردا ئېرىپ ئۆمرى ئۇزاق بولغان بوياقلارنى ھاسىل قىلغانلىقىدا ئىدى. ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆزلىرى ئىشلىگەن بوياقلىرى يىپەك يولىدىكى ھەر بىر بازار ۋە ئۆتەڭلەردە بازار تاپقانىدى، بىز بوياقلارنى ئۆز ئىچىدىن ئۆسۈملۈك بوياقلىرى، مىنېرال بوياقلار ۋە ھايۋانلاردىن ئېلىنغان بوياقلار دەپ ئۈچ تۈرگە بۆلۈمىز.

**1. ئۆسۈملۈك بوياقلىرى**

ئەڭ ئىپتىدائىي ئۆسۈملۈك بوياقلىرىدىن گۈلسۈرۈخ، زاراڭزا چېچىكى، قارىگۈل، قارا ئۈجمە، يۇلغۇن چېچىكى، خېنە، ئوسما، شاتارىي، ئەگلىك ئوت، مارال قولاقلار بار. بۇ خىل بوياقلار ئىچىدە ئىشلىتىلىش تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق بولغىنى زاراڭزا چېچىكى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تازىلاپ ئېلىنغان ئۇپا ياكى مايلىق بوياق بازارلاردا كارمىن بويىقى نامىدا سېتىلاتتى. ئاتا ماكانى مىسىر بولۇپ، مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 4-، 5-ئەسىرلەردە ھازىرقى شىنجاڭدىمۇ ئېلىنىدىغان بولغان، گۈلسۈرۈخ، قارىگۈللەرنىڭ ئاتا ماكانى ھازىرقى شىنجاڭ ئىدى.

ئۇيغۇرلارنىڭ قايسى زامانلاردىن بېرى بۇ خىل گۈللەرنى بوياق ئورنىدا ئىشلىتىشكە باشلىغانلىقى توغرىسىدا، ھازىرغىچە مەلۇم بولغان ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلاردىكى ئەڭ ئىپتىدائىي رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلارنىڭ يىل دەۋرىنى بېكىتىشكە ئاساسلانغاندا ئۆسۈملۈكتىن بوياق ئېلىش يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدە باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. مەسىلەن، كىرورران، نىيەدىكى خارابىلەردىن قېزىۋېلىنغان رەڭلىك توقۇلمىلاردىكى بوياقلار رەڭگىنىڭ شۇنچە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى رەڭگىنى ئۆزگەرتمەي ساقلىنىپ قېلىشى، بۇ خىل بوياقلارنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېسىپ ئۆتكەندىلا مۇكەممەللىنىش دەۋرىگە كىرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

گرېك ھىندى پارس مەدەنىيىتى ئۆزئارا ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان قارا قۇرۇمنىڭ شەرقىدىكى ھەر بىر ئۆتەڭلەردە ئۇيغۇرلارنىڭ بوياقچىلىق تېخنىكىسى مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 1600-، 1800-يىللاردا ئومۇملىشىش تارىخىنى بېشىدىن كەچۈرگەن. دەل شۇ مەزگىللەردە داڭلىق بولغان نىل① بوياق (تۆمۈر كۆك بوياق) يىپەك يولى سودىسى ئارقىلىق تارىم ۋادىسىغا كىرگەندىن كېيىن، خوتەن، يەكەن، كۇچا تەرەپلەرنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرى تېز راۋاجلىنىشقا باشلىدى. بۇ خىل بوياق يارقىنلىقى، چىداملىق-

① ھىندى — سانسكرىت تىلىدا بوياق، غەربىي ياۋروپا تىلىدا ئىندىگو (Indigo) — ھىندىستان بويىقى دېگەن مەنىدە بولۇپ، بۇ خىل بوياقنىڭ ئاتا ماكانى مىسىر بولۇشى مۇمكىن.

لىقى، پاساھەتلىكلىكى، شۇنداقلا تەنەنەرخىنىڭ يۇقىرىلىقى بىلەن داڭقى بار ئىدى. بۇ خىل ھالەت يەرلىك رەڭچى ئۇستىلار، بوياقچىلار ئوتتۇرىسىدا كەسكىن رىقابەت پەيدا قىلدى. نەتىجىدە يۇرتىمىزدا يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بوياق تۈرلىرى كۆپىيىپ، يەرلىك خەلقنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشقا باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر رەڭچى ئۇستىلار ۋە بوياقچىلار ئانار پوستى، قارىگۈل، گۈلسۇرۇخ، زاراڭزا چېچىكى، يۇلغۇن چېچىكى، مارال قۇلاق، خېنە، زەيچۇە، ئەڭلىك ئوت، شاتارىي، قاراقات، زېرىق، قارا ئۈجمە، ئازغان ئۇرۇقى، ئوسما، كاسېن دەرەخ پوستى، ياڭاق كۆك پوستى، پىياز پوستى، تېرەك پورى، تۇخۇمەك گۈلى، شاپتۇل چېچىكى، ئۆرۈك قوۋزىقى قاتارلىق ئۆسۈملۈك بوياقلىرىدىن پايدىلىنىپ يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە رەڭلەرنى كەشپ قىلدى. مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە سۇدادىن ئېلىپ كىرىلىدىغان ئۆلەن (رويان-ئالىزارىن)مۇ دىيارىمىزنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرىنىڭ راۋاجلىنىشىدا تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. شۇنىڭ بىلەن مەيلى كۆن-خۇرۇم بوياقچىلىقى ياكى ماتا، كاناپ، يىپەك بوياقچىلىقى بولسۇن، بوياق تۈرلىرىدە يېڭىلىنىش يۈز بېرىپ بوياقچىلىق تېخنىكىسى ئاستا-ئاستا ئۆسۈپ باردى ۋە مۇكەممەللەندى.

قەدىمكى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز ئەينى ۋاقىتتا بوياقلارنى توشۇش، ساقلاش، ئىشلىتىشكە قولايلىق بولۇشىنى نەزەردە تۇتۇپ زاراڭزا چېچىكى، گۈلسۇرۇخ، خېنە، ئوسما، قارىگۈل قاتارلىق بوياق تۈرلىرىنى يەنجىپ، كۇكۇن ھالىتىگە كەلتۈرۈپ ئۆزئارا مەلۇم نىسبەتتە تەڭشەپ، ئۇلارغا قارىغاي يېلىمى (دىۋىرقاي)، ئۈزۈم سىركىسى، جىگدە يېلىمى، لىمون شەربىتى قاتارلىق ماددىلاردىن مەلۇم نىسبەتتە قوشۇپ نوكچە بوياقلارنى ئىشلەپچىقىرىپ، رەڭ شەكلىدە تېخنىكىلىق يېڭىلاش ئېلىپ بېرىپ بوياقچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئومۇملىشىشى ئۈچۈن تۈرتكىلىك رول ئوينىدى. زاراڭزا چېچىكى بىلەن گۈلسۇرۇختىن «ئۇپا ۋە لەۋ سۇرۇخ»لارنى ئىشلەپچىقاردى. ئۇلار تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ قىزىل رەڭلىك تاش كۇكۇنى بىلەن ئانار پوستى كۇكۇنىنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ قارا رەڭلىك چاچ بويىقى② ئىشلەش ھۈنەرلىرىنى ئىگىلىگەن بولۇپ، بۇنىڭدا ھازىرقى زامان بوياق ئىشلەش تېخنىكىسىنىڭ ئاساسى بار ئىدى.

ئۇيغۇر بوياقچىلار قارىگۈلنىڭ ئۆزىنى ساپ قارا رەڭلىك بوياق سۈپىتىدە ئىشلىتىپ كۆن-خۇرۇملارنى، يىپلارنى بوياپ كەلگەن بولۇپ، قارىگۈل موزدۇزلارنىڭ ئەڭ ياقتۇرۇپ ئىشلىتىدىغان زەھەرسىز بويىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. سەھەرلىرىمىزدا تاكى ھازىرغىچە قارىگۈلنى تېرىپ، كۈزدە ئۈزۈۋېلىپ، قۇرۇتۇپ ئىشلىتىش ئالدىدا ئۈچ، تۆت سائەت ئىلمان سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ ئاياغ مايلايدىغان ئەھۋاللار ئۇچراپ تۇرىدۇ. بۇ خىل گۈل يەر شارائىتىغا قاراپ ئاق، سۆسۈن، جىگەر رەڭدە ئېچىلىدىغان تۈرلىرى كۆپرەك ئۇچرايدۇ. جەنۇبىي رايونلاردا قېنىق يېشىل رەڭدە ئېچىلىدۇ، ئاياغقا سۈرگەن ھامان يېشىل رەڭ ھاۋادا ئوكسىدلىنىپ قارا رەڭگە ئۆزگىرىدۇ. قارا گۈلنىڭ كۇكۇنىنى جىگدە يېلىمى بىلەن بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ چاچ بويىقى قىلىشقىمۇ بولىدۇ.

داڭلىق قەشقەر چەكمىنى يۇلغۇن ئۇرۇقى، ياڭاقنىڭ كۆك پوستى، كۇيە (قۇرۇم)لەرنىڭ كۇكۇنلىرىنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ تەييارلانغان قارا رەڭلىك بوياقتا بويىلاتتى، ھازىرقى زامان خىمىيە تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا بۇ خىل بوياق تەركىبىدە تاننىن بىلەن قارا رەڭلىك پىگمېنتنىڭ كۆپلۈكىنى ئىسپاتلىدى.

### 2. مەدەن بوياقلار

مەدەن بوياقلار مىنېرال بوياقلار دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئۇلارنىڭ مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى رەڭلىك بولغان ئانئورگانىك ماددىلار بولۇپ، ناھايىتى ئاز ساندىكىلىرىلا رەڭلىنىش شارائىتىنى ياخشىلاشقا ياردىمى بولغان كىسلاتالىق ياكى رەڭسىز ئانئورگانىك ماددىلاردىن ئىبارەت.

مىنېرال بوياقلار تەڭرىتاغلىرىنىڭ ھەممە يەرلىرىدە ئۇچرايدۇ. مەسىلەن، كۇچادىن قىزىلتاش بوياق، توقسۇن كۇمۇش تاغلىرىدىن گرافت، كۇچادىن نۇشۇدۇر چىقسا، قارا شەھەردىن قارا شەھەر تۇزى، تۇرپاندىن گىلاۋبىر تۇزى، كۇنەس تاغلىرىدىن ھەر خىل مىس رۇدىلىرى (كۆك رەڭلىك)، كەلپىننىڭ شىمالىدىكى تاقىر تاغلاردىن بور توپىسى، سىڭىر تاش، كوئېنلۇن تاغلىرىدىن سۇرمە، گېل، زاك چىقىدۇ. كائۇلىن توپىسى، سېغىزلار جەنۇبىي

② ئانار پوستىدىكى تاننىن (ئاشلىغۇچى ماددا) تۆمۈر بىلەن بىرىكىپ تۇم قارا رەڭگە ئۆزگىرىپ، قارا رەڭلىك بوياق ھاسىل قىلىدۇ.

شىنجاڭنىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچرايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئەينى ۋاقىتتا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان مىنېرال بوياقلاردىن مىس يېشىلى (ئۆت تاش دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، كۆكتاش (مىس سۇلفات)، تۇز تېشى (مىس ئاساسلىق كاربونات)، گېل (ماگنىي سىلىكات، كائولىن تۇپىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، زەمچە (كالىي ئاليۇمىن سۇلفات)، يېشىل زەمچە (قارا شەھەر تۇزى دەپمۇ ئاتىلىدۇ. ئاساسلىق تەركىبى تۆمۈر II سۇلفات)، سىگىر تاش (ئاق رەڭلىك، كالتسىي سۇلفات)، زاك (مانگان IV ئوكسىدى، جىگەررەڭ ياكى قارا رەڭدە)، نوشۇدۇر (ئاممونىي خلورىت)، گىرافىت، سۈرمە (ستىبىي ئوكسىد)، قوغۇشۇن ئېقى (قوغۇشۇن ئۇپا دەپمۇ ئاتىلىدۇ، قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات)، مەدەستان (قوغۇشۇن ئوكسىد)، دانىكا (بوراكس)، زانكار (مىس دىتى، مىس خلورىت)، كىنوۋار (سىر سۇرۇخ، سىماب سۇلفىد، بۇنىڭ قارا ۋە قىزىل رەڭلىك ئىككى خىلى بار)، ئەركەك زەرنىخ (ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى: $As_2O_3$)، چىشى زەرنىخ (ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى: $As_3O_4$)، قىزىل توپا (قىزىل رەڭلىك تۆمۈر رۇدىلىرى)، ئاق، كۆك سېغىز، كالتسىي فتورىد (فلورىد، سارغۇچ بىنەپشە رەڭلىك تاش بوياق، $CaF_2$)، سودا (ناترىي ھىدرو كاربونات) قاتارلىق مەدەن بوياقلار يۇرتىمىزنىڭ بوياقچىلىق، سىرچىلىق، رەسساملىق ئىشلىرىدا زور رول ئوينىغان ئىدى.

سېرىق زەرنىخ (ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى: $As_2S_3$) مىلادىدىن كېيىنكى 5-ئەسىرلەردە ھازىرقى شىنجاڭدىن ئوتتۇرا تۈزلەڭلىككە ئېلىپ بېرىلىپ سېتىلىشقا باشلىغان بولۇپ، ئۇ ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتە «كۇئېنلۇن سېرىقى» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر ئىدى. مەدەن بوياقلارنىڭ تۈرلىرىنىڭ كۆپىيىشى بوياقچىلىق ساھەسىدە راۋاجلىنىشنى پەيدا قىلىپلا قالماي، يەنە مىمارچىلىق جەھەتلەردىمۇ زور يۈكسىلىشنى پەيدا قىلدى. قوشنا ئەللەر ۋە ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرىغا زور تەسىرلەرنى كۆرسەتتى. ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىن چىقىدىغان نامى بولغان بىر قىسىم بوياقلار دىيارىمىزغا ئېلىپ كېلىنىپ، دىيارىمىزنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن بەلگىلىك تەسىرلەرنى كۆرسەتكەنىدى.

ئۇزاق مەزگىللىك بوياقچىلىق ئىشلىرىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز مىلادىدىن خېلى بۇرۇنىلا مىنېرال بوياقلار بىلەن ئۆسۈملۈك بوياقلىرىنى مەلۇم نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئۆڭمەس ۋە ئۆچمەس رەڭلەرنى كەشىپ قىلغان. ئۇلار ھەرقانداق ئۆسۈملۈك بويىقىغا زەمچە، سودا، ئاشتۇزى قاتارلىق مىنېرال ماددىلارنى قوشۇپ ئۇ خىل بوياقلارنىڭ رەڭلىنىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇپلا قالماي، يەنە رەڭ تۈرلىرىنى ئاستا-ئاستا كۆپەيتىپ باردى. ئۆسۈملۈكلەردىن تازىلاپ ئېلىنغان بوياقلار كىسلاتالىق (ياكى ئىشقارلىق) ئىپادىلەيدىغان مىنېرال ماددىلاردا (ياكى بوياقلاردا) ياخشى ئېرىپلا قالماي، يەنە يارقىن، پاساھەتلىك رەڭلەرنى ھاسىل قىلغاچقا بۇنداق رەڭلەر بازار رىقابىتىنى ئاشۇرۇۋەتكەنىدى. بۇ خىل بوياقلار ھاۋادا ئاسان ئۆڭمەيدىغان، تەركىبى تۇراقلىق بولغاچقا، بۇ خىل بوياقلار بىلەن بويالغان توقۇلمىلارنىڭ رەڭگى شۇنچە ئۇزاق زامانلاردىن بېرى ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالالىدى. بەزى ئۆسۈملۈك بوياقلىرىغا كىنوۋار، زاك، گېل، زەرنىخ قوشۇپ تەييارلانغانلىقى ئۈچۈن، بۇ خىل بوياقتا بويالغان توقۇلما بۇيۇملارغا ئاسانلىقچە



MIRAS

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



قۇرت چۈشمەيتتى. مانا بۇ ئۇيغۇر ئاجدادلىرىمىز تەييارلىغان بوياقلارنىڭ يەنە بىر خىل ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكى ئىدى. بۇ خىل بوياقلار بىلەن بويالغان يۇڭ توقۇلمىلار ۋە ھەر خىل گەزلىمىلەر ئەينى ۋاقىتتا ئوتتۇرا ئاسىيا بازارلىرىنى كونترول قىلغانىدى.

مىسىر، بابىلون، ئاسسورىيەلىكلەر ۋە پارسلار مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا كاناپ، مەشۇتلەرنى تۆمۈر كۆك بوياق (ھىندىستان كۆكى) بىلەن زاراڭزا چېچەكدىن تازىلاپ ئېلىنغان قىزىل رەڭلىك بوياقلاردا قىزىل، سېرىق، كۆك رەڭلەردە بوياپ كەلگەن.

تۆمۈر كۆك (نىل) بوياقنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىكى 4-، 5-ئەسىرلەردە دىيارىمىزغا كىرىشى ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ بوياقچىلىق ئىشلىرىنىڭ تېز راۋاجلىنىشىغا سەۋەب بولدى. قىزىل مىڭئۆيلەرگە سىزىلغان رەسىملەر ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىنىڭ ئالدى - كەينىدە رەڭ تەڭشەش، بوياقچىلىق ساھەلىرىدە پۇختا ئاساس ياراتقانلىقىنى بىزگە نامايان قىلىدۇ.

ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىز ئىچىدە بوياقچىلىق ھۈنەرلىرىنى كەسىپ قىلغان، ئائىلىلەر ۋە مەھەللىلەر، ئاتا كەسپى بوياقچىلار، رەڭچىلەر بولغانىدى. بۇنداق كەسىپ ئىگىلىرى، دىيارىمىزنىڭ ھەممىلا يېرىدە بىردىن ئىككىدىن بولۇپ، تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان، ئۇلارنىڭ بەزىلىرى ئۆزلىرىنى ئۇنچە ئەۋلاد «بوياقچىلار» دەپ ئاتاپ كەلمەكتە. ئۇلار ئەينى زامانلاردا ماتاغا گۈل بېسىش، بوياش مەشغۇلاتى بىلەن شۇغۇللانغانىدى. گەرچە بوياقچىلار بىلەن بوياقچىلار، رەڭچىلەر بىلەن رەڭچىلەر ئوتتۇرىسىدا رىقابەت بولۇپ تۇرسىمۇ، ئۇلار بوياش ۋە گۈل بېسىشتا يەنىلا ئەنئەنىگە دىققەت قىلاتتى. ھەر خىل گۈللەرنىڭ ياغاچتىن ئىشلەنگەن قېلىپلىرى بولۇپ، بۇ قېلىپلارغا ھەر خىل رەڭلەر سىڭىپ كەتكەچكە، سەرگاز رەڭگى دائىم دېگۈدەك تۇتۇق بولۇپ قالاتتى. ھۈنەر يېڭىلاشقا تازا ئېتىبار بېرىپ كەتمەيتتى ياكى قۇربى يەتمەيتتى، بازارمۇ كۆتەرمەيتتى. سەھرالىرىمىزنى تەكشۈرۈش ماتېرىياللىرىمىزغا ئاساسلانغاندا خوتەن، يەكەن، قەشقەر، كۇچا، ئۇنسۇ قاتارلىق ئادىمى زىچ تەرەققىي قىلغان شەھەرلەردە بوياقچىلىقنى كەسىپ قىلغان، ئوندىن ئارتۇق ئادەم ئىشلەيدىغان بوياقچىلىق كارخانىلىرى تاكى ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 60-يىللىرىنىڭ ئوتتۇرىلىرىغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان.

### 3. ھايۋانلاردىن ئېلىنىدىغان بوياقلار

بوياق تۈرلىرى ئىچىدە يەنە ھەر خىل ھايۋانلاردىن ئېلىنىدىغان بوياقلارمۇ بار ئىدى. دۇنياغا داڭلىق بولغان مورېكس رىم ئىمپېرىيەسى مەزگىلىدە دېڭىز بويىدىكى رايونلاردا بىر خىل قۇلۇلىدىن تازىلاپ ئېلىنىدىغان بىنەپشە رەڭلىك بوياق بولۇپ، ئۇ قۇرۇتۇپ كۇكۇنسىمان ھالەتكە كەلتۈرۈلۈپ تەييارلىنىدۇ. ئەينى ۋاقىتتا مورېكس ئارىلاشتۇرۇلغان بوياقلار يارقىنلىقى بىلەن داڭلىق بولۇپ تەننەرخىمۇ قىممەت ئىدى. يەنە بىر خىل «ئەنبەر»③ دېيىلىدىغان پۇراقلىق بوياقمۇ بولۇپ، ئۇ ئىپار كىتى ئاجرىتىپ چىقىرىدىغان ئۆتكۈر پۇراقلىق قارا رەڭلىك بوياق. بۇ خىل ئەنبەر كۆپىنچە ئوردىلاردا خانىم - قىزلارنىڭ بوياق ماتېرىيالى قىلىپ ئىشلىتىلگەنىدى.

ئۇنىڭدىن باشقا بۇغرا تۆگە④ چوققىسىدىن ئېلىنىدىغان قارا رەڭلىك بىر خىل بوياقمۇ بولۇپ، بۇ خىل بوياقنى قۇرۇم بىلەن بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، ئېرىشنى ئارتتۇرۇپ ئاندىن سىياھ ئورنىدا ئىشلەتكەندە قەغەزدە يېيىلىپ كەتمەيدىغان ئالاھىدىلىكى بولۇشتىن باشقا ئۆمرىمۇ ئۇزاق بولىدۇ. بۇ خىل بوياقلارنى ئۇزاق مۇددەت كارۋانچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلار بايقىغان بولۇپ، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 50-يىللىرىنىڭ ئاخىرلىرىغا قەدەر بۇ خىل بوياقنى ئېلىشنى كىشىلەر ئۇنتۇپ قالمىغانىدى، بۇ خىل بوياق بازارلاردىمۇ سېتىلغان بولۇپ تەننەرخى يۇقىرى ئىدى.

تارىم ۋادىسىدا ياشىغان قەدىمكى ئۇيغۇرلارنىڭ بوياقچىلىقى يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، ئۇلار ھەر خىل ئۆسۈملۈك بوياقلىرىغا مەدەنلەردىن ئېلىنغان بوياق-

---

③ ئەنبەر ئىپار كىتىدىن چىقىدىغان ئۆتكۈر خۇش پۇراقلىق بوياق.

④ بۇغرا تۆگە كەلپىندە 12-ئاينىڭ 5 ~ 10 كۈنلىرىدىن باشلاپ 2-ئاينىڭ ئوتتۇرىلىرىغىچە كۆيلەش باسقۇچىغا كىرىدۇ، بۇ ۋاقىتتا ئۇ ئېغىزىغا كۆپۈك يىغىپ، سۈيدۈكىنى قۇيرۇقىغا تەگكۈزۈپ، ئارقا ئۆركەش ئاستىغا ئۇرۇپ، چوققىسىنى مۇرىسىگە سۈركەپ قارا رەڭلىك سىياھ ئىشلەپچىقىرىدۇ. بىر ئايدەك ۋاقىت ئىچىدە بۇ خىل قارا سىياھتىن 150 ــــ 200 گىرامغىچە يىغىۋېلىپ قۇرۇتۇپ، تازىلاپ، يانجىپ سىياھ قىلىشقا بولىدۇ. ئاتام قۇربان ئەھمەدنىڭ 1983-يىلى ماڭا دەپ بېرىشىچە بوۋىلىرىمىز تارىختىن بېرى شۇ خىل سىياھنى ئىشلىتىپ كەلگەن.

لارنى ھەمدە شىلالڭ قۇرتىدىن ئېلىنغان قارا رەڭلىك بوياقلارنى بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ بىرىنچىدىن، بوياقلارنىڭ يارقىن، پاساھەتلىكلىكىنى ياخشىلىسا، ئىككىنچىدىن، بوياقلارنىڭ رەڭلىنىش، رەڭلەندۇرۇش ئۆمرىنى ئۇزارتقان. شۇڭا ئەجدادلىرىمىز ياسىغان بوياقلار ئاسانلىقچە ئۆڭۈپ كەتمەيتتى. ئۇلار بوياق ئۈچۈن تۇخۇمەك گۈلى، زاك، زەمچە، گېل، ئانار پوستى، ياڭاقنىڭ كۆك پوستى، ياڭاق مېغىز پاسلى، يۇلغۇن چېچىكى، رويان، تۆمۈر دىتى (قىزىل تۆمۈر)، ئۆرۈك قوۋزىقى، ئۆتچۆپ كۆللىرىدىن پايدىلىنىپ ھەر خىل رەڭلەرنى تەييارلاپلا قالماي، يەنە بۇ خىل رەڭلەرنىڭ ئاچ، توق خىللىرىنىمۇ كەشىپ قىلغان. رەڭچىلەر ھەرگىزمۇ بىر خىللا ئۆسۈملۈك ياكى بىر مەدەندىن بوياق ياسىمايتتى، بىر-بىرىنى قىسمەن ئارىلاشتۇرماي قويمايتتى.

ئۇيغۇر رەڭچى ئۇستىلار يۇلغۇن چېچىكى بىلەن زەمچە، خېنە بىلەن زەمچىلەرنى، زەيچۇۋە بىلەن خېنىنى يانجىپ قورۇق ھالەتتە بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ، ھەرخىل رەڭدىكى رەڭلەرنى تەييارلىغان. مەسىلەن، ئۇيغۇرلار خېنىنىڭ زەمچە بار شارائىتتىلا يارقىن رەڭلىك چوكمە ھاسىل قىلىپ ئاسانلىقچە ئۆچمەيدىغانلىقىنى بايقىغان. بازارلاردا سېتىلىۋاتقان ناچۇ خېنە تەركىبىدە زەمچە بارلىقى ئىسپاتلاندى. ئۇيغۇرلار ھېلىھەم ئۆيلىرىدە ھەر خىل كىيىملىرىنى بويىغان ۋاقىتتا رەڭگە ئازراق ئاشتۇزى ياكى سۇدا سېلىشىمۇ ئەنە شۇ قائىدىگە ئاساسلانغان. گەرچە بەزى مەدەن بوياقلار مەسىلەن، قىزىل تۆمۈر رۇدىسى، زاك، گېل، گەج قاتارلىقلار ئەسلىدە سۇدا ياخشى ئېرىمىسىمۇ، لېكىن ئۆسۈملۈك پىگمېنتلىرى بار شارائىتتا دەرھال ئېرىپ ئۆڭمەس بوياقلارنى ھاسىل قىلىپ نۇرغا چىداملىق بوياققا ئايلىنىدۇ. كۇچا مىڭئۆيلىرىدىكى رەسىملەر، تۇرپان سىڭگىم مىڭئۆيلىرىدىكى رەسىملەرگە ئىشلىتىلگەن بوياقلارنىڭ 1300 يىلغا يېقىن مەزگىلدە ئۆزگەرمەي ساقلىنىپ قالالىشى ئۇ خىل بوياقلارنىڭ تەركىبىدە مىنېرال ماددىلار مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. شۇنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ بوياق تۈرلىرىگە لىمون شەربىتى، قوغۇن شىرنىسى، ئۈزۈم سىركىسى قاتارلىق ماددىلارنى قوشۇپ بوياقنىڭ يېپىشىش ئىقتىدارىنى ياخشىلاشنى ئۇلار ئۆزلىرى كەشىپ قىلغانىدى.

ھەر خىل گەزلىملەرنى بوياش تېخنىكىسى ئىچىدە يىپەك بوياقچىلىقى بىرخىل نازۇك، تېخنىك تەلەپ قىلىدىغان بىر تۈر ئىدى. ئەينى ۋاقىتتا يىپەك بوياقچىلىقى يۇقىرى تېخنىكىلىق ھۈنەر تەلەپ قىلاتتى. ئەگەر بىز ئۇيغۇر ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەنئەنىۋى توقۇمىچىلىقى بىلەن بوياقچىلىق تېخنىكىسىنى بىر قەدەر تەپسىلىي تەتقىق قىلالىساق ئىدۇق، ئۇ ھالدا ئۇيغۇرلارنىڭ بوياقچىلىق ساھەسىدىكى مەدەنىيىتىنى دۇنياغا تونۇتقان بولار ئىدۇق. ۋەھالەنكى بوياقچىلىق توغرىسىدا مۇشۇ يېرىم ئەسىردىن كۆپرەك مەزگىل ئىچىدە قولغا ئالغۇدەك يازما ماتېرىيالنىڭ بولماسلىقى ئادەمنى يەنىلا ئۇزاق مەزگىل غەپلەتتە قويىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى بوياقچىلىق تېخنىكىسى خۇددى ئېچىتىش تېخنىكىسىغا ئوخشاش مىلادىدىن خېلى بۇرۇنلا ئومۇملىشىش دەۋرىنى بېشىدىن كەچۈرگەنىدى. ئانىلىرىمىز ھېيت-بايراملاردا پىشۇرۇلىدىغان تۇخۇملار ياكى بازارغا سالىدىغان تۇخۇملارنى ھېلىھەم پىياز پوستى، دەرەخ پورى، قارىگۈل، گۈلسۇرۇخ قاتارلىقلار بىلەن بىرگە قاينىتىپ، رەڭگارەڭ بوياش بىلەن خېرىدارلىقنى ئاشۇرۇپ سېتىش، كۆن-خۇرۇملارنى قارىگۈلدە بوياش بىلەن بىگىلا، كۆركەم تۇسكە كىرگۈزۈش داۋاملىشىپ كەلمەكتە.

4. رەسساملىقتا ئىشلىتىلىدىغان بوياقلار ۋە رەسساملىق

قىياتاش رەسىملىرى ئەڭ ئىپتىدائىي رەسساملىقنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، قىياتاشلارغا چېكىپ رەسىم سىزىش بىلەن ھەر خىل بوياقلاردا ئوبرازلىق رەسىم سىزىش ئۇسۇلىدا مەلۇم باغلىنىشلىق بولسىمۇ، لېكىن ھەر خىل بوياقلار بىلەن رەسىم سىزىپ، شەيئىلەرنى ئەينەن سۈرەتلەپ بېرىش يۇقىرى دەرىجىدە ھۈنەر-سەنئەت تەلەپ قىلاتتى. ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بوياقچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئۇيغۇرلارنىڭ مىلادىنىڭ دەسلەپكى مەزگىللىرىدە رەسىم سىزىش ئۇسۇلىنى بىلگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇلار قەيەردىن ئۆگەنگەن دېگەن مەسىلىلەرگە جاۋاب بېرىشتە تەتقىقات ماتېرىياللىرىمىز تېخىچە يېتەرسىز بولسىمۇ، لېكىن بىز بەزى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلارنىڭ يىل دەرۋىگە ئاساسەن، يۇرتىمىزدا رەسساملىق مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1-ئەسىرلەردە باشلانغانلىقىنى بىلەلەيمىز.

قوغۇشۇن ئېقى خوتەن تاغلىرىدىن چىقىدىغان ئاق رەڭلىك مەدەن بوياق بولغاچقا، تارىخنامىلەرگە «غۇز ئۇپىسى» دەپ خاتىرىلەنگەن. ئۇ رەسىمچىلىك ۋە بوياقچىلىقنىڭ ئاساسلىق بويىقى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاق رەڭگىنى ھەرقانداق بوياق يۇتۇپ كېتەلمەيدۇ. ئەمما بۇ خىل بوياق ھاۋادىكى

هىدروسۇلفىد گازىنىڭ تەسىرىدە قارا رەڭلىك قوغۇشۇن سۇلفىدنى هاسىل قىلىدۇ. رەسساملار پاختىنى سۇغا چىلاپ، هۆل پاختا بىلەن بۇ خىل بوياقتا بويالغان بۇيۇمنىڭ يۈزىنى سۈرتۈۋەتسىلا، زادىلا قارايمايدىغان ئاق رەڭلىك⑤ بوياققا ئۆزگىرىدۇ. قوغۇشۇن ئېقى هېلىهەم بەزەن چاچ بوياقلىرىنىڭ ئاساسلىق بويىقى بولۇش بىلەن بىرگە بازارلىرىمىزدا داۋاملىق ئۇچراپ تۇرىدۇ.

كۆكتاش، مىس يېشىلى، تۇز تېشى قاتارلىق مىسنىڭ كاربوناتلىق بىرىكمىلىرى رەسساملار ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان ئەلا سۈپەتلىك كۆك بوياقلار ئىدى. سۈرمە (ستىبىي ئوكسىد) گىرافىتلار قارا رەڭلىك بوياق ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا رويان (ئالىزارىن، قىزىل رەڭلىك بوياق)، كارمىن بوياقلىرى قىزىل رەڭ ئورنىدا ئىشلىتىلەتتى. بەزى يەرلەردە يەنە كىنوۋار، گىل، زاك، يېشىل تاش، قۇرۇم (كۆمۈر كۈيىسى)، جىگدە يېلىمى، شاپتۇل يېلىمى دىۋىرقاي، ھەر خىل شەربەتلەرمۇ رەسسامچىلىق ئىشلىرىدا كۆپ ئىشلىتىلەتتى، شەربەت قوشۇپ نۆكچە ھالىتىدە تەييارلانغان بوياقلارنىڭ خېرىدارى كۆپ، بازىرى ئىتتىك بوياقلار ئىدى.

**5. سىرچىلىق ۋە سىرچىلىقتا ئىشلىتىلىدىغان بوياقلار**

تام-تورۇسلارنى گەجلەش، تاپسا ۋە ئوچاق باشلىرىغا سېغىز يالىتىش ئۇسۇللىرىنى ئەڭ ئىپتىدائىي سىرچىلىق دېيىشكە بولىدۇ، سىرچىلىق مانا مۇشۇ ئاساسدا بارلىققا كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

گەج (سىگىرتاش) تەگرىتاغلىرىنىڭ غەربىي جەنۇب تەرەپلىرىدە كەڭرى ئۇچرايدىغان، يۈزىدە سەل يېرىقچىلىرى بولغان قىزغۇچ ئاق رەڭلىك بىر خىل تاش. ئۇنى گەج چىقىدىغان كانلاردىن كولاپ ئېلىپ، هاك خۇمدىنىدا كۆيدۈرۈپ ئاندىن سوقىدا يانجىپ كۆكۈن هالىتىگە كەلتۈرۈپ سۇۋاقچىلىق، بوياقچىلىق، سىرچىلىق ئىشلىرىغا ئىشلىتىشكە بولىدۇ، كۆيدۈرۈلگەن گەجنىڭ قىزغۇچ رەڭگى يوقاپ، ئۇنى باشقۇرۇش ئاسان بولىدۇ. كۆكۈنىگە سۇ قۇيغاندا قاتسىلا ئاسانلىقچە ئۆركۈپ كەتمەيدىغانلىقى ئۇنىڭ ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى كالتسىي سۇلفاتنىڭ خىمىيەۋى خۇسۇسىيىتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ.

سىرچىلىق مەنىۋى مەدەنىيەت يۈكسەلگەنلىكىنىڭ ئىنكاسى بولۇپ، مىمارچىلىقنىڭ ئەڭ ئەلا شەكلى. تەبىئىي سىر ئادەتتە سىر دەرىخىدىن ئېلىنىدۇ. سىر دەرىخىدىن يىغىۋېلىنغان سىرنى ئاپتاپتا سەل پارلاندۇرۇپ، تازىلاپ ئاندىن ئۇنىڭغا مىنېرال بوياقلارنى قوشۇپ ئىشلەتسە سىر ھاۋادا ئوكسىدلىنىپ، قۇرۇپ، نېپىز پارقىراق بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلىپ، بوياقنىڭ ئۆركۈپ كېتىشىنى قوغداپ قالىدۇ.

سىرلارنىڭ تۈرلىرى كۆپ بولۇپ، قوغۇشۇن ئېقى، گىل، زاك، ھەر خىل رەڭلىك مىس رۇدىلىرى (كۆك، يېشىل، سۇس يېشىل)، قىزىلتاش، كىنوۋار قاتارلىق رۇدىلارنىڭ كۇكۇنلىرىغا توڭگو دەرەخ مېيى، ئابدىمىلىك مېيى، شاپتۇل مېغىزى مېيى، ياڭاق مېغىزى مېيى، ياغاچ يېلىمى (تېرىپۇرۇشتىن ئېلىنغان يېلىم) قاتارلىق بىر قەۋەت پەردە ھاسىل قىلىدىغان ماددىلارنى ئارىلاشتۇرۇپ، ھەر خىل لاك (سىر) لارنى ياساپ، پېشايۋان، ئوردا، ساراي، تام - تورۇسلار ۋە ئۆي جازىلىرىنى سىرلاشقا ئىشلىتىپ كەلگەن. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 10-، 20-يىللىرى سېلىنغان ئاقسۇ كونا شەھەردىكى سارايلار، ھەر قايسى جايلاردىكى مەدرىسلەرنىڭ تام-تورۇسلىرى، تۈۋرۈك، دېرىزە كېشەكلىرىگە ئىشلىتىلگەن سىرلار ۋە «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»تىكى سىر ۋە سىرچىلىققا ئائىت ئۇچۇرلار، دىيارىمىزدا سىرچىلىق ھۈنەرلىرىنىڭ ئەڭ كېيىن دېگەندىمۇ مىلادىيە 3-، 4-ئەسىرلەردە تەرەققىي قىلىش باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ.

«دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» بوياقچىلىققا ئائىت ئۇچۇرلار بىرقەدەر مەركەزلەشكەن نادىر ئەسەر بولۇپ، «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك» 1-توم 121-بەتتە «رۇشا» — قىزىل توپا، ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى ئالیۇمىن بىلەن ماگنىي سىلىكاتىنىڭ ئارىلاشمىسى بولۇپ رەڭگى قىزغۇچ، يېپىشقاق بولىدۇ، يەنە كاۋلىن توپىسى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئادەتتە بوياقچىلىقتا ۋە ساپالچىلىقتا ئىشلىتىلىدۇ؛ 163-بەتتە «ئۆلەن» رويان (قىزىل رەڭلىك ئۆسۈملۈك بوياق، ئالىزارىن قىزىلى دەپمۇ ئاتىلىدۇ)، 565-بەتتە كاسىن دەرەخ قوۋزىقى (قىزىل رەڭلىك قوۋزاق)؛ 570-بەتتە قوغۇشۇن ئۇپا (قوغۇشۇن ئېقى دەپمۇ ئاتىلىدۇ، ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى: قوغۇشۇن ئاساسلىق كاربونات، خوتەن تاغـ

⑤ پاختا سۇدا هىدروكسىد هاسىل قىلغاچقا، ئۇ قارا رەڭلىك قوغۇشۇن سۇلفىدنى ئوكسىدلاپ، ئاق رەڭلىك قوغۇشۇن سۇلفاتقا ئايلاندۇرىدۇ، بۇ ماددا ئاسانلىقچە رەڭ ئۆزگەرتمەيدۇ.

لىرىدىن كۆپ چىقىدۇ، مايسىمان سىلىق تاش، سىرچىلىق، بوياقچىلىقنىڭ خام ئەشياسى ھەمدە چاچ بويىقىنىڭ مۇھىم تەركىبي قىسمى، ھېلىھەم بازارلاردا سېتىلىدۇ)؛ كىنوۋار (قىزىل رەڭلىك مەدەن، ئاساسلىق خىمىيەۋى تەركىبى: سىماب سۇلفىد، ئۇنىڭ قىزىل ۋە قارا رەڭلىكتىن ئىبارەت ئىككى خىل تۈرى بار)؛ 581-بەتتە زاك (جىگەر رەڭلىك بىر خىل بوياق) دېگەن ئاتالغۇلار ئۇچرىسا، 2-توم 24-بەتتە «توق قىزىل»، «قېنىق قىزىل»؛ 222-بەتتە «بوياق»، 359-بەتتە «سىرلاندى، ئاياغ سىرلاندى، يەنى ئاياغنىڭ ئۈستىگە نەقىشلەش ئۈچۈن سىر سۈرتۈلدى» دېگەن سۆزلەر ۋە 3-توم 24-بەتتە «قىلنو بىلسە قىزىل كېزەر، يارانۇ بىلسە يېشىل كېزەر-قىلىقلىناي دېسە قىزىل كىيەر، يارىناي دېسە يېشىل كىيەر (خوتۇنلار ئېرىگە جىلۋىلىنىپ كۆرۈنمەكچى بولسا، قىزىل يىپەك كىيىدۇ؛ ئەركىلەپ يارانماقچى بولسا يېشىل يىپەك كىيىدۇ». 145-، 166-، 214-بەتلەردە «چىت»، «ئالا چىپار»، «گۈللۈك چىت»، «ئۆل كىگىز ئاسرىلادى»، ئۇ كىگىزنى قاپلان رەڭگىگە كىرگۈزدى، يەنى كىگىزگە ئالا-چىپار گۈل باستى»، «سال»— سىر، يېلىمدىن ياسالغان يېپىشقاق، مايسىمان سۇيۇقلۇق، چىن قاچا-قۇچىلىرى ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەرگە سۈرۈلۈپ، ئۈستىگە گۈل سىزىلىدۇ» دېگەنگە ئوخشاش بوياقچىلىق تېخنىكىسىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ئاتالغۇلار ۋە مەشغۇلاتلار ئۈستىدە مەلۇمات بەرگەن.

1985-يىلى 9-ئايدا چەرچەن ناھىيەسىنىڭ جەنۇبىدىكى توققۇز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى قەبرىستانلىقنى قازغاندا، شامان دىنىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان نەپىس ئىشلەنگەن گۈل، كەشتىلەر بېسىلغان رەڭگارەڭ كىيىم-كېچەكلەر، ھەر خىل رەڭلىك يۇڭ توقۇلمىلار، تەڭلىمات، رەڭدار يۇڭ كۆڭلەك، شايى، چەيپە⑥ يۇڭ يىپ، ئىچى قىزىل، تېشى تۆتلۈك بۆكلەر قېزىۋېلىندى. قومۇلدىكى بەش قەلئە خارابىسىدىن مىلادىدىن ئىلگىرىكى 1200-يىللارغا تەۋە رەڭلىك توقۇلمىلاردىن سەككىز خىل رەڭدار يىپتا توقۇلغان يۇڭ چەكمەنلەر قېزىۋېلىندى. بارچۇقتىكى توققۇز ساراي خارابىسىدىن «قىزىل، كۆك، سېرىق، ئاق رەڭلىك يىپلار بىلەن توقۇلغان چۈجە سۈرىتى، شاپتۇل چېچىكىنىڭ بەرگىسى كەشتىلەنگەن يۇڭ پالاس»لارنىڭ تېپىۋېلىنىشى ئەينى ۋاقىتتىكى بوياقچىلىقنىڭ مىلادىدىن ئىلگىرىلا خېلى تەرەققىياتلارغا ئىگە ئىكەنلىكىنى بىزگە چۈشەندۈرۈپ بەردى. ئۇنىڭدىن باشقا يېقىندا نىيە ناھىيەسىدىكى قەدىمكى خارابە ئىزىدىن ھەر خىل رەڭدە سىرلانغان ياغاچلار، پەرداز بۇيۇملىرى، پەرداز قۇتىسى، ئۈزۈم سۈرىتى چۈشۈرۈلگەن يۇڭ چەكمەن، كەشتىلىك ئەينەك قېپى ⑦ ۋە ھەر خىل رەڭلىك يىپلار تېپىۋېلىندى. مۇتەخەسسىسلەر ئۇلارنىڭ يىل دەۋرىنىڭ بۇنىڭدىن 3800 يىللار ئىلگىرىگە تەۋە بولۇپ، شىنجاڭ ۋە ئىچكى ئۆلكىلەردە توقۇلغان توقۇلمىلار ئىچىدە ئەڭ بۇرۇنقى توقۇلما ئەۋرىشكىسى دەپ قارىدى.

لى دى ئەپەندى شىنجاڭ گېزىتىنىڭ 1987-يىلى 7-ئاينىڭ 9-كۈنى ئېلان قىلغان «ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ پەن مەدەنىيەتكە قوشقان تۆھپىسى» دېگەن ماقالىسىدە «پاختا توقۇمىچىلىق بۇيۇملىرىنى شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر كەشىپ قىلغان... موم بىلەن گۈل بېسىش تېخنىكىسىنىمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر كەشىپ قىلغان» دەپ مەلۇمات بەرگەن. بۇنىڭدىن خەلق ئىچىدە يېقىنغا قەدەر ساقلىنىپ قالغان ماتاغا گۈل بېسىش (سەرگازچىلىق)، چەكمەن بوياقچىلىقى، ئەتلەس بوياقچىلىقى، كۆن-خۇرۇم بوياقچىلىقلىرىنىڭ ئۇزاق تارىخىي جەريانىنى بېشىدىن كەچۈرگەن ئەنئەنىۋى ھۈنەرلەرنىڭ بىرى ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

كوراپاتكىننىڭ «قەشقەرىيە» دېگەن كىتابىنىڭ 96-، 97-، 115-بەتلىرىدە قەشقەر خەلقىنىڭ باغلىرىغا تېرىپ ئۆستۈرىدىغان قارىگۈلنى قارا رەڭلىك بوياق ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقى، قەشقەر يېڭىسارنىڭ تۇخۇمەك گۈلى ۋە قەشقەردە تېرىپ ئۆستۈرۈلىدىغان «چايماق» گۈللىرى سېرىق رەڭ ئورنىدا ئىشلىتىلىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۇچۇر بېرىپلا قالماي، يەنە رۇسىيەدىن كىرگۈزۈلىدىغان سەندەل قىزىل رەڭلىك بويىقى بىلەن ھىندىستان كۆكى (نىل بوياق) ئەينى ۋاقىتتا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان بوياقلار ئىكەنلىكى توغرىسىدا مەلۇماتمۇ بەرگەن، يەنە خوتەن

⑥ يۆگەلمە يۇڭ يىپ دېگەن مەنىدە.

⑦ كەشتىنىڭ تېگى يېشىل، قىرغىقىغا جىگەر رەڭلىك شايىدىن جىيەك تۇتۇلغان، سېرىق، كۆك، سۆسۈن، قارا، جىگەر رەڭلەردە گۈل بەرگىسى چۈشۈرۈلگەن.

گىلىمى، تەگلىمات، بۆز پالاسلار پەرغانىگە چىقىرىلىپ،
پەرغانىدىن «رويان» (ئالىزارىن قىزىلى) بويىقى كىرگۈ-
زۈلىدىغانلىقى توغرىسىدا تەپسىلىي توختالغان.

خىمىيە تارىخىي ماتېرىياللىرىدا خەۋەر قىلىنىشىچە،
مىسىردا «نەچچە مىڭ يىلدىن بۇرۇنقى قۇرۇپ قالغان جە-
سەتنىڭ كىيىمى تۆمۈر كۆك بوياق (نىل) بوياقتا بويالغان
بولسىمۇ، سۈپىتى ئۆزگەرمىگەن»لىكى، ئۇيغۇرلار ئۆزلە-
رى ياسىغان بىر قىسىم بوياقلارنى ئوتتۇرا تۈزلەڭلىك ۋە
قوشنا ئەللەرگە ئېلىپ بېرىپ سېتىپلا قالماي، قوشنا ئەل-
لەردىنمۇ بەزى رەڭلەرنى ئېلىپ كىرىپ يۇرتىمىزنىڭ بو-
ياقچىلىق ئىشلىرىنى ئىلگىرى سۈرگەن، يەنە «ئېۋكالفت
يېلىمى»⑧، «كاسالپىنىيە قىزىل رەڭلىك بويىقى»⑨،
«ھىندىستان كۆكى» قاتارلىق بوياقلار بىرازىلىيە، رۇسى-
يە، ھىندىستانلاردىن كىرگۈزۈلىدىغانلىقى خاتىرىلەنگەن.
يۇقىرىقىلاردىن باشقا يەنە «دوف ئەپسىس بويىقى» دېيى-
لىدىغان قارا رەڭلىك بىر خىل بوياقمۇ بولۇپ، ئۇ
كاۋچۇك دەرىخىنىڭ پۇتىقى ئىزىدىن ئېقىپ چىقىدىغان
كاۋچۇك يېلىمىنى قىزىل تۆمۈر رۇدىسى بويىقى بىلەن
بەلگىلىك نىسبەتتە ئارىلاشتۇرۇپ ئېلىنىدىغان بىر خىل
سىر بولۇپ، بۇ خىل سىر (ياكى مايلىق بوياق) يۇرتىمىز-
غا مىلادى 7-، 8-ئەسىرلەردە كىرىشكە باشلىغان بازىرى
ئىتتىك بوياق (ياكى سىر) ئىدى. يەنە ھىندىچىندىن چىقى-
دىغان كارسىنىيە يېلىمىمۇ بولۇپ، بۇ خىل يېلىم يىپەك
يولى ئارقىلىق يىراق شەرقتىمۇ بازار تاپقان. ئۇ ئادەتتە
سېرىق ياكى ئالتۇن رەڭدە بولۇپ، «كۇممۇگۇت
بوياق» دەپ ئاتىلاتتى. رەسساملار، بوياقچىلار، دورى-
گەر ئۈچۈن كەم بولسا بولمايدىغان بوياق ئىدى.

شىنجاڭغا مۇناسىۋەتلىك ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمى-
لار ۋە تارىخىي ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا، ئەجدادلىرى-
مىز بوياقچىلىق ئىشلىرىدا مەنىۋى جەھەتتىكى سىرچىلىق،
بىناكارلىق ئىشلىرىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەنىدى.
ۋاڭ يەندىنىڭ قوچۇغا ئەلچىلىككە بېرىش دېگەن كىتابىدا
قوچۇدا ئۆي-ئىمارەتلەر گەج بىلەن ئاقارتىلىدىكەن دەپ
ئۇچۇر بەرگەن بولسا، فاشيەن ئۇدۇن خاقانى تۇرىدىغان
شەھەردىكى بىر كاتتا بۇددا ئىبادەتخانىسى توغرىسىدا
مەلۇمات بېرىپ: ئۇنىڭغا نەقىشلەر ئويۇلۇپ، ئۇنى ئالتۇن
-كۈمۈشلەر بىلەن بېزەپتۇ، ... ئۇنىڭ لىم-تۈۋرۈك،
ئىشىك-دېرىزىلىرىنىڭ ھەممىسىگە ئالتۇن قەغەز ئىشلىتىل-
گەنىدى،... دەپ يېزىپ قالدۇرغان. «يېڭى تاڭنامە»دە
ئۇدۇندا رەسىم سىزىلغان ھۇجرىدا خان يېتىپ قوپىدۇ
دەپ تەرىپلەنگەن بولسا، زىماركوس بىلەن شۈەنزاڭ كۇ-
سەندىكى خان ئوردىلىرىنىڭ رەڭگارەڭ يىپەك توقۇلمى-
لاردىن تەييارلانغان چىملىدىقلار ۋە كۆزنى قاماشتۇرىدى-
غان ئالتۇن رەڭلىك گۈللەر بىلەن بېزەلگەنلىكىنى قەيت
قىلىدۇ. يېقىندىن بۇيانقى ئارخېئولوگىيەلىك قېزىلمىلار
شەھەر خارابىلىرىدىن تېپىۋېلىنغان گەج ۋە سېغىز پارچىلى-
رى دەل بۇلارنىڭ ئىسپاتى.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:


① قۇربان ۋەلى: «قىزىل مىڭئۆي رەسىملىرى ھېكايىسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985-يىلى، 7-بەت.

② «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى، 1998-يىلى، 5-، 6-سانلىرى 91-بەت.

③ ساۋ يۈەنيۇ: «جۇڭگو خىمىيەسىدىن پاراڭلار»، جياڭسۇ پەن-تېخنىكا نەشرىياتى، 1979-يىلى، (خەنزۇچە) 136-بەت، 169 - بەت.

④ «خىمىيە تەرەققىيات قىسقىچە تارىخى»، «خىمىيە تەرەققىيات قىسقىچە تارىخى»نى تۈزۈش گۇرۇپپىسى تۈزگەن، ئىلىم-پەن نەشرىياتى، 1980-يىلى، (خەنزۇچە) 19-بەت.

⑤ «شىنجاڭ مەدەنىي يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، 1997-يىلى، 3-، 4-سانلىرى، 56-بەت.

⑥ شىپ: [ئامېرىكا] «تاڭ دەۋرىدە سىرتتىن كەلگەن مەدەنىيەتلەر»، جۇڭگو ئىجتىمائىي پەنلەر نەشرىياتى، 1995-يىلى، (خەنزۇچە) 459-بەت.

⑦ فولك بىرىگمان: (شىۋېتسىيە) «ئوتتۇرا ئاسىيا ئېكسپېدىتسىيە مەجمۇئەسى، شىنجاڭ ئارخېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى، 539-بەت.

⑧ تىخونوف: (رۇسىيە) «مەركىزىي ئاسىيا تارىخىغا ئائىت ماتېرىياللار، ئۇيغۇر ئېلىنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈمى 10-، 14-ئەسىرلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000-يىلى، 327-بەت.


(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىدا)

---

⑧ بۇ كالوموس پىلىكىدىن تازىلاپ ئېلىنىدىغان قىزىل رەڭلىك بىر خىل يېلىم، بوياقچىلىقتا رەڭ ئالدۇرغۇچى قىلىنىدۇ. سىرلارغىمۇ قوشۇلىدۇ.

⑨ بۇ كاسالپىنىيە دەرىخىدىن تازىلاپ ئېلىنىدىغان بىر خىل قىزىل رەڭلىك بوياق بولۇپ، ساپال قاچىلار ۋە ياغاچ قاچىلار، ئوردا - سارايلارنىڭ تورۇسلىرىنىڭ ياخشى سىرى ۋە بويىقى.

# ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ چاچ گۈزەللىك قارىشى ۋە چاچ پەرھىزلىرى




«تاراقسىز چاچنىڭ زىننىتى بولماس»

— خەلق ماقالى

دۇنيادا گۈزەللىككە ئىنتىلمەيدىغان، چىرايلىق بولۇشنى خالىمايدىغان بىرمۇ ئىنسان بولمىسا كېرەك. شۇ قاتاردا ئۇيغۇر خەلقىمۇ گۈزەللىككە، پاكىزلىققا ئىنچىل ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن قەدىمىي مەدەنىيەتلىك مىللەتلەرنىڭ بىرىدۇر. بولۇپمۇ ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىيىنىش، تارىنىش، جۈملىدىن چاچ گۈزەللىكىگە بولغان چۈشەنچىلىرىدە ئۆزگىچە ئادەت قاراشلىرى شەكىللەنگەن. ئۇيغۇر ئاياللىرى قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپلا ئۇزۇن چاچ قويۇشقا ئادەتلەنگەن. خەلقىمىزنىڭ ئېستېتىك قارىشىدا، ئۇزۇن چاچ ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرىنىڭ گۈزەللىكىنى ئۆلچەيدىغان مۇھىم ئۆلچەم بىرلىكلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان. ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى بولسا چېچىنىڭ توملۇقى، ئۇزۇنلۇقى ھەم قارىلىقى بىلەن پەخىرلەنگەن ھەم باشقىلار تەرىپىدىن «سۇمبۇل چاچ»، «بوستان چاچ»، «قارا چاچ» دېگەن گۈزەل سۈپەتلەر بىلەن تەرىپلەنگەن. شۇڭا، ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۆز چېچىنىڭ قارا، پارقىراق، توم ۋە ئۇزۇن بولۇشى ئۈچۈن چېچىنى پەرۋىش قىلىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بىلەن قاراپ، چاچنى ئاسراشقا دائىر بىر قاتار تەبىئىي بولغان يەرلىك ئادەت ۋە ئۇسۇللارنى بارلىققا كەلتۈرگەن. ئۇلار چاچ ئوزۇقى ئۈچۈن سىيادان مېيى، ئوسما سۈيى، شاپتۇل ۋە بادام مېغىزى، تۇخۇم، جىگدە يېلىمى، قوينىڭ قۇيرۇق مېيى قاتارلىقلارنى ئىشلەتكەن. بولۇپمۇ جىگدە يېلىمىنىڭ ئاياللار تەرىپىدىن چاچ ئوزۇقى ئورنىدا ئىشلىتىلىپ كەلگەنلىكىنىڭ تارىخى ئىنتايىن ئۇزاق. چۈنكى، جىگدە قۇرغاق ۋە يېرىم قۇرغاق رايونغا ماس كېلىدىغان مېۋىلىك دەرەخ بولغاچقا، قەدىمدىن تارتىپلا شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆپرەك ئۆستۈرۈلۈپ كەلگەن.

جىگدە يېلىمى جىگدە دەرىخى غولىدىن ئاجرىلىپ چىقىدىغان بىر خىل قېتىشما سۇيۇقلۇق. جىگدە يېلىمى سۇغا چېلىنىپ يۇمشۇتۇلغاندىن كېيىن، يۇيۇپ تازىلانغان چاچقا سۇۋاپ تارغاقتا تاراپ ئاندىن سۈزگۈچتە (سۈزگۈچنىڭ ياغاچ تېلى تارغاققا قارىغاندا ئىنچىكە ھەم ناھايىتى زىچ بولۇپ، تارغاق چاچتىن چىقىرالمىغان ھەر قانداق چاپلاشمىلارنى پاكىز تازىلاش رولىغا ئىگە) سۈزۈپ يېلىمنىڭ قالدۇقىنى ۋە يېلىم ياغاچلىرىنى تازىلاپ ئاندىن ئۆرۈيدۇ. بۇ «يېلىم چېپىش» دەپ ئاتىلىدۇ. جىگدە يېلىمى چاچنى قارىدىتىش، چاچنىڭ يىلتىزىنى چىڭىتىپ قۇۋۋەتلەش، چاچنىڭ بالدۇر ئاقىرىپ كېتىش ۋە چۈشۈپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، چاچنىڭ پارقىراقلىقىنى ئاشۇرۇش ۋە چاچنى قاتۇرۇپ چاچ پاسونىنى ئۇزاققىچە ساقلاشتەك بىر قاتار ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە بولغاچقا، جىگدە يېلىمى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تۇرمۇشىدا كەم بولسا بولمايدىغان مۇھىم پەرداز بۇيۇملىرىنىڭ بىرى بولۇپ قالغان. شۇڭا بىزنىڭ ئانىلىرىمىز جىگدە يېلىمىنى چاچقا چېپىش ئادىتىنى ئۇزاق يىللاردىن بۇيان داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇيغۇر خەلقىنىڭ چاچقا بولغان گۈزەللىك قارىشىدا چاچنىڭ توم قارا ۋە ئۇزۇن بولۇشىنى ئۆلچەم قىلغان. شۇڭا، ساھىبجا-

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ماللارنى «قۇندۇزدەك قارا بوستان چاچلىرى تېقىمىغا چۈشۈپ تۇرىدۇ» دەپ تەسۋىرلىگەن.

چاچ بىلەن ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئېتىقادى ۋە گۈزەللىك قارىشى ئورگانىك بىرىكىپ كەتكەن. قەدىمكى دەۋرلەردە خەلقىمىز ئانىمىزملىق ئېتىقادىنىڭ تەسىرىدە چاچنى ئۇلۇغلىغان. چۈنكى، چاچنىڭ ئۆسۈشى ئۆسۈملۈكلەرگە ئوخشىغاچقا، كىشىلەر ئۇنى ئۇلۇغلاش، ئاسراشنى خاسىيەتلىك دەپ بىلگەن. شۇڭا ئۇلار باشتىن-ئاخىر ئۇزۇن چاچ قويۇشنى بىر خىل ئەنئەنە سۈپىتىدە داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن ھەمدە چاچقا دائىر بىر قاتار پەرھىزلىك قاراشلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنى مەجبۇرىيەت دەپ بىلگەن. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىلىرى تۆۋەندىكىچە:

1) چاچ تاراشقا مۇناسىۋەتلىك بولغان پەرھىزلىك قاراشلار

ئۇيغۇر قىز-ئاياللىرى ئادەتتە چېچىنى ھەرگىز قۇرۇق تارىمايدۇ. چۈنكى «چاچنى ھۆللىمەي قۇرۇق تارىسا، قۇرۇق سۆز-چۆچەككە قالىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ قاراش ئىلمىي ئاساسقا ئىگە. چۈنكى چاچنى قۇرۇق تارىغاندا، چاچنى ھۆللەپ تارىغانغا قارىغاندا چېگىچى ئاسان چىقماي كۆپرەك ئۈزۈلۈپ چۈشۈپ كېتىدۇ. شۇڭا بىزنىڭ ئانىلىرىمىز: «چاچنى قۇرۇق تارىسا يامان بولىدۇ»، دېگەن بۇ پەرھىزلىك قاراش بىلەن چاچنى ئاسراشقا دەۋەت قىلغان. ئۇيغۇر جەمئىيىتىدە يەنە ئاياللار چارشەنبە، پەيشەنبە كۈندە چاچ تاراشتىن پەرھىز تۇتىدىغان ئادەتمۇ بولغان. جۈملىدىن، پەيشەنبىدە چاچ تاراشنى بىر تۇغقان قېرىندىشىنىڭ يۈزىنى كۆرەلمەسلىككە، چارشەنبىدە چاچ تاراشنى ئېرى ئۆلۈپ كېتىپ تۇل قالىدىغانلىقىغا جورۇغان. خەلق ئارىسىدا ھازىرمۇ «مەزلۇم كىشى چارشەنبىدە چاچ تارىسا تۇل بولغاي، تۇلدىن ئۆتۈپ كۆل بولغاي» دېگەن قاراش بار. چاچنى كۆپىنچە دۈشەنبە ۋە جۈمە كۈندە تاراشنى ئادەت قىلغان. بولۇپمۇ «قىزلار جۈمە كۈندە چاچ تارىسا، تەلىيىگە تۇخۇمدەك تەلەي قوشۇلار» دېگەن قاراش ناھايىتى كەڭرى تارقالغان. ئەمەلىيەتتە، ئۇيغۇرلار ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلغاندىن كېيىن جۈمە كۈنى دەم ئېلىش يولىغا قويۇلغان. دىنىي رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، خىرىستىيان ۋە كاتولىك دىنىدىكىلەر: «تەڭرى دۇنيانى يەكشەنبە كۈنى بىنا قىلىشقا باشلىغان» دەپ قاراپ، شۇ كۈننى دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتكەن. ئىسلام دىنى بولسا ئۆزىنى بۇ دىنلاردىن پەرقلەندۇرۇپ: «ئاللا بۇ دۇنيانى يەكشەنبە بىنا قىلىشقا باشلاپ، جۈمە كۈنى تاماملىغان» دەپ قاراپ جۈمە كۈننى دەم ئېلىش كۈنى قىلىپ بېكىتكەن. شۇڭا تازىلىق قىلىشنى دەم ئېلىش كۈنى ئېلىپ بارسا قولايلىق بولىدۇ دەپ قارالغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە ئايەم كۈنى چاچ تاراشتىن، قۇربان ھېيتتىن بىر ھەپتە



بۇرۇن ۋە ھېيت كۈنى ھېيت نامىزى ئوقۇلۇپ بولغۇچە چاچ تاراشتىن چەكلىنىدۇ. شۇڭا، ئاياللار يۇقىرىقى كۈنلەر كېلىشتىن بۇرۇن چاچلىرىنى تارىۋېلىپ تەييارلىق قىلىدۇ. بۇ پەرھىزلەر بەلكىم خاسىيەتلىك ۋاقىتلاردا مەينەت نەرسىلەرنى قالدۇرماسلىق سەۋەبىدىن بولغان بولۇشى مۇمكىن. ئۇيغۇر ئاياللىرى يەنە چاچ تارايدىغان يەرنىمۇ تاللايدۇ. ئادەتتە ئۇستى ئوچۇق، ئاپتاپ چۈشۈپ تۇرىدىغان يەردە چاچ تاراشتىن پەرھىز قىلىدۇ. چۈنكى قۇياش نۇرى چۈشكەن جايدا چاچ تارىسا چاچنىڭ ھۆللۈكى يوقاپ ئاسان قۇرۇپ كېتىدۇ. قۇرۇق چاچنى تاراش ھۆل چاچنى تاراشقا قارىغاندا تەس بولىدۇ. شۇڭا چاچنى كۈن چۈشمەيدىغان سايە جايدا تاراش مۇۋاپىق. بۇ خىل پەرھىزلىك قاراش يەنە بىزنىڭ كۈننى ئۇلۇغلاشتىن ئىبارەت قۇياش ئېتىقادچىلىقىمىز بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك.

2) چاچ ئۆرۈشكە مۇناسىۋەتلىك بولغان پەرھىزلىك قاراشلار

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ ئۆرۈش ئادىتى مىللىي خاسلىققا ئىگە بولۇپ، چاچ شەكلى، چېچىنىڭ ئۆرۈمە سانى، پېشانە، ماڭلاي چاچ شەكلىدىكى ئۆزگىرىشلەر ئۇلارنىڭ بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق، چوكانلىق، جۇۋانلىق ۋە قېرىلىق دەۋرلىرىدىن دېرەك بېرىدۇ. بۇرۇن قىز ـ ئاياللىرىمىزدا چاچ ئۆرۈشتە ئادەتتە، ياتلىق بولمىغان قىزلارنىڭ چېچىنى 15، 17، 21 تال ھەتتا 41 تال قىلىپ تاق، ياتلىق بولغاندىن كېيىن جۈپ ئۆرۈلەتتى. ئېرىدىن ئايرىلغان ياش ئاياللار تۇللۇقىنىڭ بەلگىسى ھېسابىدا چېچىنى بەش، يەتتە، توققۇز تال قىلىپ ئۆرۈۋالاتتى. نەۋرىلىك بولغان ئاياللار ئۇزۇن چېچىنى ئىككى تال ئۆرۈپ، ئۇنى چاچتەڭگە بىلەن جۈپلىۋالاتتى. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئۆرۈمە چاچلىرىغا چاچتەڭگە، چاچ ئاسقۇ ئېسىشى قەدىمكى دەۋردە شەكىللەنگەن ئادەت. بۇ چاچ ئاسقۇلار ئىچىدىمۇ دەسلەپتە بۆرە ئوشۇقىنىڭ چاچ ئاسقۇ ئورنىدا ئىشلىتىلگەنلىكى مەلۇم. بۇ بىزنىڭ بۆرە تۆتېم ئېتىقادىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك. كېيىنكى دەۋرلەردە چاچقا كۈپۈنچە تۈچ، مىس، كۈمۈشتىن ياسالغان چاچ ئاسقۇلار ئېسىش ئادەتكە ئايلانغان. چاچتەڭگە ـ گويەكلەر قىز ـ ئاياللارنىڭ لاتاپەتلىك، جەزبىدارلىقىنى ئاشۇرۇش رولىنى ئوينىغان.

دېمەك، ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چاچ تۇرىگە قاراپلا ئۇنىڭ قىز، چوكان، جۇۋان، نەۋرىلىك بولغان ئايال، ياشانغان ئايال ۋە تۇل ئايال ئىكەنلىكىنى پەرقلەندۈرگىلى بولاتتى. بىراق، بۈنداق چاچ مەدەنىيىتى بۈگۈنكى كۈندە ئۆز مەۋجۇتلۇقىنى ئاللىقاچان يوقاتتى. ئۇيغۇرلاردا يەنە ئاياللارنىڭ چېچىنى بىر تال قىلىپ ئۆرۈۋېلىشىنى ئەر تەلەپ قىلىش دەپ قاراپ، يامان ئېلىنىدىغان ۋە چەكلىنىدىغان قاراشلارمۇ بولغان. بىراق بۈگۈنكى كۈندە بۇ خىل قاراشمۇ ئېتىباردىن قالدى. ئۇيغۇر ئاياللىرى چاچ تاراشتا يەنە باشنى يۇيۇشقا تۇتۇنغاندا ئالدى بىلەن ئۆرۈمە چاچنى سول تەرەپتىن چۇۋۇيدۇ. باشنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن چاچنى ئۆرۈشتە، چاچنى ئالدى بىلەن ئوڭ تەرەپتىن ئۆرۈيدۇ. بۇمۇ بىزدىكى «ئوڭنى» ئۇلۇغلاش قارىشىمىزدىن كېلىپ چىققان قاراش بولۇشى مۇمكىن. خەلق ئارىسىدا يەنە چاچ تارىغاندا باشنىڭ بىر تەرىپىنى تاراپ، يەنە بىر تەرىپىنى تارىمىغاندا، چاچ ئىگىسىنى ئىت چىشلەۋالىدۇ دەپ قارايدىغان خۇراپىي قاراشلارمۇ ساقلىنىپ قالغان. ئەمەلىيەتتە بۇ، گۈزەللىكنى ئۆلچەم قىلغان قاراشتۇر. چۈنكى، چاچنىڭ يېرىمىنى تاراپ، يېرىمىنى تارىمىغاندا، شۇ ئايالنىڭ گۈزەللىكىگە تەسىر يېتىدۇ. ئاياللار چاچ تارىغاندا چاچ يارمىسىنى يانتۇ ئايرىسا ۋە چاچ يارمىسىنى كۈن كۆرسە يامان بولىدۇ دەپ ئېرىمدايدىغان قاراشلارمۇ مەۋجۇت. ئەگەر چاچ يارمىسى يانتۇ ئايرىلسا ئۇ دۇنياغا بارغاندا شۇ ئايالنىڭ بۇ دۇنيادا قىلغان ياخشى ـ يامان ئىشى ھەققىي، ئادىل ھالدا ئايرىلمايدۇ، دەپ قارىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە چاچ يارمىسىنى يانتۇ ئايرىغاندا، ئاياللارنىڭ يۈز شەكلىنىڭ سىممېترىك گۈزەللىكىگە تەسىر يېتىدۇ. «چاچ يارمىسىنى كۈن كۆرسە يامان بولىدۇ» دېگەنلىك بىر تەرەپتىن كۈن ئېتىقادچىلىقىمىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك قاراشلاردۇر.

3) چاچ كېسىشكە ئالاقىدار بولغان پەرھىزلىك قاراشلار

ئۇيغۇر ئاياللىرى ئۇچۇن ئېيتقاندا، چاچ گۈزەللىك مەنىسىگە ئىگە بولۇپلا قالماستىن بەلكى يەنە دۆلەت، بەخت مەنىسىگە ئىگە. «چاچنى ئۇزۇن قويسا بەختى ئۇۋىسىدۇ، چاچنى كەسسە بەختى كېسىلىپ كېتىدۇ»، دەپ چاچ بىلەن بەختنى تەڭلەشتۈرۈپ قارايدۇ. شۇڭا ئۇيغۇر قىز ـ ئاياللىرى ئادەتتە چېچىنى ئاسانلىقچە كەسمەيدۇ. ئەگەر ئالاھىدە ئەھۋالدا (كېسەل سەۋەبىدىن چاچنى ۋاقتى ـ قەرەلىدە تاراش ئىمكانىيىتى بولمىغاندا ياكى چاچ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com







زىيادە ئۆسۈپ كېتىپ، باشقۇرۇش مۇمكىن بولماي قالغاندا) كېسىشنى لايىق تاپىدۇ. مۇشۇنداق ئەھۋالدىمۇ، ئادەتتىكى چاغلاردا كېسىشتىن پەرھىز قىلىدۇ. بەلكى يامغۇر ياغقاندىن كېيىن چېچىنى پالتا بىلەن كېسىدۇ. چېچى قىسقا ياكى شالاڭلار بولسا، چېچىنىڭ قويۇق ھەم ئۇزۇن بولۇشىنى تىلەپ ھەسەن-ھۈسەن چىققاندا چېچىنى پالتا بىلەن كېسىپ، ھەسەن-ھۈسەنگە قارىتىپ پۈۋلەپ ئاسمانغا ئۇچۇرىدۇ (بىرەر ئىككى تال چاچنى). ئۇيغۇرلاردا چۈشۈپ كەتكەن ياكى كېسىۋېتىلگەن چاچنى ھەم ئۇلۇغلايدىغان، ھەم ناپاك كۆرىدىغان ئادەت بار. بۇ ھەقتە ئىنسانشۇناس فرازېر مۇنداق دەيدۇ: «... ئىپتىدائىي ئىنسانلار ئۆزلىرىدىنىڭ بەدىنىنىڭ ھەرقايسى بۆلەكلىرى بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تېگىشىش ۋە ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ بولىدىغانلىقىغا، يەنى بىرەر بۆلەك بەدەندىن ئايرىلىپ كەتسە، بۇ خىل تېگىشىش ۋە ئۇچرىشىش مۇناسىۋىتىنىڭ يەنىلا ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىغا، بۇ بۆلەكلەر، مەسىلەن، كېسىلگەن چاچ، قىيىلغان تىرناقلار ناۋادا زىيان-زەخمەتكە ئۇچرىسا، ئۇنداقتا بەدەننىڭ ئۆزىمۇ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇلارنى ئاسان زىيانغا ئۇچرايدىغان جايلارغا تاشلىۋەتمەيتتى ياكى ئۇلارنىڭ يامان نىيەتلىك كىشىلەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، سېھىر ئارقىلىق ئۆزلىرىگە زىيان يەتكۈزۈشىگە دىققەت قىلاتتى. بۇنداق خەتەر ھەممە ئادەم ئۈچۈن ئوخشاش بولۇپ، بولۇپمۇ مۇقەددەس كىشىلەر بۇنىڭدىن تېخىمۇ قورقاتتى». ئۇيغۇرلار قايسى خىلدىكى چاچ بولسۇن، ھەممىسىنى خالىغان يەرگە تاشلىۋېتىشتىن قاتتىق پەرھىز قىلىدۇ. جۈملىدىن، بوۋاقنىڭ چۈشۈرۈلگەن تۇنجى چېچى — «قىرقى چېچى» نى رەختكە ئوراپ بىر ئۆمۈر ساقلايدۇ ياكى بىر مەزگىلدىن كېيىن پاكىز يەرگە كۆمۈۋېتىدۇ. ئايرىم جايلاردا بولۇپمۇ كېرىيەدە بولسا بوۋاق تۇغۇلۇپ 40 كۈنلۈك بولغاندا چۈشۈرۈلگەن «قىرىق چېچى» نى يەرگە چۈشۈرمەي، تولۇق يىغىۋېلىپ ساقلاپ، بوۋاقنىڭ ئۆزىنى ئىسرىقداشقا ئاز-ئازدىن ئىشلىتىدىغان ئادەت ساقلانغان. قىز-ئاياللار كېسىۋەتكەن ۋە تارىغاندا چۈشكەن چېچىنى تاشلىۋەتمەي تۈگۈنچەك قىلىپ ساقلايدۇ. ئەگەر چۈشكەن چاچنى سۇغا ياكى كۆرگەنلا يەرگە تاشلىۋەتسە «چاچنى پاقا يالاپ قېلىپ، باشتىكى قالغان چاچلارمۇ چۈشۈپ كېتىپ باش پاقىدەك سىدام بولۇپ قالىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئۇيغۇر ئاياللىرىدا يەنە چۈشۈپ كەتكەن ۋە كەسكەن چاچنى كۆيدۈرۈشتىن پەرھىز تۇتىدىغان ئادەت بار. ئاياللار تارىغاندا چۈشكەن چېچىنى ساقلاپ كېيىنكى چاغلاردا ئۆز چېچىغا ئۇلايدۇ ياكى بولمىسا ئۈزۈم تېلىنىڭ ئاستىغا كۆمىدۇ. بۇ ئەمەلىيەتتە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ تالدەك ئۇزۇن ۋە ئەۋرىشىم چاچقا بولغان تەلپۈنۈش ئارزۇسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. يۇقىرىقىلاردىن باشقا، ئۇيغۇرلاردا يەنە ئاق چاچنى يۇلۇپ تاشلاشتىن پەرھىز قىلىدىغان ئادەت بار.

**پايدىلانغان ماتېرىياللار:**

1. ئابدۇكېرىم راخمان: «ئۇيغۇر فولكلورى ھەققىدە بايان»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 1989-يىل، 7-ئاي نەشرى.
2. ئەنۋەر سەمەت قورغان: «ئۇيغۇرلاردا پەرھىزلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2008-يىل، 1-ئاي نەشرى.
3. ئەنۋەر تۇرسۇن ئەپەندى: «ئۇيغۇر ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ئۆرنەكلەر»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2007-يىل، 3-ئاي نەشرى.
4. ۋاھتجان غوپۇر، ئەسقەر ھۈسەيىن: «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى تېزىسلىرى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987-يىل، 4-ئاي نەشرى.
5. «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ۋە «مىراس» ژۇرناللىرىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.

(ئاپتور: ئىلى پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ لېكتورى)



مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش ئالاھىدىلىكى، جۇغرا-
پىيەلىك شەرت-شارائىتى، مەدەنىيەت سەۋىيەسى ۋە
گۈزەللىك قارىشى قاتارلىق تەرەپلەرنىڭ ئوخشاش-
ماسلىقى سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئادىتىدە
روشەن مىللىي پەرق كېلىپ چىقىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ
مىللىي خاسلىقىنىڭ سىمۋولى بولغان كىيىم-كېچەكلە-
رىدە باش كىيىم (دوپپا) ئەڭ روشەن، ئەڭ تىپىك
بەلگە ھېسابلىنىدۇ. ئۇنىڭ جۇلالىق، رەڭدار سەنئ-
ئەتلىك تەركىبىي قىسمى مىللىتىمىزنىڭ ئېتنىك بەلگە-
سى سۈپىتىدە تالاي ئەسىرلەردىن بۇيان جاھان
ئەھلىنىڭ دىققىتىگە سازاۋەر بولۇپ كەلدى. قول
ھۈنەرۋەنچىلىكتە ئادەتتىكى تاۋار تەرىقىسىدە ئەمەس،
سەنئەت تەرىقىسىدە مۇئامىلە قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئېستېتىك
قاراشلىرىنى، سەنئەتكە بولغان ئىجادكارلىقىنى، تەبىئەتتىن
ئالغان گۈزەللىك قاراشلىرىنى قول ھۈنەر بۇيۇملىرىغا
سىڭدۈرۈپ، ئۆزگىچە نەپىس ھەم جۇلالىق رەڭگارەڭ
تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ياساپ ئادەتلەنگەن ئىجادكار ئۇس-
تىلىرىمىز قولىدىن چىققان ھەرقانداق مەھسۇلاتقا ئادەمنى
تاڭ قالدۇرىدىغان سەنئەت ئىجادىي نەتىجىلىرىنى نەقىش-
لەپ كەلدى ھەمدە بۇ بۇيۇملارنى ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ
جىنسىي پەرقى، ياش ئالاھىدىلىكى، ئىقتىسادىي كۈچى،
قىزىقىشى، بۇيۇمنىڭ ئىشلىتىلىش ئورنى ۋە رولى قاتارلىق-
لارنىڭ ئوخشىماسلىقىغا ئاساسەن ئوخشاش بولمىغان تۈر،
شەكىل ۋە ئۆلچەملەر بىلەن ياساپ ھەم زىننەتلەپ تۈر-
لەرنىڭ يەرلىك خاسلىقىنى ئالاھىدە گەۋدىلەندۈردى. باش-
قىسىنى قويۇپ ئۇيغۇر باش كىيىملىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر
دوپپىلىرىنى مىسالغا ئالساق، ئاياللىق خۇسۇسىيەتكە يېقىن



# بادام ۋە بادام دوپپا



**ئەركىن داۋۇت**



بولغان ئوچۇق ۋە ئىسسىق رەڭ، نەپىس،
نازۇك، جۇلالىق گۈل نۇسخىلىرى چۈشۈرۈل-
گەن ھەمدە پارقىراق، ئاز تېپىلىدىغان ئۈنچە-
مەرۋايىت ۋە مېتاللار بىلەن بېزەلگەن دوپپى-
لىرىمىز ئۇيغۇر خوتۇن-قىزلىرىنىڭ ئايدەك
ھۆسن-جامالىنىڭ يارىشىملىق تولۇقلىمىسى
قىلىنغان بولسا، بىر قەدەر سوغۇق رەڭ،
سىدام، بېزەكسىز نۇسخا نەقىشلەر چۈشۈرۈل-
گەن دوپپىلىرىمىز ئۇيغۇر ئەرلىرىنىڭ يىگىت-
لىك جاسارىتى، ئەركەكلىك قامىتى، مەردانە
قىياپىتىنىڭ تولۇقلىمىسى سۈپىتىدە ئادەتتىكى
ۋاقىتلاردىلا ئەمەس، توي-مۇراسىملاردا،
ھېيت-ئايەملەردە، مەرىكە-يىغىلىشلاردا

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



چوقۇم كىيىشكە تېگىشلىك مۇراسىم كىيىملىرى قاتارىدا ئەزىزلىنىپ كەلدى. ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئاغزاكى بايانلىرى ۋاستىسى بىلەن دوپپا ھەققىدىكى قاراش يىراق ئۆتمۈشتىن تاكى بۈگۈنگىچە شانۇشەۋكەتنىڭ، مېھىر- مۇھەببەتنىڭ، سالاھىيەت- سۆلەتنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە ئۇلۇغلاپ تەسۋىرلەندى. باش كىيىمگە ئەھمىيەت بېرىش، ئۇلۇغلاش ئۇيغۇرلارغا، جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەرلىرىگە ئەجداد مىراس ئۇدۇمدۇر. شۇڭا ئۇيغۇرلاردا «دوستۇڭ بېشىڭغا قارايدۇ، دۈشمىنىڭ ئايىغىڭغا» دەيدىغان ماقال بار. شۇ سەۋەبتىن باش كىيىمنى يىغى، پاكىز ساقلايدۇ. ئاياغ ئاستىغا، قالايمىقان يەرگە تاشلاپ قويمايدۇ. بېشىدىن ئېلىشقا توغرا كەلسە چوقۇم قول يېتىدىغان يەردىكى قوزۇققا ياكى ئېگىزرەك جايغا ئېسىپ قويىدۇ. بېشىغا كىيگەن دوپپىسىنى ئالدىراپ بىر كىمگە بەرمەيدۇ، بىرىنىشكە توغرا كەلسە يېڭىسىنى ئېلىپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى ۋە نۇسخىلىرى كۆپ. جەنۇبىي شىنجاڭدا، بولۇپمۇ يەكەن دەريا ۋادىسىدىكى يەكەننى مەركەز قىلغان يۇرتلاردا ئەرلەرنىڭ بادام دوپپا كىيىشى ئەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئەۋلادمۇئەۋلاد داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان باش كىيىمى ھېسابلىنىدۇ.

بادام دوپپىنى چۈشىنىشتىن ئاۋۋال ئۇنىڭ ئېتىقلىمىسى بولۇپ تۇرۇۋاتقان بادام توغرىسىدا ئىككى كەلىمە سۆز قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

## بادام

«دۇنيادا كەم تېپىلىدىغان، جۇڭگودا پەقەت بىرلا» دەپ شۆھرەتلىنىدىغان بادام دەل يۇرتىمىز يەكەننىڭ تارىخى ئۇزاق، بىردىنبىر يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇپ، جۇڭگونىڭ بادامچىلىق بازىسىلىق شان- شۆھرىتىگە ئېرىشكەن. يۇرتىمىزدا 700 مىڭ مو بادامزارلىق بار. بادام يەكەننىڭ يەرلىك ئالاھىدە مەھسۇلاتى بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆستۈرۈلۈش تارىخى ناھايىتى ئۇزاق. تولۇقسىز مەلۇماتلارغا قارىغاندا بادامنىڭ يەكەن دەريا ۋادىسىغا ماكانلاشقىنىغا 3000 يىل بولغانلىقى مەلۇم.

ئۇلۇغ بوۋىمىز مەھمۇد كاشغەرىي بىزگە قالدۇرغان تەۋەررۈك كىتابى ـــ «تۈركىي تىللار دىۋانى»دا ئۇيغۇر جەمئىيىتى، مەدەنىيىتى ۋە يۇرتىمىزنىڭ تارىخى، ئېتنوگرافىيەسى توغرىسىدا توختىلىپلا قالماي، ئۇيغۇرلارنىڭ ھاياتى ۋە مەدەنىيىتى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ كەتكەن بادام توغرىسىدىمۇ قىممەتلىك مەلۇمات بەرگەن. ئۇيغۇر تېبابىتىگە ئائىت نوپۇزلۇق كىتابلاردىمۇ بادامنىڭ ئۇزۇقلۇق، دورىلىق قىممىتى توغرىسىدا نۇرغۇن كونكرېت مەلۇماتلار ۋە سىناقتىن ئۆتكەن رېتسېپلار بېرىلگەن. يېزا ئىگىلىكىگە ئائىت كىتاب، ماتېرىياللاردىمۇ بادامنىڭ شىنجاڭدا 3000 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەنلىكى قەيت قىلىنغان. ئۇنىڭدىن باشقا يەكەندە بادامغا مۇناسۋەتلىك مۇنداق بىر رىۋايەت خەلق ئارىسىدا كەڭ تارقالغان:

بۇرۇنقى زاماندا يەكەن دەريا ۋادىسىدا بىر ئادىل پادىشاھ ئۆتكەن ئىكەن. ئۇ يۇرتنى ئادالەت بىلەن سورىغاچقا كىشىلەر ئىناق، خاتىرجەم، باي- باياشات تىرىكچىلىك قىلىدىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە بۇ يۇرتقا قورقۇنچلۇق ۋابا كېسىلى تارقىلىپتۇ. كىشىلەر كېسەل ئازابىدىن ھالسىراشقا باشلاپتۇ. ئوردىدىكى ۋە ئەل ئىچىدىكى داڭلىق تېۋىپلار نۇرغۇن چارە، ئامالالارنى قىلىپ باققان بولسىمۇ، بۇ كېسەلنىڭ داۋاسى تېپىلماپتۇ. شۇنىڭ بىلەن پادىشاھ «كىمكى بۇ كېسەلنىڭ داۋاسىنى تاپالىسا، خەزىنەمنىڭ يېرىمىنى بېرىمەن» دەپ يۇرت- يۇرتلارغا جاكارچى چىقىرىپتۇ. 40 كۈندىن كېيىن بىر يىگىت پادىشاھنىڭ ئوردىسىغا كېلىپ، كېسەلنىڭ داۋاسىنى قىلالايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپتۇ ھەمدە خۇرجۇنىغا قاچىلاپ كەلگەن شاپتۇلغا ئوخشاپ كېتىدىغان بىر مېۋىنى كۆرسىتىپتۇ. يىگىتنى بىرەر خاسىيەتلىك دورا ئېلىپ كەلگەن چېغى دەپ تامادا تۇرغان پادىشاھ ئۇ مېۋىنى كۆرۈپ: «نېمە ئۇ؟» دەپ سوراپتۇ. «بۇ 1000 خىل كېسەلگە شىپا بولىدىغان مېۋە ـــ بادامدۇر» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. پادىشاھ قاتتىق ئۈمىدسىزلىنىپتۇ. شۇنداقتىمۇ يىگىتكە كېسەللەرنى داۋالاشقا پەرمان بېرىپتۇ. يىگىت پادىشاھ قوشۇپ بەرگەن نۆكەرلەرنى باشلاپ، يەكەن دەرياسى بويىدىكى كەڭرى كەتكەن بىر ئورمانلىقتىن شۇنىڭغا ئوخشايدىغان نۇرغۇن مېۋىلەرنى تېرىپ كەپتۇ ھەمدە مەلھەم ياساتقۇزۇپ ئاغرىقلارغا يېگۈزۈپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي ئاغرىقلار شىپا تېپىپ، بۇ كېسەل يوقىلىپتۇ. پادىشاھ ۋەدىسى بويىچە خەزىنىسىنى بۆلۈپ بەرمەكچى بولغاندا يىگىت «مەن بۇ مېۋىنى پۇلغا ئالمىدىم ياكى بېغىمدا تېرىپ ئۆستۈرمىدىم. ھەممىسى ئالىيلىرىنىڭ تەسەررۇپىدا ئۈنگەن تەڭرىنىڭ نىممىتىدۇر. ئۇنىڭ بەدىلىگە كەلگەن دەپىندۇنيا مەن ئۈچۈن ھارامدۇر»

2011.3

دەپ قايتىشقا ئىجازەت سوراپتۇ. يىگىتنىڭ پەزىلىتىدىن تەسىرلەنگەن پادىشاه ئۇنى ئۇردىسىدا ئېلىپ قاپتۇ. بۇ ئىشلارنى بىلگەن مەلىكە يىگىتكە ئاشىق بىقارار بوپتۇ ھەمدە يىگىتكە بولغان سۆيگۈسىنى بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز ئۇخلىماي چىرايلىق بىر دوپپا تىكىپتۇ ۋە دوپپىغا ھېلىقى شىپالىق مېۋە — بادامنىڭ شەكلىنى كەشتىلەپ چىقىپتۇ. قىزنىڭ ئاشىق بىقارارلىقىدىن خەۋەر تاپقان پادىشاه مەلىكىنى يىگىتكە نىكاھلاپ بېرىپ، ئەل-يۇرتقا 40 كېچە - كۈندۈز توي قىلىپ بېرىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يۇرتتىكى قىزلار ئاشىق بولغان يىگىتلەرگە ئۆز قولى بىلەن تىككەن بادام دوپپىلارنى تەقدىم قىلىدىغان بوپتۇ. ھېلىقى مېۋىنىڭ تەمى سەل قىرتاقراق بولغاچقا «ئاچچىق بادام» دەپ ئاتىلىپتۇ. پادىشاه «ئاچچىق بادام»نى يۇرت ئىچىدىكى باغلارغا كۆچۈرۈشكە پەرمان قىپتۇ. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەقىل-پاراسەتلىك باغۋەنلەر «ئاچچىق بادام»نى ئۇلاپ، ئۇنىڭ تۈرلۈك سورتلىرىنى پەيدا قىپتۇ، شۇنداق قىلىپ بادام ۋە بادام دوپپا يۇرتىمىزغا كەڭ تارقىلىپتۇ.

يۇقىرىقىلاردىن بادامنىڭ شىنجاڭدا، جۈملىدىن يۇرتىمىز يەكەندە ئۇزاق تارىخقا ۋە چوڭقۇر يىلتىزغا ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز.

يەكەن — شىنجاڭدىكى ئەڭ قەدىمىي، ئەڭ چوڭ بوستانلىق بولۇش سۈپىتى بىلەن بادامنىڭ ئاپىرىدە بولغان ماكانى دەپ تەرىپلىنىشكە تامامەن ھەقلىق. چۈنكى يەكەن دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان بۇ قەدىمكى يۇرتنىڭ سۈيى ئەلۋەك، تۇپرىقى مۇنبەت، ھاۋا كىلىماتى قۇرغاق ۋە مۆتىدىل، تۇپراق تەركىبى قۇمسال ۋە ئەت توپا بولغاچقا بادام ئۆستۈرۈشكە ئىنتايىن ماس كېلىدۇ.

يىراق تارىخقا نەزەر سالىدىغان بولساق، يۇرتىمىز يەكەندە تارىختىن بېرى باغ ئىنتايىن كۆپ ئەھيا قىلىنغان. تارىخچى بوۋىمىز مىرزا مۇھەممەد ھەيدەر كۆرەگان ھەزرەتلىرىنىڭ شاهانە ئەسىرى «تارىخي رەشىدىيە»دە، «مىرزا ئابابەكرى زامانىسىدا (مىلادى 1466 - ، 1514 - يىللار) 12 مىڭ باغ بىنا قىپتۇ» دەپ يازغان. دەرھەقىقەت، يەكەندە ئارىسلانباغ، ھەيدەرباغ، جاھانباغ، شامالباغ، بېھىشباغ، گۈلباغ، چاھارباغ، ھەسەلباغ، باغ ئاۋات...... دېگەنگە ئوخشاش مەشھۇر باغلار ۋە يۇرت ناملىرى ناھايىتى كۆپ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ باغلاردىن تارىخىي كىتابلاردا كۆرسىتىپ ئۆتۈلگەندەك يەتتە ئىقلىمنىڭ مېۋىلىرىنى تاپقىلى بولىدۇ دېسەك، قىلچە مۇبالىغە بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇنداق ئىكەن، بۇ جەننەت سۈپەت ماكاندا بادامنىڭ ئەڭ بۇرۇن ئۆستۈرۈلگەنلىكى ۋە بۇ يەردىن باشقا يۇرتقا كېڭەيگەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرگىلى بولىدۇ.

### بادام دوپپا

ئۇيغۇر باش كىيىملىرى، جۈملىدىن ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي كىيىم-كېچەكلىرى ئارىسىدا ئەڭ گەۋدىلىك ھالدا ئۆزىنى نامايان قىلىپ كەلدى. كېسىپ ئېيتىشقا بولىدۇكى، ئۇيغۇر دوپپىلىرى ئۇيغۇرلارنىڭ كىيىنىشتىكى مىللىي خاسلىقىنىڭ ئەڭ يارقىن بەلگىلىرىدىن بىرى، شۇنداقلا ئۇ ئىنسانىيەتنىڭ كىيىم-كېچەك مەدەنىيەت خەزىنىسىگە قوشقان كاتتا تۆھپىسىدۇر.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ تۈرى كۆپ خىل بولغىنىغا ئوخشاش بادام دوپپىنىڭمۇ بىر قانچە خىل نۇسخىلىرى بار.

### يەكەن بادام دوپپىسى

بۇ دوپپىنىڭ ئىسمىدىنلا رايون پەرقى ۋە خاس ئالا-



www.uyghurkitap.com



ھىدىلىكى گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ. بۇ دىيارىمىز يەكەندە، جۈملىدىن يەكەن دەريا ۋادىسىغا جايلاشقان گۇما، قاغىلىق، پوسكام، مەكىت ۋە مارالبېشى قاتارلىق يۇرتلاردا كەڭ ئومۇملاشقان دوپپا ئۇسخىسى بولۇپ، شەكلى باشقا بادام دوپپىلارغا قارىغاندا جىيىكى كەڭ، كېزىكى ئېگىز، تۆپىلىكى چوڭ كېلىدۇ. بادام ئۇسخىسى چوڭ ھەم تولغان. بادام ئارىسىغا ئىلىنغان بىلىق سىرتى ئۇسخىسى توم، كېزىكى تولۇق يېرىم ئاي شەكىللىك، ئارىسىغا ئىلىنغان ئۇرۇقچىلىرى دانلىق كېلىدۇ. يەكەن بادام دوپپىسىنى ئاساسەن ئۆيلەنگەن يىگىتلەر، ئوتتۇرا ياشلىقلار ۋە ياشانغانلار كىيىدۇ. دوپپىنىڭ شەكلى ئېگىز، كېزەك بادام ئۇسخىلىرى چوڭ بولغاچقا كىيگەن كىشىنى سالاپەتلىك، نوچى كۆرسىتىدۇ. چۈنكى دوپپىنىڭ جىيەك ئۈستىگە ناۋا تارتىپ ئۇنىڭ ئۈستىگە يېتىم ئاي (ياكى مېھراب) شەكىللىك كېزەك گۈللىرى ئىشلىنىدۇ، كېزەك گۈللىرى تاش تور بىلەن قاپلىنىدۇ. تاش تورنىڭ ئىچىدە يايسىمان ناۋا تارتىلىپ ئوتتۇرىسىغا ئۇرۇقچە شەكىللىك گۈللەر چېكىلىدۇ. تۆپىلىكى سىممېترىك ھالدا تۆتكە بۆلۈنۈپ ھەر بىر بۆلەككە بادام ئۇسخىسى چۈشۈرۈلىدۇ. بۇ ئۇسخىنىڭ سىرتىمۇ ناۋا بىلەن ئورىلىدۇ. بادامنىڭ ئۇچى قىسمىغا بادام چېچەكلىرى ۋە ياپراقچىلىرى چېكىلىدۇ. تۈۋى قىسمى يەنى يوغانراق قىسمىغا بىلىق سىرتى ئۇسخىسى چېكىلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەكەن بادام دوپپىسى تەييار بولىدۇ. يەكەن بادام دوپپىسى چېچەك بادام، سىيدام بادام، قاش ئارىغان بادام، تور بادام دەپ ئايرىلىدۇ.

### تور بادام دوپپا

بۇ دوپپىنىڭ شەكلى يەكەن بادام دوپپىسىغا قارىغاندا نىسبەتەن كىچىك، باشقا دوپپىلارغا قارىغاندا نىسبەتەن چوڭ بولۇپ، ئومۇمىي شەكلى يەكەن بادام دوپپىسىغا ئوخشايدۇ، تۆپىلىكىدىكى بادام شەكلى قوش ناۋا بىلەن بېزىلىپ، ئىچكى قىسمىغا تور شەكلىدە ئۇسخا چۈشۈرۈلىدۇ. كېزىكىمۇ يېرىم ئاي شەكلىدە ئىلىنىپ ئىچىگە تور ئۇسخا كەشتىلىنىدۇ. ئۇرۇقچا چېچەكلىرىمۇ تور ئۇسخا بىلەن بىر گەۋدە ھاسىل قىلىپ كۆرۈنىدۇ. باشقا ئۇسخىدىكى بادام دوپپىلاردەك روشەن قاپارتما ھاسىل قىلمايدۇ، ئاق قارىلىق رەڭ پەرقى بەك چوڭ بولىدۇ. قارىماققا خۇددى تور بىلەن بېزەلگەندەك كۆرۈنىدۇ، تەننەرخى يۇقىرى بولغاچقا زىيالىيلار ئارىسىدا كىيىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان. بۇ دوپپىمۇ يەكەن بادام دوپپىلىرىنىڭ باشقا ئۇسخىلىرىغا ئوخشاش تەڭ دەرىجىدە كىيىلگەن بولۇپ، يەكەندىن باشقا جايلارغا ئانچە كۆپ تارقالمىغان. بىراق بۇ دوپپا ئۇسخىسى ھازىر يوقىلىش گىرداۋىغا بېرىپ قالغان. نۇرغۇن ھۈنەرۋەنلەر بۇ خىل دوپپىنى ئىشلىمەيدۇ، شۇڭا يەكەن دوپپا بازارلىرىدا تور بادام دوپپا كەمدىن كەم ئۇچرايدۇ.

### چېچەك بادام دوپپا

بۇ دوپپا قارىماققا يەكەن بادام دوپپىسىغا ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان يېرى تۆپىلىكىگە جايلاشتۇرۇلغان بادام ئۇسخىسىنىڭ ئىچكى قىسمىغا ھەمدە يېرىم ئاي شەكىللىك كېزەك گۈللىرىنىڭ يايسىمان تۇتاشقان قىسمىغا چېچەك كەشتىلىنىدۇ، بۇ ئۇسخىنى ئاساسەن ياش يىگىتلەر كىيىدۇ.

### سىيدام بادام دوپپا

بۇ ئۇسخىدىكى دوپپىمۇ يەكەن بادام دوپپىسىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ، ئوخشىمايدىغان تەرىپى تۆپىلىكىدىكى بادام ئۇسخىسى ۋە جىيىكىدىكى يېرىم ئاي شەكىللىك كېزەك گۈللىرى ئاددىي، سىيدام كەشتىلىنىدۇ، يەنى يەكەن بادام دوپپىسى ئۇسخىسىدىكى ئۇرۇقچا، ياپراقچا، بىلىق سىرتى ئۇسخىسى، چېچەك بادام ئۇسخىسىدىكى چېچەك قاتارلىق نازۇك بېزەكلەر كەشتىلەنمەيدۇ، بۇنى ئاساسەن ياشانغانلار كىيىدۇ.

### قاش ئارىغان بادام دوپپا

بۇ ئۇسخىدىكى دوپپىمۇ يەكەن بادام دوپپىسىغا ئاساسەن ئوخشايدۇ، بۇ ئۆزگىچە يەكەن بادام دوپپىسى بىلەن چېچەك بادام دوپپىسىنىڭ ئۇسخىسىنى تولۇق مۇجەسسەملەشتۈرگەن. ئوخشىمايدىغان يېرى جىيىكىدىكى يېرىم ئاي شەكىللىك كېزەك ئۇسخىسىنىڭ ناۋاسى قوش تارتىلغان بولۇپ، خۇددى ئادەمنىڭ قېشىغا ئوخشاش كۆرۈنىدۇ، بۇ دوپپا ئوتتۇرا ياشلىقلارنىڭ كىيىشىگە ماس كېلىدۇ.

### چۆچۈرە بادام دوپپا

بۇ خىل دوپپىنىڭ تۆپىلىكى كىچىك، كېزىكى پاكار، جىيىكى تار كېلىدۇ، چۈشۈرۈلگەن بادام ئۇسخىسى ئورۇق ئاچ كېلىدۇ، كەشتىلىنىشى تولمىغان، كېزىكى كىچىك ياي شەكىللىك، ئوتتۇرىسى تۆپىلىكىگە چۈشۈرۈلگەن بادام ئۇسخىسى چۆچۈرىدەك كىچىك بولغانلىقى

ئۈچۈن چۆچۈرە بادام دەپ ئاتالغان. بۇ دوپپىنىڭ ماتېرىيالىغا نىسبەتەن يۇقىرى تەلەپ قويۇلمايدۇ. بۇ دوپپا قەشقەر شەھىرىنى مەركەز قىلغان ئەتراپتىكى ناھىيەلەرگە كەڭ تارقالغان، شۇنداقلا ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئۆزبېكىستان، تاجىكىستان قاتارلىق رايونلىرىدىمۇ كەڭ تارقالغان. بۇ دوپپا ئوخشىمىغان ياشلاردىكىلەرنىڭ ھەممىسىگە ماس كېلىدۇ، ئەمما قەشقەردە ھۈنەرۋەن كاسىپلار، زىيالىيلاردا كىيىش بىر قەدەر ئومۇملاشقان.

## پىستە بادام دوپپا

بۇ دوپپىنىڭ شەكلى چۆچۈرە بادامغا ئوخشايدۇ، ئوخشىمايدىغان تەرىپى تۆپىلىكىگە بادام نۇسخىسى ئىككى دانە كىچىك بادامنى بىر-بىرىگە دۈمبىسىنى قىلغان شەكىلدە ئورۇنلاشتۇرۇلغان، شۇنداقلا بادام چېچەكى چۈشۈرۈلگەن، بۇ ئاساسەن ياشلار ۋە ئۆسمۈرلەرنىڭ كىيىشىگە ماس كېلىدۇ.

## يېڭىسار بادام دوپپىسى

بۇ دوپپىنىڭ تۆپىلىكى، كېزىكىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى يەكەن بادام دوپپىسىدىن پەرقلەنمەيدۇ. تۆپىلىكىنىڭ بادام نۇسخىسى بىلەن كېزىكىنىڭ يېرىم ئاي شەكىللىك نۇسخىسىمۇ يەكەن بادام دوپپىسىغا ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكى تۆپىلىكىدىكى بادام نۇسخىسى بىلەن كېزىكىدىكى ناۋا نۇسخىسى ئاددىي كەشتىلىنىدۇ، تولدۇرۇلمايدۇ. تىكىلىشىگە زىيادە نەپىسلىك تەلەپ قىلىنمايدۇ. يەنە بىر روشەن پەرقى دوپپىنىڭ بىر تەرىپىگە غۇنچە شەكىلدە چۇچا بېكىتىلىدۇ. چۇچا بار تەرىپىنى ئوڭ تەرەپكە كەلتۈرۈپ كىيىدۇ. بۇ دوپپىنى يېڭىساردىكى ئەرلەر كىيىشنى ئومۇملاشتۇرغان، ئۇنىڭدىن باشقا يېڭىشەھەر ناھىيەسى، كونىشەھەر ناھىيەسى ۋە ئاقتۇ ناھىيەسىدىمۇ كىيىش بىر قەدەر تارقالغان.

## ئايالچە بادام دوپپىلار

ئايالچە بادام دوپپىلارنىڭ نۇسخىلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. رايونىمىزدا بىر قەدەر كۆپ كىيىلىدىغىنى مارجان بادام دوپپا، مەرۋايىت بادام دوپپا، ئالتۇن قاداق بادام دوپپا.

## مارجان بادام دوپپا

مارجان بادام دوپپىنىڭ كېزەك ئۈستىدىكى ناۋاسى ئىككى ياكى ئۈچ قاتار مارجان بىلەن تۈز ياكى ياي شەكىلدە ئېلىنىپ، بېزەك ئارقىلىقلا كېزەك گۈللىرىدىن پەرقلىنىدۇ ۋە كېزەك گۈللىرىنىڭ سىرتقى ياي قىسمى تەگلىك بىلەن روشەن رەڭ پەرقلەندۈرۈپ، بىر قاتار مارجان بىلەن يايسىمان نۇسخا چىقىرىپ ئايرىلىدۇ، گاھىلىرىنىڭ جىيىكىگە زەر يېپتىن زىغ-زىغ چىقىرىلىدۇ، ئۇرۇقچىلارنىڭ ھەممىسى سۇس رەڭ بىلەن پەرقلىق ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. تۆپىلىكىدىكى بادام نۇسخىسى ئادەتتە تولۇق قىزغۇچ ياكى سۆسۈن رەڭ مارجانلاردىن ھاسىل قىلىنىپ، چۆچۈرە بادامدىن ئانچە پەرقلەنمەيدىغان ئىنچىكە ھەم نازۇك شەكىلدە تىزىلىدۇ. ناۋا ۋە ئۇرۇقچا، شاخچە ۋە ياپراقلار ناۋات رەڭ مارجانلاردىن تىزىلىپ، ئىنچىكە جايلىرى يىپ يۆنىلىشى ئارقىلىق پەرقلەندۈرۈلىدۇ، تەگلىكىگە رەڭلىك دۇخاۋا تەتىللا ئىشلىتىدۇ. بۇ خىل دوپپىنىڭ شوخ، جۇلالىق نۇسخىلىرىنى رەسىدە بولغان ۋە ئۇنىڭدىن تۆۋەن ياشتىكى قىزلىرىمىز كىيىدۇ. سىپتا، چوڭ سۈپەت، سۇس رەڭلىك نۇسخىلىرىنى توي قىلغان ۋە ئوتتۇرا ياشلىق جۇۋانلار كىيىدۇ.

## مەرۋايىت بادام دوپپا

بۇ دوپپىنىڭ گۈل نۇسخىلىرى، بېزىلىشى، تىكىلىشى مارجان بادام دوپپىغا ئوخشايدۇ. ئوخشىمايدىغان روشەن ئالاھىدىلىكى مارجاننىڭ ئورنىغا ھەقىقىي مەرۋايىت ئىشلىتىلىدۇ، بۇ دوپپا قىزلارنىڭ تويلۇق باش كىيىملىرى قاتارىدا ئەتىۋارلىنىدۇ.

## ئالتۇن قاداق بادام دوپپا

بۇ دوپپىنىڭ شەكلى، گۈل نۇسخىلىرى مارجان بادام دوپپا بىلەن ئوخشاش، ئوخشىمايدىغان يېرى كېزىكىدىكى ناۋا ۋە تۆپىلىكىدىكى بادام نۇسخىلىرى ئالتۇندىن ئىنتايىن نەپىس، گۈل نۇسخا نەقىشلىرى ئېنىق قىلىپ سوقۇلۇپ، دوپپىغا گۈل نۇسخا ئورنىدا قادىلىدۇ. بۇ دوپپا قەدىمكى زامانلاردىن تارتىپ ئاتا-بوۋىلىرىمىز خوتۇنلىرىنىڭ جۇۋان تويىنى قىلىپ بەرگەندە تويلۇق سوۋغىسى ھېسابىدا تەييارلاپ بەرگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە جۇۋان تويىنىڭ يوقىلىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر ئاياللىرى پەرزەنتلىرىنىڭ نىكاھ تويىدا (قىزىنى تالالىق قىلغاندا ياكى ئوغلىنى ئۆيلىگەندە) مۇراسىم كىيىمى سۈپىتىدە ئالاھىدە بۇيرۇتۇپ كىيىۋاتىدۇ، ئادەتتە بۇ دوپپا بازارلىق قىلىپ تەييارلانمايدۇ، ئالايىتەن بۇيرۇتۇلۇپ تەييارلىنىدۇ.

(ئاپتور: يەكەن ناھىيەلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى)

www.uyghurkitap.com



# ترويا قەدىمىي خارابىلىكى

(يۇنان ئەپسانىلىرىدىن قېزىپ چىقىلغان ترويا)

ترويا قەدىمىي خارابىلىكى — تۈركىيەنىڭ داردانېل دېڭىز بوغۇزىدىكى ئاساسلىق پورت كاناكالېنىڭ جەنۇبىغا 40 كىلومېتىر كېلىدىغان خىسسارلىققا جايلاشقان بولۇپ، 1998-يىلى ب د ت پەن، مائارىپ مەدەنىيەت تەشكىلاتى تەرىپىدىن «دۇنيا يادىكارلىقلىرى كاتالوگى» غا كىرگۈزۈلگەن.

ھازىرقى خىسسارلىك ھەرگىزمۇ 1870-يىلى شىرمان بايقىغان قۇم تۆپىلىق دۆڭ ئەمەس. ھازىر، ترويا خارابىلىكى رايونىنىڭ كىرىش ئېغىزىدىكى قايتىدىن ياسالغان غايەت زور ياغاچ ئات تۈركىيەدىكى مۇھىم مەنزىرە رايونلىرىنىڭ بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ھەر يىلى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن نۇرغۇنلىغان ساياھەتچىلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلماقتا.

مىلادىدىن بۇرۇنقى 8-ئەسىردە، يۇنان شائىرى ھومىر «ئىللىيادا» ۋە «ئودېسسا» ناملىق ئىككى چوڭ ئېپوسنى يازغان بولۇپ، بۇ ئىككى چوڭ ئېپوس دۇنيا مەدەنىيەت خەزىنىسىدىكى بىباھا گۆھەر، شۇنداقلا قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ كېيىنكىلەرگە قالدۇرغان مۇھىم مەنىۋى بايلىقى ۋە مەدەنىي مىراسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «ئىللىيادا»دا تەسۋىرلەنگىنى ترويا ئۇرۇشى بولۇپ، بۇ ئۇرۇش پۇلىيامىس پادىشاھىنىڭ ئوغلى پارىس يۇنان سىپارتا پادىشاھى مىنلەيىنسىنىڭ ئايالى، يۇناننىڭ داڭلىق گۈزىلى ھېلىننى تارتىۋالغانلىق سەۋەبىدىن باشلانغان. سىپارتا پادىشاھى ئامراق ئايالىنى قايتۇرۇپ كېلىش مەقسىتىنى مىكىناي پادىشاھى ئاكىسى ئاگاممىنونغا ئېيتقان، ئاگاممىنون يۇناننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ئىتتىپاقداش قوشۇنىنى تەشكىللەپ، 1000 دىن ئارتۇق ئۇرۇش كېمىسىدىن تەشكىل تاپقان زور قوشۇنغا ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، دېڭىزدىن كېسىپ ئۆتۈپ ترويا شەھىرىگە ھۇجۇم قىلغان، شۇنىڭ بىلەن ترويا ئۇرۇشى پارتلىغان.

يۇنان بىرلەشمە قوشۇنى گەرچە ترويانى ئون يىل قورشاپ ياتقان بولسىمۇ، لېكىن بۇ شەھەرنى ئىگىلىيەلمىگەن. كېيىن يۇنان قوشۇنىدىكى پاراسەتلىك قەھرىمان ئودىسيۇس بىر چارە ئويلاپ تاپقان، ئۇلار بىر غايەت زور ياغاچ ئات ياساپ، ئىچىگە ئەسكەرلەرنى يوشۇرۇپ قويۇپ، پۈتۈن قوشۇننى چېكىندۈرۈپ كەتكەن، ترويالىقلار ياغاچ ئاتنى شەھەر ئىچىگە ئەكىرگەندىن كېيىن، يېرىم كېچىدە ياغاچ ئات ئىچىدىكى ئەسكەرلەر تۇيدۇر-

ماستىن چىقىپ شەھەر دەرۋازىسىنى ئاچقان. يۇنان قوشۇنى ئىچى سىرتىدىن ماسلىشىپ جەڭ قىلىپ، ترويا شەھرىنى ئىگىلىگەن ۋە قايتىش ئالدىدا ئاۋات ترويا شەھرىنى كۆيدۈرۈپ كۈل قىلىۋەتكەن.

قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنىڭ تازا گۈللەنگەن دەۋرلىرىدە (مىلادىدىن بۇرۇنقى 200~ 700 - يىللىرى)، ترويا ئۇرۇشى يۇنانلىقلارنىڭ دەسلەپكى تارىخى دەپ قارالغان ترويامۇ قەدىمكى يۇنانلىقلارنىڭ شانلىق غەلبىنى قولغا كەلتۈرگەن جايى دەپ ئاتالغان. كېيىن گرېتسىيە تارىخشۇناسلىرىدىن ھېرودود ۋە تۇتسىدىدلار ھومېرنىڭ ھېكايىسىنى ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن دەپ قارىدى. ئۇلار «ئىللىيادا»دا تەسۋىرلەنگىنىدەك ھەقىقىي ترويا شەھرىنىڭ داردانىل دېڭىز بوغۇزىغا جايلاشقانلىقىغا ئىشەنگەن. كېيىن رىملىقلار قۇدرەت تېپىپ ئوتتۇرا دېڭىز بويلىرىدىكى دۆلەتلەرنى ئىدارە قىلغان چاغدا، ترويانىڭ ھېكايىسىگە قىزىقىپ قېلىپ، يېڭى ئىلئان (يېڭى ترويا) دېگەن شەھەرنى قۇرغان، بۇ شەھەر ئۇلار قەدىمكى ترويانىڭ ئورنى دەپ قارىغان جاي، يەنى ئاناتولىيەنىڭ غەربىي شىمالىغا جايلاشقان، مىلادى 6 - ئەسىردە رىملىقلار ئاناتولىيەدىن ئايرىلغاندىن كېيىن، يېڭى ترويا تاشلىنىپ قالغان، ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ ئورنىنىڭ قەيەردىلىكىنى ھېچكىم ئېنىق بىلمەيدۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، كىشىلەر بۇ رىۋايەتلەرنى ئاستا - ئاستا ئۇنتۇپ كەتتى. 19 - ئەسىردە «ئىللىيادا» ۋە «ئودىسسا» ئەدەبىيات ساھەسىدىكى دەسلەپكى كلاسسىك ئەسەرلەر دەپ قارالغان بولسىمۇ، پەقەت خىيالىي ئەپسانە ۋە رىۋايەتلەر قاتارىدا سانىلاتتى، تارىخشۇناسلار قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىنى پەقەت مىلادىدىن بۇرۇنقى 8 - ئەسىرگىچە سۈرۈشتۈرگەن بولۇپ، ترويا ئۇرۇشى تارىخ سەھىپىسىدىن چىقىرىلىپ، كىشىلەر ئۇرۇشنىڭ يۈز بەرگەنلىكىگە ئىشەنمىگەن، بەلكى ئۇنى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1200 — 1500 - يىللار ئارىلىقىدا يۈز بەرگەن نۇرغۇن قېتىملىق ئۇرۇشلارغا ئاساسەن رەتلەنگەن رىۋايەت، ئىشىنىشكە بولمايدۇ دەپ قارىغان. پەقەت كىچىكىدىن ھومېرنىڭ داستانلىرىغا ھەۋەس قىلىدىغان گېرمانىيەلىك ئارخېئولوگ ھېنرى. شىلىمانلا بۇنداق دەپ قارىمايتتى.

1870 - يىلى، نۇرغۇن يىل تەييارلىق قىلىش ئارقىلىق، 47 ياشلىق شىلىمان ئەمدىلا توي قىلغان ئايالىنى ئېلىپ غەربىي ئاناتولىيەدىكى ئېگەي دېڭىز بويلىرى ۋە بۈگۈنكى تۈركىيەدىكى خىسارلىققا كېلىپ، 40 يىلدىن بۇيان كاللىسىنى چىرمىۋالغان قەدىمىي قەلئە خارابىسىنى ئىزدىدى.

ئۇنىڭ «يول باشلىغۇچىسى» دەل يۇنان شائىرى ھومېر ئىدى. ئۇ «ئىللىيادا»، «ئودىسسا»نى ئىزچىل نوقۇل ئەدەبىي ئەسەر ئەمەس، بەلكى ھەقىقىي تارىخ دەپ ھېسابلايتتى. كىشىلەرنى ھەيران قالدۇرغىنى، ھومېر داستانىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن شىلىمان يۇنانلىقلارنىڭ ياغاچ ئات ھىيلىسى بىلەن ترويا شەھرىنى ئىشغال قىلغانلىقىدەك تارىخىي ھەقىقەتنى ئىسپاتلاپلا قالماستىن، يەنە 2000 يىل كۆمۈلۈپ ياتقان ترويا خارابىلىكىنى قېزىپ چىقىپ، «پولىياموس خەزىنىسى»نى تاپتى، شۇنداقلا پېلوپونىسوس يېرىم ئارىلىدىكى تاغ جىلغىسىدا مىكىناي پادىشاھى ئاگامېمنوننىڭ قەبرىسىنى تېپىپ، يەر ئاستىدا 3000 يىل كۆمۈلۈپ ياتقان خەزىنىنى ئاچتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ دۇنيا ئارخېئولوگىيە تارىخىدا شانلىق بىر سەھىپە ياراتتى.

1870 - يىلى 4 - ئايدا، شىلىمان خىسارلىقتىكى بىر كىچىك تاغدا قېزىشنى باشلىدى، ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ يەر يۈزىدىن 4.5 مېتىر چوڭقۇرلۇقتىكى جايدا قورام تاشلاردىن قوپۇرۇلغان قەدىمىي شەھەر تېمىنى بايقىدى. بىر يىلدىن كېيىن، ئۇ يەنە بۇ جايغا قايتىپ كېلىپ نۇرغۇن بايقاشلارغا ئېرىشتى. 1872 - يىلى شىلىمان يۈز نەچچە يەرلىك ئىشچىلارنى تېپىپ كېلىپ بىرلىكتە ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ قېزىپ چىققىنى ئۆزى ئويلىغان قەدىمىي شەھەر بولماستىن، بەلكى شەھەرلەرنىڭ خارابىلىكى ئىدى، بۇ شەھەرلەر ئۈستى - ئۈستىگە سېلىنغان بولۇپ، بىر شەھەر ۋەيران بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خارابىلىكىنىڭ ئۈستىگە يەنە يېڭىدىن شەھەر بەرپا قىلىنغان. قازغۇچىلار نۇرغۇن شەھەر سېپىلى، ئىدىش ۋە ساپال بۇيۇملارنىڭ پارچىلىرىنى تاپقان.

1873 - يىلى 6 - ئايدا، شىلىمان ترويا خان ئوردىسىغا يېقىن قورشاۋ تام ئەتراپىدا بىر تۈركۈم قىممەتلىك بۇيۇملارنى بايقىدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئەڭ قىممەتلىكى ناھايىتى ھەشەمەتلىك ئىككى ئالتۇن تاج بولۇپ، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئالتۇن بىلەزۈك، پۇتلۇق ئالتۇن قەدەھ، كەھرىۋا قويۇلغان پۇتلۇق ئالتۇن قەدەھ، ئالتۇن ھالقا، ئالتۇن تۈگمە، تۆشۈك ئېچىلغان چوكا ئالتۇن ھەمدە كۈمۈش ۋە مىستىن ياسالغان لوڭقا، تۇچتىن ياسالغان قورال - ياراغلار بار ئىدى. شىلىمان خۇشاللىقىدىن نېمە قىلىشىنى بىلمەيلا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قالدى، ئۇ ئۆزىنىڭ رىۋايەتتىكى ترويانىڭ ئاخىرقى پادىشاھى پۇلىياموسنىڭ خەزىنىسىنى تاپقانلىقىغا ئىشىنەتتى.

شىرمان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ خىزمەتدىشى، يەنى گېرمانىيەلىك ئارخېئولوگ ۋېلىيام. دېپوفېرت بۇ يەرنى قېزىشنى داۋاملاشتۇردى، ئۇ قېزىۋالغان ماتېرىياللاردىن بۇ قاتلامدىكى شەھەرنىڭ مىلادىدىن بۇرۇنقى 2200 — 2500 - يىللار بەرپا بولغانلىقىنى، بۇ رىۋايەتتىكى ترويا ئۇرۇشى دەۋرىدىن 1000 يىل بۇرۇن ئىكەنلىكىنى قىياس قىلدى.

كېيىن ئامېرىكىلىق ئارخېئولوگ كارل. برايگېن ھەممە يېقىنقى زاماندىكى ئالىملاردىن كوفمان قاتارلىق داڭلىق مۇتەخەسسىسلەر نۇرغۇن يىل سەرپ قىلىپ، بۇ خارابىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قازدى ۋە تەتقىق قىلدى. ئۇزاق يىل قېزىش ئارقىلىق، كىشىلەر ترويا خارابىلىكىدىن ئۈستى-ئۈستىلەپ سېلىنغان توققۇز دەۋرگە تەۋە بولغان قەدىمىي شەھەرلەرنىڭ خارابىسىنى بايقىدى. بۇنىڭ 5 ~1 - قاتلاملىرى دەسلەپكى تۇچ قورالار دەۋرىگە، 6 - ، 7 - قاتلاملىرى ئوتتۇرا ۋە كېيىنكى تۇچ قورالار دەۋرىگە، 8 - ، 9 - قاتلاملىرى دەسلەپكى تۆمۈر قورالار دەۋرىگە تەۋە ئىدى. ئەڭ دەسلەپكى ترويا شەھىرى دىيامېتىرى 90 مېتىر كېلىدىغان قورغان بولۇپ، تاملىرى تاشتىن قوپۇرۇلغان، دەرۋازىسى بار ئىدى، ئۇ شۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ ئاپەت بولغان ياكى خەتەرگە يولۇققان ۋاقىتتا پاناھلىنىدىغان جايى ئىدى. 2 - قاتلامدىكى ترويا شەھىرى 1 - سىنىڭ ئۈستىگە جايلاشقان بولۇپ، تارىخشۇناسلار تەرىپىدىن 2 - ترويا شەھىرى دەپ ئاتالغان، ئۇ تېخىمۇ چوڭ، تېخىمۇ ھەيۋەتلىك، دىيامېتىرى 120 نەچچە مېتىر كېلىدىغان قورغان بولۇپ، ئىچىدە خان ئوردىسى ۋە باشقا قۇرۇلۇشلار بار ئىدى، ئارخېئولوگلار خان ئوردىسى خەزىنىسىدىن نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈش، مەرۋايىتلارنى، تۇچتىن، تاش ۋە سۆڭەكتىن ياسالغان بۇيۇملارنى تاپقان. بۇ قەدىمىي شەھەر ئوت ئاپىتىدە ۋەيران بولغان بولۇپ، شۇ سەۋەبتىن شىرمان بۇ يەرنى ھومىر تەسۋىرلىگەن ترويا شەھىرى دەپ خاتا پەرەز قىلغان. كېيىنكى ئۈچ قاتلامدىكى شەھەرلەر بىر-بىرىدىن چوڭ بولۇپ، 6 - قاتلامدىكى شەھەردە يەنە نۇرغۇن يېڭى تۇرالغۇلار بار، شەھەر سېپىلى مۇستەھكەم، ئىلگىرى نۇرغۇن قېتىم كېڭەيتىلگەن بولۇپ، ئۇزۇنلۇقى 540 مېتىر، ئاز دېگەندە-مۇ تۆت شەھەر دەرۋازىسى بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا نۇرغۇن ئاقسۆڭەكلەر تۇرالغۇلىرىنىڭ قۇرۇلۇش ئۇللىرى بار بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1300 - يىلى بۇ شەھەر يەر تەۋرەشتە ۋەيران بولغان.

7 - قاتلام ترويا ئا شەھىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 1250 - يىلى تالان - تاراج قىلىنىپ كۆيدۈرۈۋېتىلگەن بولۇپ، تارىخشۇناسلار بۇ ۋاقىتنى ئەينى ۋاقىتتا سىرتتىن كىرگۈزۈلگەن مىكناي چىنە - قاچىلىرىنىڭ دەۋرىدىن بىلگەن، كۆپلىگەن تارىخشۇناسلار 7 - قاتلام ترويا ئا شەھرىنى رىۋايەتتىكى پادىشاھ پۇلىياموس دەۋرىدە ترويا ئۇرۇشى پارتلىغان شەھەر دەپ قارىغان، ترويا ب شەھىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرغان ۋاقتى قىسقا بولۇپ، مىلادىدىن بۇرۇنقى 1100 - يىلى تاشلىۋېتىلگەن، كېيىنكى بىر نەچچە ئەسىردە بۇ يەردە ھېچكىم ئولتۇراقلاشمىغان.

8 - قاتلام ترويا شەھىرى مىلادىدىن بۇرۇنقى 7 - ئەسىرنىڭ باشلىرىدا قۇرۇلغان بولۇپ، شۇ چاغدا يېقىن ئەتراپتىكى لىمنوس ئارىلىدىكى يۇنانلىقلار بۇ يەرنى قايتىدىن ئىگىلەپ، گۈللەندۈرۈپ، ئۇزاق يىل مۇشۇ يەردە ياشىغان.





ئەڭ ئاخىرىدا يەنى مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 85 ـ يىلى رىملىقلار بۇ يەرنى ئىگىلەپ تىروپا 9 ـ شەھىرىنى قۇرغان. بۇ ئارخېئولوگلار مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئەڭ ئاخىرقى شەھەردۇر. مىلادى 400 ـ يىلى ئەتراپىدا بۇ شەھەر تاشلىۋېتىلگەن بولۇپ، تاكى شىرمان بۇ يەرنى بايقىغانغا قەدەر ھېچكىم بۇ جايغا ئاياق باسمىغان.

گەرچە نۇرغۇن ئالىملار شىرمان تروپا شەھىرىنىڭ دەۋرىگە توغرا ھۆكۈم قىلالمىغان دەپ قارىغان بولسىمۇ، شەك ـ شۈبھىسىزكى شىرمان بۇ خارابىلىكنى ئەڭ بۇرۇن بايقىغان ۋە قازغان كىشىدۇر. تروپا قەدىمىي شەھىرىنىڭ قايتىدىن دۇنياغا تونۇلۇشىنى ئۇنىڭ تۆھپىسىدىن ئايرىپ قارىغىلى بولمايدۇ. بىراق ئېيتىشلارغا قارىغاندا شىرمان «تروپا خەزىنىسى»نى قېزىپ چىققاندىن كېيىن ئۇنى تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە تاپشۇرۇپ بەرمەي، بەلكى گرېتسىيەگە يۆتكەپ كەتكەن. بۇ ئىش ئىنتايىن چوڭ غۇلغۇلا قوزغىغان، تۈركىيە ھۆكۈمىتى خەزىنىنى قايتۇرۇۋېلىشنى قاتتىق تەلەپ قىلغاچقا، تۈركىيەنىڭ بېسىمى بىلەن گرېتسىيە ھۆكۈمىتى بۇ خەزىنىنى قوبۇل قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغان. ئاخىر شىرمان ئامالسىز بۇلارنى ئۆزىنىڭ دۆلىتى گېرمانىيەگە ئاپىرىپ، بېرلىن دۆلەت مۇزېيىدا ساقلاپ قويغان.

2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئاخىرقى مەزگىللىرىدە، سوۋېت ئارمىيەسى بېرلىنغا ھۇجۇم قىلىپ كىرگەندە، گېرمانىيەنىڭ تروپا خەزىنىسىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان نۇرغۇن قىممەتلىك بۇيۇملىرى يەر ئاستىدىكى ئىستىھكامغا يوشۇرۇپ قويۇلغان، بىراق 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشى ئاياغلاشقاندىن كېيىن بۇ بىباھا بايلىقلار سىرلىق غايىب بولغان.

شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم ئارخېئولوگلار شىرماننىڭ بايلىق ئىزدەش جەريانىنىڭ راستلىقىدىن گۇمانلاندى. بەزىلەر شىرماننىڭ ماقالىسىنى تەتقىق قىلىش ئارقىلىق، ئەينى ۋاقىتتا شىرماننىڭ ئايالىنىڭ خەزىنە تېپىلغان نەق مەيداندا يوقلۇقىنى بايقىدى. يەنە بەزىلەر بۇ بايلىقلار بىر قېتىمدا قېزىلمىغان، شىرمان ئوخشىمىغان قاتلام ۋە ئورۇندىكى قېزىپ چىققان بايلىقلارنى ئاز ـ ئازدىن توپلاپ، ھەممىنى بىر قىلىپ «پۇلىياموس خەزىنىسى» دەپ جاكارلاش ئارقىلىق، بۇ قېتىمقى ئارخېئولوگىيەلىك بايقىشنىڭ تەسىرىنى كېڭەيتمەكچى بولغان دەپ قارىغان.

1996 ـ يىلى 4 ـ ئايدا، «تروپا خەزىنىسى» موسكۋانىڭ پۇشكىن مۇزېيىدا قايتىدىن نامايان بولدى. بۇ بايلىقلارنىڭ بىختەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، مۇزېيدىكىلەر ئىنتايىن پۇختا قوغداش تەدبىرلىرىنى قوللانغان، بۇ بايلىقلار 19 پاي ئوقمۇ ئۆتمەيدىغان پەنجىرىنىڭ ئىچىدە قويۇلغان بولۇپ، ھەر بىر پەنجىرىنىڭ يېنىغا بىردىن قاراۋۇل ئورۇنلاشتۇرۇلغان، ھەر كۈنى پەقەت 800 دىن 1000 غىچە ئېكسكۇرسىيەچىلەرنى قوبۇل قىلغان.

ھازىر تۈركىيە، گرېتسىيە، گېرمانىيە ۋە رۇسىيەلەر بۇ بايلىقلارنىڭ ئىگىدارلىق ھوقۇقىنى تالىشىۋېتىپتۇ. ئىككىنچى قېتىملىق «تروپا ئۇرۇشى» دەپ ئاتالغان بايلىق تالىشىش يەنە ئۇزاققىچە داۋاملىشىدىغان ئوخشايدۇ. دۇنيا يادىكارلىقلىرىنى قېزىپ رەتلەش خىزمىتى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، تروپانىڭ سىرلىرى تېخى تولۇق ئېچىلغىنى يوق. ئارخېئولوگلار قايسى قاتلامنى تروپا خارابىلىكى دەپ مۇئەييەنلەشتۈرۈشتىن قەتئىينەزەر، شىرمان ۋە باشقىلار ئۇنىڭ ھومىر داستانىدىكى تروپا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىسپات تاپالمىدى. ئارخېئولوگلار بايقىغان ئىسپاتلاردىن 6 ـ ۋە 7 ـ قاتلامدىكى بەزى بۇيۇملار ھومىر تەسۋىرلىگەن تروپاغا ئوخشىشىپ قالىدۇ، بىراق بۇ ئىككى قاتلامدىكى خارابىلىكلەر ئىنتايىن ئاددىي بولۇپ، ھومىرنىڭ «ئىللىيادا»دا تەسۋىرلىگىنىدەك ھەيۋەتلىك ئەمەس. ھومىر تەسۋىرلىگەن تروپا بولسا ھەيۋەتلىك سېپىلى ۋە دەرۋازىسى بار ئىنتايىن ھەشەمەتلىك بىر شەھەر، ئۇ يەنە سېپىلىنىڭ غەرب تېمىنىڭ ياخشى ياسالمىغانلىقىنى ئالاھىدە تىلغا ئالغان. كېيىن 5 ـ قاتلامدىكى تروپا شەھىرىنىڭ سېپىل تېمىنىڭ قېلىنلىقىنىڭ تۆت مېتىر، بەزى بۆلەكتىكى تام ئېگىزلىكىنىڭ توققۇز مېتىردىن ئاشىدىغانلىقى، غەرب تەرەپتىكى بۆلىكىنىڭ ياخشى ياسالمىغانلىقى بايقالغان، شۇنىڭ بىلەن بەزىلەر ھومىر داستانىدىكى تروپانىڭ 5 ـ قاتلام شەھەر ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىشتى.

بىراق 5 ـ، 6 ـ ۋە ياكى 7 ـ قاتلام بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، شىرمان قېزىپ چىققان «پۇلىياموس خەزىنىسى» ھومىر داستانىدا تەسۋىرلىگەن خەزىنە ئەمەس. ئۇنداقتا بۇ بايلىقلارنىڭ ئىگىسى زادى كىم؟ ھەقىقىي پۇلىياموس خەزىنىسى زادى قەيەردە؟

«دۇنيا مىراسلىرى» كىتابىدىن تەرجىمە قىلغۇچى: مېھراي نۇرمۇھەممەد

(تەرجىمان: ش ئۇ ئا ر ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسىدە)

www.uyghurkitap.com

# تاجىكلارنىڭ توي ئادىتىدىكى پەرھىزلەر



مۇقەددەس قاسىم

توي جەمئىيەتتىكى ئەڭ ئاساسىي بىرىكىش شەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ مەلۇم بىر توپ ئىچىدىكى قانداشلىقنى باغلايدىغان ئاساسىي ئىجتىمائىي ئۇزەك. توي جەريانىدىكى ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەرنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇش-بولماسلىقى، ئائىلىنىڭ راۋاجلىنىش-راۋاجلانماسلىقىغا، توي قىلغۇچىلارنىڭ ھاياتلىق پائالىيىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، شۇ مىللەتكە تەۋە توينىڭ تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا شەكىللەنگەن، ئادەتكە ئايلىنىپ كىشىلەردىن ھۆرمەتلەش تەلەپ قىلىدىغان، پەرھىز تۇتىدىغان بىر قاتار ئىشلار شەكىللىنىدۇ. تاجىكلارنىڭ توي ئادىتىدە لايىق تاللاش، توي كۈنىنى بېكىتىش، چاي ئىچۈرۈش، توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش،

ئاجرىشىش، قايتا توي قىلىش قاتارلىق نىكاھ ۋە تويغا
مۇناسىۋەتلىك پائالىيەتلەردە كۆپلىگەن پەرھىز تۇتىدىغان
ۋە ئېتىبار بېرىدىغان ئىشلار بار، دۇنيادىكى كىشىلەر ئۇ
قايسى مىللەت ۋە قايسى تەبىقە ۋە ئىجتىمائىي توپقا تەۋە
بولۇشىدىن قەتئىينەزەر توي قىلىشتەك ئۆمۈرلۈك ئىشتا
خاتالىقلارنىڭ يۈز بېرىپ، بەختىگە تەسىر يېتىپ قېلىشتىن،
بىپەرۋالىق تۈپەيلىدىن بەختكە ئېرىشەلمەسلىكىدىن ئەنسى-
رەيدۇ. شۇڭا تويدىكى ھەر تۈرلۈك نازۇك پەرھىز ۋە ئا-
دەتلەر ئىنسانلارنىڭ مۇشۇ خىل پىسخىكىسىنىڭ ئۆز
مىللىي ئۆرپ-ئادەت ۋە تۇرمۇش ئەنئەنىسىدە ئەكس ئې-
تىشىنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلغان ھەمدە بۇ خىل پەرھىز ۋە
ئادەتلەر ئۇلارنىڭ جۇغراپىيەلىك ياشاش مۇھىتى، دىنىي
ئېتىقادى ۋە مىللىي مەدەنىيەت خاسلىقلىرى بىلەن زىچ بى-
رىكىپ كەتكەن. تاجىكلار ئۇزاقتىن بۇيان ئېگىزلىكتە يا-
شاشتەك تۇرمۇش ئەمەلىيىتىنى ئاساس قىلىپ، نۇرغۇن
خاسلىققا ئىگە توي پەرھىزلىرىنى شەكىللەندۈرگەن.

## لايىق تاللاشتىكى پەرھىز

1. تاجىكلار يات مىللەتلەر بىلەن نىكاھلىنىشنى
قاتتىق چەكلىگەن. ھازىر ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىۋاتقان
ۋە تۇرمۇش كەچۈرۈۋاتقان تاجىك ياشلىرىنىڭ نىكاھ ئى-
دىيەسىدە مەلۇم ئۆزگىرىشلەر بولغان بولسىمۇ، لايىق تال-
لىغاندا، يەنىلا ئۆز مىللىتىنىڭ ئۆرپ-ئادىتى بويىچە لايىق
تاللايدۇ.

ئاتا-ئانىلار پەرزەنتلەرگە لايىق تاللىغاندا، تۇغقانلى-
رىنىڭ باللىرىنى ئاساس قىلىپ تاللايدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى:
بىرىنچىدىن، تۇغقانلار ئارا قۇدىلىشىپ، مۇناسىۋەتنى مۇ-
قىملاشتۇرۇش، جەمەتنى ۋە نەسەبنى كۈچەيتىش؛ ئىك-
كىنچىسى، تۇغقانلار ئارا قۇدىلاشقاندا، خاتىرجەم بولغىلى،
نىكاھ ئارازلىقلىرىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ، دەپ قارايدۇ.
ئەگەر تۇغقانلارنىڭ باللىرى ئارىسىدا لايىق كېلىدىغانلار
بولمىسا، ئاندىن يېقىنلىرىنىڭكىدىن، يۇرت مەھەللىدىكى
قولۇم ـ قوشنا دائىرىسىدىن تاللايدۇ. بەزى يەرلىك ئۇ-
قۇمۇشلۇق كىشىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، يېقىن تۇغقانلار
(ئىككى ئەۋلاد) بىلەن توي قىلغاندىن كېيىن، ئاتا-ئانىسى
قېرىغاندا كۆزى كۆرمەيدىغان، ئېغىر كېسەل بولۇپ قال-
دىغان ياكى پەرزەنتلىرى تۇغماس بولۇپ قالىدىغان ئەھ-
ۋاللار كۆرۈلگەن. بۇ خىلدىكى ساۋاقلار ئاستا-ئاستا كى-
شىلەرنىڭ بۇ خىل كۆز قارىشىنى ئۆزگەرتكەن. ھازىر
لايىق تاللاشتا، گەرچە تۇغقانلار ئارىسىدىن تاللاشتىن ئى-
بارەت بۇ خىل ئاساسىي شەكىل تۈپ يىلتىزىدىن ئۆزگەر-
مىگەن بولسىمۇ، لېكىن تۇغقان بولسىمۇ، چوقۇم ئۈچ
ئەۋلادتىن يۇقىرى بولۇشى كېرەككەن دەيدىغان قاراش
تەدرىجىي ئومۇملىشىش باسقۇچىدا ئىكەن. تاجىكلاردا
«ئايپاق سۈت قىزىل قاندىن كېلىدۇ» دېگەن سۆز بار
بولۇپ، بۇنىڭدا «قان بىلەن سۈت شۇقەدەر يېقىن مۇنا-
سىۋەت»تە ئىكەنلىكىنى ئىپادىلىگەن. بۇ خىل ئىدىيە ئاس-
تىدا، تاجىكلاردا بىر ئانىنىڭ سۈتىنى ئەمگەن باللارنىڭ
قانداش مۇناسىۋىتى (گەرچە قانداشلىق مۇناسىۋىتى بولمى-
سىمۇ) بار دەپ قارىلىپ، چوڭ بولغاندا توي قىلسا بول-
مايدىكەن. يۇقىرىدا ئېيتىلغان سۆز بۇ خىل ئەخلاق ئادى-
تىنىڭ كېلىپ چىقىشىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوتتۇرا ئاسىيا-
دىكى باشقا مىللەتلەردىمۇ ئومۇملاشقان بۇ خىل ئىملداش-
لارنىڭ (بىر ئانىدىن تۇغۇلمىغان، لېكىن بىر ئانىنىڭ سۈ-
تىنى ئەمگەنلەر) توي قىلىشى بۇلارنىڭ توي پەرھىزلىرى-
دىمۇ ئۆز مەزمۇنىنى تاپقان.

2. نىكاھتىن بۇرۇن ئەركىن ئارىلىشىشقا چەك قويۇ-
لىدۇ، ئىپپەتكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك ئەڭ چوڭ ئەخلاق-
سىزلىق دەپ قارىلىدۇ. قىز ئوغۇللارنىڭ نىكاھتىن بۇرۇن
ئەركىن ئارىلىشىشى ھەرقانداق مەدەنىيەت سىستېمىسىدا
مەلۇم چەكلىمىگە دۇچ كەلگەن ھەمدە بۇخىل چەكلەش
ئىنسانلارنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئۇزاق ۋە
جاپالىق مۇساپىنى بېسىپ ئۆتۈپ، مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىيا-
تى بىلەن بەلگىلىك كېڭىيىش ۋە بوشلۇققا ئېرىشتى، لېكىن
ئىجتىمائىي ئەخلاققا نىسبەتەن سەزگۈر مىللەتلەردە بۇ
خىل ئەنئەنىنىڭ يەنىلا كۈچى بار. تاجىكلاردىمۇ نىكاھتىن
بۇرۇن ئەركىن ئارىلىشىشقا چەك قويۇش ۋە ئىپپەتكە
سەل قاراشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ قاراشنى مۇھىم
نىكاھ مەزمۇنى قىلغان. ھازىر تاجىك ياشلىرى سىرتلاردا
يېڭى مەدەنىيەت چۈشەنچىلىرىنى ئالغاچقا، ئەركىن مۇھەب-
بەتلىشىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، مۇھەببەتلىشىش جەھەتتە،
ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا قارىشى بولۇپ، ئەركىن مۇھەببەتلى-
شىشنى تاللايدۇ. ئەمما، تاشقورغان ناھىيەسىدىكى زىيا-
رەتتىن ئاشكارىلىنىشىچە، شەھەر بازارلاردىكى ياشلار
ئۆزلىرىنىڭ مۇھەببىتىنى خالىغانچە ئاشكارىلىيالمايدىكەن،
بۇ جەھەتتە ئۇلار ناھايىتى ئېھتىياتچان ئىكەن. ئاتا-ئانى-
نىڭ باشقۇرۇشى ۋە تەربىيەسى چىڭ بولغاچقا، تويدىن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى



بۇرۇنقى ئىپپىتىنى بۇلغاش ۋە ئىپپەت جەھەتتە كەتكۈزۈپ قويۇش چوڭ ئەخلاقسىزلىق دەپ قارىلىپ، قەتئىي چەكلىنىدىكەن.

## چاي ئىچۈرۈشتىكى پەرھىزلەر ۋە ئادەتلەر

1. يىگىت تەرەپ قۇدىلاشقىلى كەلگەندە، قىز تەرەپ بىۋاستە جاۋاب قايتۇرمايدۇ، قىز تەرەپ ھەرخىل سىپايى سەۋەبلەرنى ئىزدەپ، بىرقانچە قېتىم باش تارتىدىكەن، يىگىت تەرەپ بولسا، قىز تەرەپ قوشۇلغانغا قەدەر چىڭ تۇرىدىكەن. بۇ، قىزنىڭ ئىززەت - ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىكەن.

2. توي قىلىدىغان قىز قۇدىلىشىش مۇراسىمىدا كۆرۈنمەيدىكەن. مېھمانلارنىڭ ئالدىغا چىقمايدىكەن.

3. قۇدىلاشقاندىن كېيىن، توينى قايتۇرۇۋېتىشكە، مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يېنىشىپ كېتىشكە ئاساسەن بولمايدۇ. يېنىشىپ كېتىش كىشىلەر تەرىپىدىن يامان ئېلىنىدۇ. قىز تەرەپ تويلۇقلارنى ئالغاندىن كېيىن، قىز-يىگىت چېيىنى ئىچۈرگەن بولۇپ، قۇدىلىشىش مۇراسىمى چوڭ بىر پائالىيەت سۈپىتىدە ئۇچۇق-ئاشكارا ئېلىپ بېرىلىدۇ. ئەگەر توي قايتۇرۇۋېتىلسە، قىز تەرەپكە يامان تەسىر كەلتۈرۈپ چىقىدۇ. شۇڭا بىر ئادەمنىڭ ئۆيىگە قىز سوراپ كىرىشمۇ چوڭلارنىڭ ۋە ئائىلىدىكىلەرنىڭ كۆپ قېتىملىق ئائىلە مۇزاكىرىسى ئارقىلىق بېكىتىلىدىكەن. بۇرۇندا، قۇدىلاشقاندىن كېيىن، قىز-يىگىت توي قىلغانلىق خەۋىرى تارقالغان بولسىمۇ، قىز بىلەن يىگىت يۈز كۆرۈشمەي، پەقەت نىكاھتىلا يۈز كۆرۈشىدىكەن. ئەمما، ھازىر بۇ خىل ئەھۋال مەۋجۇت ئەمەس.

لېكىن، تاجىكلارنىڭ توي ۋاقتىنى بېكىتىشتە، بىر دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئادەت بار. يەنى ئۇلار چاي ئىچىشىپ بولۇپ سەككىز ئايدىن 12 ئايغىچە ۋاقىتتىن كېيىن ئاندىن توي مۇراسىمى ئۆتكۈزىدۇ. ھەرگىزمۇ تويغا پۈتۈشكەندىن كېيىن، شۇ ھامان توي مۇراسىمى قىلىدىغان، توينى بىر - ئىككى ھەپتە ئىچىدە تۈگىتىۋېتىدىغان ئادەت يوق. ئۇلار تويغا پۈتۈشكەندىن كېيىن، ھەرتۈرلۈك تەييارلىقلارنى قىلىپ ئەڭ ئاز بولغاندا سەككىز ئايدىن كېيىن، توي قىلىدۇ. بۇ مەزگىلدە قىز ۋە ئوغۇلغا ھازىرلاشقا تېگىشلىك كەشتە ئىشلىرى ۋە باشقا تەييارلىقلار ئىشلىنىدۇ. قىز - ئوغۇللارغا ھازىرلاشقا تېگىشلىك كىيىم - كېچەك ۋە باشقا بۇيۇملارنىڭ كەشتىسىگە بولغان تەلەپ قاتتىق، شۇڭا سەككىز ئايدا ئاران پۈتىدۇ.

## تويدىكى پەرھىزلەر

1. چاي ئىچۈرۈلۈپ بولغاندىن كېيىن، يىگىت بىلەن قىز بىللە سىرتقا چىقىشقا، كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا ئارىلىشىپ يۈرۈشكە بولمايدۇ.

توي مۇراسىمى بولۇشتىن بۇرۇن بولغۇسى كېلىن ۋە يىگىت بىرگە سىرتقا چىقمايدۇ، ئىت پوقىنى ئاتلىۋېلىشتىن پەرھىز قىلىدۇ، ھەدىسى ئۇلارغا تاماق ئېتىپ بېرىدۇ، باشقىلارنىڭ تامىقىنى يېمەيدۇ، باشقىلارنىڭ قىز-يىگىتنى قارغاپ قويۇشىدىن ئەنسىرەيدۇ. بەك كۆپ كىشىلەر بىلەن كۆرۈشمەيدۇ، كۆز تېگىپ قېلىشتىن ساقلىنىدۇ. يىگىتمۇ تويدىن بۇرۇن ئۆيدە بولۇپ، شورپا ئىچىپ، ياخشى قۇۋۋەتلىنىدۇ.

2. توي قىلماقچى بولغان قىز چېچىنى ئىككى قىلىپ ئۆرۈۋالىدۇ، بالىلىق بولغاندىن كېيىن، تۆت ئۆرۈم ئۆرۈۋالىدۇ، يىللار ئۆزىغاندىن كېيىن، يەنە ئىككى ئۆرۈم ھالىتىگە قايتىدۇ. تويلۇقتا يىگىت تەرەپ سوۋغا قىلغان ئۆتۈك ۋە پەلتونى قىز چوقۇم توي كۈنى كىيىدۇ، بولمىسا، تويدىن كېيىن تۇرمۇشى كۆڭۈللۈك بولماي قالىدۇ، دەيدىغان قاراش بار، قىز بېلىگە قىزىل ئارغامچىنى چىڭ باغلايدىكەن، بۇ، توي قىلىپ بولغانلىقى، بەلباغنى چىڭ باغلاپ، تۇرمۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە داۋاملىق بېرىۋالمايدىغانلىقىنى، ئەنئەنە بويىچە تېجەشلىك بىلەن ئائىلە باشقۇرىدىغانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

## نىكاھتىكى پەرھىزلەر

سەيشەنبە، چارشەنبە كۈنلىرى نىكاھلانمايدۇ. تاشقورغان رايونىدىكى بەزى يېزىلاردا، قىزلار توي قىلماي ئالەمدىن ئۆتسە، بىۋاستە يەرلىككە قويۇشقا بولمايدۇ. چوقۇم توي مۇراسىمى ئۆتكۈزۈلىدۇ، توي قىلىدىغان ئوبيېكت تۈۋرۈك بولۇپ، تۈۋرۈك ئەرلەرگە سىمۋول قىلىنىدۇ. ئۆلگەن قىزنى يەرلىككە قويۇشتىن بۇرۇن، نىكاھ ئوقۇلىدۇ، توي قىلماي ئۆلۈپ كەتسە، ئاتا-ئانا بالىسىنى يەرلىككە قويۇشتىن ئىلگىرى ياغاچ قونچاق ياساپ، ئۆلگۈچى بىلەن بىرگە يەرلىككە قويىدۇ. يەرلىك كىشىلەرنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، توي كىشىلىك ھاياتتىكى كەم بولسا بولمايدىغان بىر قىسمى بولۇپ، توي بولمىغان كىشىلىك ھايات مۇكەممەل ۋە تولۇق بولمىغان بولىدىكەن، بۇمۇ ئاتا-ئانىنىڭ بۇرچىنى ئادا قىلغانلىق بولىدىكەن.

ئەگەر تويدىن كېيىن كېلىن ئىپپەتلىك قىز چىقسا، ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتقاندا، قىزىل يىپنى ئىشلەتمىگەن يىڭنىگە ئۆتكۈزۈپ، قىزنىڭ ئانىسىنىڭ ياقىسىغا قاداپ قويىدىكەن، يەنە قىز تەرەپنىڭ تۇغقانلىرىغا چاي دەملەپ، چاقماق قەنت سېلىپ قويىدىكەن؛ ئەگەر قىز بولماي قالسا، يىگىت تەرەپ قىز تەرەپ ئېلىپ كەلگەن ناننىڭ ئوتتۇرىسىدىن بىر پارچە ئېلىۋېلىپ، قىز تەرەپنىڭ ئۆيىگە ئەۋەتىدىكەن. ئېغىر بولغاندا، كېلىننى ئانىسىنىڭ ئۆيىگە قايتۇرۇۋېتىدىكەن، ئەمما، ھازىر بۇ ئادەت ناھايىتى ئاز كۆرۈلىدىكەن.

## تويدىن كېيىنكى پەرھىزلەر

1. تويدىن كېيىنكى بىر ھەپتىدە ئەر-خوتۇنلار سىرتقا چىقىش چەكلىنىدۇ. تاجىكلار ئارىسىدا، تويدىن بۇرۇن يۈز كۆرۈشۈپ باقمىغان ئەر-خوتۇنلار بىر قەدەر كۆپ بولۇپ، بۇ خىل ئادەتنىڭ مەقسىتى ئىككى ناتونۇش كىشىنى مۇشۇنداق ئۇسۇل ئارقىلىق، ئۆزئارا چۈشىنىپ، مۇھەببىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ياخشى ئۆتۈشىنى مەقسەت قىلغان. ئىككىنچى مەقسەت، تويدىن بۇرۇنقى پەرھىزگە ئوخشاش كۆز تېگىشتىن ساقلىنىش ئىكەن.

2. تويدىن كېيىنكى بىر ئايدا بىر قاچىدا تاماق يېيىش. يېڭى توي قىلغانلار تويدىن كېيىنكى بىر ئايدا بىر قاچىدا تاماق يەيدىكەن، مەقسەت مۇھەببەتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش ئىكەن. ئەر-خوتۇننىڭ ئورتاق ئوزۇقلىنىشى كۆپ كۆرۈلىدىغان ھەم كەڭ تارقالغان ئادەتتۇر. ھازىرغا قەدەر، ئورتاق ئوزۇقلىنىشنى ياۋروپادىكى توي مۇراسىملىرىدىمۇ كۆرگىلى بولىدۇ. شۋېتسىيەدە، ئەر-خوتۇن بىر پارچە مەززىلىك يېمەكلىكنى بىرگە يېسە، مۇھەببەت قايىنىمىغا چۆكۈدىغانلىقىغا ئىشىنىدىكەن؛ گېرمانىيەدە يېڭى توي قىلغانلار بىر قوشۇقتا شورپىنى ئورتاق ئىچسە، تۇرمۇشىنى بەختلىك، خۇشال-خۇرام بولىدۇ، دەپ قارايدىكەن؛ ماراكەشنىڭ ئەرەب تىلىدا سۆزلىشىدىغان قەبىلە رايونىدا يىگىت تۇنجى قېتىم بەدىنىنى قىزىل رەڭ بىلەن بويىۋالسا، كىشىلەر قويدىن بىرنى سويۇپ، جىگىرىنى يىگىت بىلەن قىزغا يېگۈزىدىكەن، يەرلىك كىشىلەر بۇنى ئەر-خوتۇننىڭ ئىناق ياشىشى ئۈچۈن دەپ قارايدىكەن.

3. تويدىن كېيىنكى يېرىم يىل ياكى بىر يىل ئىچىدە، ئايرىلىش، ئىككى جايدا ئايرىلىپ تۇرۇش چەكلىنىدۇ. مەن يېڭى توي قىلغان كېلىنچەكنى زىيارەت قىلدىم، يېڭى كېلىن تاجىكلارنىڭ ئۆرپ-ئادىتىنى تونۇشتۇرۇپ مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى: «مەن توي قىلغىلى ئىككى ھەپتە بولدى، بۇ ھەپتىدىن باشلاپ ئىشقا چۈشتۇم، مەن يولدىشىم بىلەن ئەركىن مۇھەببەتلىشىپ توي قىلغان، تۇغقانداشلىق مۇناسىۋىتىمىزمۇ بار، قۇدىلىشىپ توي قىلغىچە يېرىم يىل ۋاقىت كەتتى، ھازىر قېيىنئاتا-قېيىنئاناملار بىلەن بىرگە تۇرۇۋاتىمىز، مەن خىزمەت قىلسام يولدىشىم قارشى تۇرمايدۇ، چۈنكى، ئۇ ئۇرۇمچىدە خىزمەت قىلىدۇ، كېلەر ئايدا خىزمەتكە چۈشىدۇ، بىزدە بىر قائىدە بار، يېڭى توي قىلغان ئەر-خوتۇنلار ئىككى جايدا ئايرىلىپ تۇرسا بولمايدۇ، يولدىشى قەيەرگە بارسا ئايالىمۇ شۇ جايغا بارىدۇ، شۇڭا، مەن ئىدارىدىن ئىككى ئايلىق رۇخسەت ئالدىم، يولدىشىم بىلەن بىرگە ئۈرۈمچىگە بارىمەن، يېڭى توي قىلغاندىكىن ئايرىلىپ تۇرساق، مۇھەببەت سۇسلىشىپ قالىدۇ». رەھبىرىمىز تاجىك بولغاچقا، بۇ ئادىتىمىزنى بىلگەچكە ماڭا رۇخسەت بەردى».

## ئاجرىشىش، قايتا توي قىلىش پەرھىزلىرى

تاجىكلاردا نىكاھتىن ئاجرىشىش چەكلىنىدۇ. تويدىن كېيىن ئەر-ئاياللار ئاساسەن ئاجراشمايدۇ. ئالاھىدە ئەھۋاللار، جەمەت ماجىرالىرى ۋە چوڭ ئەخلاقسىز قىلمىشلار يۈز بەرمىسە ئاجراشمايدۇ. ئاجرىشىپ كەتكەنلەر كىشىلەر تەرىپىدىن بەلگىلىك دەرىجىدە يەكلەشكە ئۇچرايدۇ، ئاياللار بەكرەك يەكلىنىدۇ. نىكاھتىن ئاجراشقان ئاياللارنىڭ قايتا توي قىلغان چاغدا، توي قىلمىغان يىگىتلەر بىلەن نىكاھلىنىشى كىشىلەر تەرىپىدىن قوبۇل قىلغىلى بولمايدىغان ئىش دەپ قارىلىدۇ. لېكىن توي قىلغان ئەرلەر توي قىلمىغان قىزلار بىلەن، ياكى ئۆزىدىن خېلى كىچىك قىزلار بىلەن توي قىلىش نورمال ھېسابلىنىۋېرىدۇ. كىشىلەر بۇنىڭدىن غەيرىلىك ھېس قىلمايدۇ.

ئېرى ئۆلۈپ كەتكەن ئاياللار قايتا توي قىلماقچى بولسا، ئاۋۋال دەرەخلىك ياكى دەرەخ غولى بولغان جايغا ئاپىرىپ، بىر قېتىم نىكاھنى ئوقۇتقاندىن كېيىن، ئاندىن توي قىلماقچى بولغان كىشى بىلەن نىكاھلىنىدىكەن. شۇنداق قىلغاندىلا، توي قىلماقچى بولغان كىشىنىڭ ھاياتىنى ساقلاپ قالغىلى بولىدىكەن. ئەمما، ئەرلەرگە پەرھىز قىلىنمايدىكەن.

(ئاپتور: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2008-يىللىق فولكلور پەنلىرى ماگىستىر ئاسپىرانتى)

www.uyghurkitap.com



# ئەبۇئەلى ئىبن سىنا ھەققىدە ئەپسانە

## ئۈزۈك

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا يېڭى تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئانىسى ئۇنى يۇيۇندۇرغاندا قىممەت باھالىق ئۈزۈكنى يوقىتىپ قويغانىكەن. ئۇ ئۈزۈكنى كۆپ ئىزدەپتۇ. لېكىن ھېچيەردىن تاپالماپتۇ. كېيىن ئۇنى كېنىزەك ئالغان دەپ گۇمان قىلىپ، بىچارە كېنىزەكنى راسا دۇمبالاپتۇ. كېنىزەكنى ئۇرۇشقا باشلىغاندا ئەبۇ ئەلى يىغلاپتۇ. دۇمبالاشتىن توختىسا ئۇمۇ ھەم يىغىدىن توختاپتۇ. ھەممە بۇنىڭغا ئەجەبلىنىپ، ئۈزۈكنى يوققا چىقىرىشىپتۇ.

ئىبن سىنا تىلى چىققاندا، بىرىنچى بولۇپ ئېيتقان گېپى شۇ بوپتۇ:

— سىلەر شۇ ۋاقىتتا كېنىزەكنى ناھەق ئۇرغانتىڭلار، ئانام مېنى سۇدا يۇيۇندۇرغاندا ئۈزۈكى سۇغا چۈشۈپ كەتكەنىدى. داسنى دۈم قىلغاندا ئۈزۈكمۇ سۇ بىلەن بىرگە ئورىغا چۈشۈپ كەتتى. مېنىڭ تىلىم چىقمىغاچقا سىلەرگە ئېيتالمىغانىدىم. كېنىزەكنى ئۇرغىنىڭلاردا يىغلاپ، توختىغىنىڭلاردا يىغىدىن توختىغىنىمنىڭ سەۋەبى شۇ ئىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن ئورىنى كولىغان ئىكەن، ئۈزۈك تېپىلىپتۇ. بۇ ۋەقەنى ئاڭلىغان، بىلگەنلەر ئىبن سىنانىڭ زېھنىگە ھەيران قېلىشقانىكەن.

## چىرايىنى پۇرۇشتۇرۇپتۇ

ئەبۇ ئەلى ئىبن سىنا بىر ياشقا كىرگەندە ئۇنى كۆتۈرۈپ يۈرەر ئىكەن. ئۇ مەكتەپتە بالىلارنىڭ ۋاراڭ-چۇرۇڭىنى ئاڭلاپ شۇ تەرەپكە تەلپۈنۈپتۇ.

كېنىزەك گۆدەكنىڭ رايىنى قايتۇرماي مەكتەپكە

ئېلىپ كەپتۇ. داموللا گۆدەكنىڭ گەپكە دىققەت بىلەن قۇلاق سالغانلىقىنى بايقاپ ھەيران قاپتۇ. شاگىرتلىرى بۇنىڭ سەۋەبىنى سورىغاندا، ئۇ: «بۇ گۆدەك تولىمۇ ئەقىللىق ئادەم بولىدۇ، ئۇ ھازىر سىلەر ئوقۇۋاتقان دەرسلەرنى چۈشىنىپ تۇرۇپتۇ»، دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. شاگىرتلار داموللامنىڭ سۆزىنى راسا مازاق قىلىپ كۈلۈشۈپتۇ. شۇندا داموللا ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانى ئۆزىنىڭ يېنىغا ئولتۇرغۇزۇپتۇ. بىر شاگىرتقا ئاغزىغا كەلگەن نەرسىلەرنى سۆزلەشكە بۇيرۇپتۇ. شاگىرتى داموللىنىڭ بۇيرۇقىنى ئورۇنداپ، قۇرۇق گەپلەرنى سۆزلەشكە باشلىغانىكەن، ئىبىن سىنا چىرايىنى پۈرۈشتۈرۈپ شاگىرتقا نەپرەت كۆزى بىلەن قاراپتۇ. كېيىن داموللا شاگىرتقا ئىلىمگە خاس نەرسىلەردىن سۆزلەشنى تاپىلاپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن، ئىبىن سىنا چىرايىنى ئېچىپ ئولتۇرۇپتۇ.

شاگىرتلار گۆدەكنىڭ ھەرىكەتلىرىنى شۇ تەرىقىدە بىر نەچچە نۆۋەت سىناپ كۆرگەچكە، ئۆزىنىڭ يېڭىلگەنلىكىنى چۈشىنىپ، ئۇستازىدىن كەچۈرۈم سورىشىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن ئىبىن سىنانى داموللا ئۆزىنىڭ تەربىيىسىگە ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئىلىم ئۆگىتىشكە باشلىغانىكەن.

## تور تۇتۇلغان ئاسمان

ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا چوڭ بولۇپ، تىلى چىققاندا بۇرادەرلىرىگە:

— مەن تۇغۇلغان كۈنى ئاسمان يۈزىگە تور تۇتۇلغانىدى، لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىن ئاسمانغا تور تۇتۇلغانىنى كۆرمىدىم، — دەپتۇ.

بۇ گەپنى ئاڭلىغان ئانىسى سىرتقا چىققانىكەن. ئۇ كۈلۈپ مۇنداق دەپتۇ:

— راست، بالام تۇغۇلغان ۋاقىتتا ئۆيدە ھېچكىم يوق ئىدى. ئۇ ھويلىدا تۇغۇلغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭغا دەرەختىن بىرەر نەرسە چۈشۈپ كەتمىسۇن دەپ، غەلۋىرنى يېپىپ قويغانىدىم.

بۇنى ئاڭلىغانلار ئەبۇ ئەلى خاتىرىسىگە قايىل بولۇشۇپتۇ.

## مۈشۈك تومۇرى

ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا ناھايىتى كۆپ كېسەللەرنى ئۆيدە قوبۇل قىلاركەن. كېسەل كۆپلىگەندە، ئۇلارنى كۆرۈپ ئۈلگۈرەلمەس ئىكەن. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ئۆزى ئولتۇرىدىغان قوبۇلخانىدىن كوچا تەرەپكە يىپ تارتىپ قويۇلغانىكەن. كېسەل كېلىپ شۇ يىپنى ئۇشلىسا، ئىبىن سىنا يىپنىڭ تارتىشىدىن ئۇنىڭ تومۇر سوقۇشىنى بىلىپ، كېسەلنىڭ سەۋەبىنى دەرھال ئېيتىپ بېرەركەن.

بىر كۈنى بىر ئايال ئىبىن سىنانى سىناپ كۆرمەكچى بوپتۇ، ئۇ ئاچ مۈشۈكنى ئېلىپ كېلىپ، بىر ئايىغىنى يىپقا باغلاپ قويۇپتۇ. ئەبۇ ئەلى يىپنى تارتىپ كۆرۈپ ھەيران بوپتۇ. ئويلاپ تۇرۇپ مۇنداق دەپتۇ:

— بۇ كېسەل ئۆتكەن ھەپتىنىڭ بېشىدا ئاسانلاپتۇ. ئۇنىڭ ئاچلىقتىن باشقا دەردى يوق. ئەگەر تاپالىسا بەش چاشقان تۇتۇپ بېرىڭلار. ئۇنداق بولمىسا ئىككى چىشلەم گۆش بېرىڭلار، شۇنىڭ بىلەن ساقىيىپ قالىدىكەن.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرغان ھەممە ئادەملەر ھېلىقى ئايالغا قارىشىپتۇ. ئۇنىڭ قوينىدا مۈشۈك باركەن. راستتىنلا بۇ مۈشۈك ئۆتكەن ھەپتە ئاسلانلىغانلىقى ئۈچۈن، كېسەللەر شۇ قەدەر ھەيران بولۇشۇپتۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنانىڭ ئەقلىنىڭ بۇ قەدەر ئۆتكۈرلۈكىگە قول قويۇشۇپتۇ.

## سامان يېگەن

بۇيۇك تېۋىپ ئىبىن سىناغا جىگەر كېسەل بىر كىشىنى بېرىپ كېسىلىنى كۆرۈپ بېقىشنى ئىلتىماس قىپتۇ. لېكىن ئىبىن سىنانىڭ ۋاقتى قىس بولغانلىقى ئۈچۈن، ئالدىغا بىمارنىڭ پېشاپىنى ئېلىپ كېلىشنى، شۇنىڭغا قاراپ كېسىلىنى بەلگىلەپ، كېيىن بېرىپ كۆرۈشنى ئېيتىپتۇ.

ئۇلار ئىبىن سىنا ئېيتقىنىنى قىلىشىپتۇ-يۇ، ئالىمنى بىر سىناپ كۆرمەكچى بولۇشۇپ كالىنىڭ تىزىكىنى ئېلىپ بېرىشىپتۇ.

ئىبىن سىنا ئىدىشنى قولىغا ئېلىپلا:

— ھەي، كېسەل سامان يەپ قويۇپتۇ، ئېيتىڭلار، ساماندىن كۆرە كۆك ئوت يېسە تېزرەك ئوڭشىلىپ كېتىدۇ، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

كەلگەنلەر ئىبىن سىنانىڭ بۇ گېپىدىن قاتتىق ئىزا تارتىپتۇ.

## دۇربۇن

ئەبۇ ئەلى ئىبىن سىنا بىر كۈنى بۇخارا ئەمىرىنىڭ يازلىق قەسرىدە ئولتۇرغانىكەن. ئۇ يېنىدا بىر نەرسە تۇرغانلىقىنى كۆرۈپتۇ. ئۇ ئەمىردىن، «بۇ نېمە؟» دەپ سوراپ قاپتۇ. شۇندا ئەمىر ئەبۇ ئەلىگە:

— بۇ دۇربۇن، بىر نەچچە چاقىرىم نېرىدا كېلىۋاتقان ئادەمنى كۆرەلەيدىغان ئەسۋاب، ھەتتا كېلىۋاتقان دوست-دۈشمەننى ئېنىق ئايرىغىلى بولىدۇ، — دەپتۇ.

ئەبۇ ئەلى يىراققا بىر قاراپ. شۇ زامان بىر ئاتلىق كېلىۋاتقىنىنى بايقاپتۇ ۋە ئۇنى ئەمىرگە ئېيتىپتۇ. ئەمىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بىكىتى www.uyghurkitap.com



دۇربۇنى بىلەن قارىسا، بىر ئادەم ئاتلىق كېلىۋاتقۇدەك. ئەبۇ ئەلىنىڭ كۆزىگە قايىل بوپتۇ.

— ئۇ كىشى هالۋا يەپ كېلىۋاتىدۇ، — دەپتۇ ئەبۇ ئەلى. ئەمىر ئۇنىڭغا:

— ئۇنىڭ هالۋا يەپ كېلىۋاتقىنىنى قەيەردىن بىلدىڭىز، مەن كۆرمەپتىمەنغۇ، — دەپتۇ.

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئەمىرگە قاراپ:

— هالۋا يەپ كېلىۋاتقىنىنى ئۇنىڭ ئەتراپىدا يۈرگەن چىۋىنلەردىن بىلدىم، چىۋىنلەر ئۇنىڭ ئاغزى ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ، — دېدى.

ئەمىر ئەبۇ ئەلىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەپتۇ، بىر ئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئاتلىق ئادەم يېتىپ كېلىپ، ئۇنىڭدىن سوراپ بىلىشسە، راستىنلا هالۋا يەپ كېلىۋاتقانىكەن. بىر نەچچە هەرە-چىۋىن هالۋا تۈگىگەنگە قەدەر ئەتراپىدىن ئايلىنىپ تىنچ قويمىغان، هالۋىنى يەپ تۈگەتكەندە غايىب بولغانىنى سۆزلەپ بېرىپتۇ.

## ئىبنى سىنا ۋە ئۆلۈم داۋاسى

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ئۆلۈمنىڭ داۋاسىنى تاپقان ئىمىش. ئۇ جان ئۈزىدىغان ۋاقىتتا شاگىرتلىرىدىن بىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ بىر دورىنى تۇتقۇزۇپتۇ. دورا قىرىقتەك ئىدىشقا سېلىپ قويۇلغانىكەن.

— مانا شۇ دورىنى، — دەپتۇ ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا، — مەن ئۆلگەندىن كېيىن، هەر بىرىنى تەرتىپ بىلەن بىر تېنىمدىن تېمىتىسەن، شۇنداق قىلىپ تاكى قىرىق ئىدىشتىكى دورىلارنىڭ هەممىنى تېمىتىپ تۈگىتىسەن.

بۈيۈك هەكىم شاگىرتىغا بۇ ئىشنى قانداق بەجا كەلتۈرۈشنى كۆرسىتىپتۇ.

كۆپ ئۆتمەي ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا ۋاپات بوپتۇ، شاگىرتى ئۇستازى هايات ۋاقتىدا تاپىلىغىنى بويىچە ئىش كۆرۈپ، دورىنى ئىدىشتىن تېمىتىشقا باشلاپتۇ. شاگىرت دورىنى ئىدىشنىڭ ئوتتۇز توققۇزىغا تېمىتىپ بوپتۇ. دورا تەسىر قىلىپ بەدەندە ئۆزگىرىش پەيدا بوپتۇ. ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنادا قىزىللىق تۈگەپ ياشىرىپتۇ. ئاستا يۈرەكمۇ هەرىكەتكە كېلىشكە باشلاپتۇ.

## يىلان قۇسقان سۈت

ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا هەر كۈنى ئەتىگەن ئۆيىدىن چىققاندا، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىمارلار ئىككى قاتار ئولتۇرۇشار ئىكەن. ئۆيىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان ۋاقىتتا ئۇ بىر ئورۇندا ئولتۇرغان كېسەللەرگە قاراپ، ئۇلاردىن هال-ئەهۋال سوراۋەرگەن: «سىز پالان نەرسە بىلەن كېسەلسىز، بۇنىڭ داۋاسى پالان نەرسە»، دەپ ئۆتۈپ كېتەركەن. ئۆيىگە قايتقاندا، ئىككىنچى قاتاردا ئولتۇرغانلارغا قاراپ، ئۇلارنىڭ كېسەللىرىگە داۋا بولىدىغان نەرسىلەرنى ئېيتىپ ئۆتەر ئىكەن.

بىر كۈنى ئۇ بىر بىمارغا شۇنداق دىققەت بىلەن قاراپ تۇرۇپتۇ-دە، ئۇنىڭغا لام-جىم دېمەستىن، باشقىلاردىن هال سوراپ ئۆتۈپ كېتىپتۇ. بۇ هالدىن بىمار شۇنداق خاپا بولۇپ، هەتتا هاياتتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپتۇ. ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ: «مەن شۇ كېسەلدىن ئۆلىدىكەنمەن. ئەگەر ئۆلمەيدىغان بولسام، ئىبنى سىنا قارار ئىدى. ئۇ سوراشقا هەم لايىق كۆرمىدى، ئەمدى ئاخىرەتلىكىمگە تەييارلىق قىلىۋېرەي» دەپ ئويلاپتۇ.

شۇ تەرىقە بىمار ئۆزىنىڭ ئۆلۈمىنى كۈتۈپ يېتىۋېرىپتۇ. بىر ۋاقىت ئۆينىڭ بۇرجىكىدىكى تۆشۈكتىن بىر زەهەرلىك يىلان چىقىپ يېقىنلاپ كېلىۋېرىپتۇ. يىلان ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان بىر قاچا سۈتكە يېقىنلىشىپ، سۈتنى دەم تارتىپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن، ئىچكەن سۈتنى قايتىدىن قاچىغا ياندۇرۇپتۇ. بۇنى كۆزىتىپ تۇرغان بىمار يىلان ئورنىغا قايتىپ كەتكەندىن كېيىن، ئۆزىچە ئويلاپ، بەرىبىر ئۆلىدىكەنمەن، ئوڭشىلىپ قېلىشىمغا هېچ دورا يوق. شۇ زەهەرلىك سۈتنى ئىچىپلا ئۆلسەم ئۆلۈپ قالاي، دېگەن قارارغا كېلىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ سۈتنى ئىچىپتۇ. لېكىن بىمار ئۆلمەي ئەكسىچە بارا-بارا تۈزۈلۈپ بېرىپتۇ. بىمار ئۆزىنىڭ ئۆلمەي بارغانسېرى ياخشىلانغانلىقىنى ئېيتىپ، ئېتىراز بىلدۈرۈش ئۈچۈن، ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنانىڭ ئالدىغا بېرىپتۇ. ئىبنى سىنا ئۇنىڭ ئەهۋالىنى كۆرۈپ ناهايىتى هەيران قاپتۇ ۋە بىمارغا:

— سەن يىلان قۇسقان يېمەكلىكنى قاچان ۋە قانداق قىلىپ تاپتىڭ؟ كېسىلىڭنىڭ داۋاسى زەهەرلىك يىلاننىڭ قۇسۇقى ئىدى. ئۇنى تېپىشنىڭ ئىلاجى بولمىغانلىقىدىن مەن سېنىڭ كېسىلىڭنى سورىمىغانتىم، — دەپتۇ.

شۇنىڭدىن كېيىن كېسەل ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىناغا قايىل بولۇپ، بولغان ۋەقەنى باشقىلارغا دەپ بەرگەنىكەن.

1980-يىلى تاشكەنت «ياش گۋاردىيە» نەشرىياتى تەرەپىدىن نەشر قىلىنغان «ئەبۇ ئەلى ئىبنى سىنا هەققىدە ئەپسانە، رىۋايەت ۋە هېكمەتلەر» ناملىق كىتاپتىن

**ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: گۈلهايا تۇرسۇن ئۇدمىش**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكولتېتى 2-09 سىنىپ ئوقۇغۇچىسى)

# مىللىي ئەنئەنىمىزنىڭ گۈلتاجىسى — دوپپا




مۇھەممەدئىمىن سابىر

## 1. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ قۇرۇلمىسى

دوپپا ئۇيغۇر باش كىيىملىرىنىڭ بىر چوڭ تۈرى، شۇنداقلا ئەڭ سەرخىلى. ئۇ ئۇزاق تارىخقا، ئەمەلىي ئىشلىتىلىش قىممىتىگە ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلگىلىك ئىقتىسادىي قىممەتكە، يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە، كۈچلۈك سىمۋوللۇق قىممەتكە ئىگە بولغان يەرلىك، مىللىي، ئالاھىدە مەھسۇلاتتۇر.




ئۇيغۇر دوپپىلىرى قانداق ماتېرىيال، قانداق رەختلەردىن تىكىلگەن بولسۇن، بىردەك پارچە-پارچە بۆلەكلەرنى مەلۇم قائىدە-تەرتىپ بويىچە تىكىپ چېتىش ئارقىلىق بىر پۈتۈن مەھسۇلاتقا ئايلاندۇرۇلىدۇ. بۇنداق بۆلەكلەر ئۇنىڭ قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. دوپپىنى تەشكىل قىلغۇچى بۆلەكلەرنى تىك بۆلەكلەر ۋە توغرا بۆلەكلەردىن ئىبارەت ئىككى بۆلەككە بۆلۈشكە بولىدۇ.





تىك بۆلەكلەر: بۇ، دوپپىنىڭ ئىچىدىن تېشىغا قەدەر بولغان قەۋەتلىرىنى شەكىللەندۈرگۈچى بۆلەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ، ئەستەر، قاتۇرما، تاشلىق (تەگلىك)، گۈل-كەشتە قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئەستەر — دوپپىنىڭ باشنى ئوراپ تۇرىدىغان ئىچكى قەۋىتىنى كۆرسىتىدۇ. كۆپىنچە يۇمشاق، سىيدام رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ. قاتۇرما — ئەستەر بىلەن تەگ ئارىسىغا ئېلىنىپ، دوپپىنىڭ قېلىپلىقىنى ئاشۇرغۇچى، دوپپىنى قاتۇرغۇچى ۋە ئىسكىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ تۇرغۇچى ئارا قەۋەتنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ شىلىم قاتۇرما رەخت، قاتۇرما قەغەز، پىلتە قەغەز قاتارلىقلاردىن تەييارلىنىدۇ. تاشلىق — دوپپىنىڭ سىرتىغا كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان تەگلىك قىسمى بولۇپ، تاۋار، دۇردۇن، مەخمەل، دۇخاۋا قاتارلىق سۈپەتلىك رەختلەردىن تەييارلىنىدۇ. گۈل-كەشتە — دوپپا تاشلىقىغا كەشتىلەپ چىقىرىلىدىغان نەقىش بۆلەكلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما، ھەرقانداق دوپپىنىڭ يۇقىرىقىدەك تۆت قەۋەت بولۇشى شەرت ئەمەس. بەزى سىيدام دوپپىلار ئەستەر-تەگدىنلا تەركىب تاپىدۇ، بەزىسى ئەستەر، تەگ، نەقىشتىن تەركىب تاپىدۇ.







توغرا بۆلەكلەر: بۇ، دوپپىنىڭ گىرۋىكىدىن چوققىسىغا قەدەر بولغان توغرا بۆلەكلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئادەتتە جىيەك، كېزەك، تالادىن ئىبارەت ئۈچ بۆلەكتىن تۈزۈلىدۇ. جىيەك — دوپپىنىڭ ئاستىنقى گىرۋىكىنى ھاسىل قىلىدىغان تار چەمبىرەك شەكىللىك بۆلەك بولۇپ، كەڭلىكى بىر-ئىككى سانتىمېتىر كېلىدۇ. كۆپىنچە قارا رەڭلىك رەختلەردىن تەييارلىنىپ، كەشتە-نەقىش چىقىرىلمايدۇ. قىسمەن شاپاق دوپپىلار ۋە باللار قاتۇرما دوپپىلىرىنىڭ جىيەكلىرىگە ئادەتتە نەقىشلەر چىقىرىلىدۇ. كېزەك — دوپپىنىڭ باش ئەتراپىنى ئوراپ تۇرىدىغان قاسقان قىسمى بولۇپ، كەڭلىكى تۆت-بەش سانتىمېتىر بولىدۇ. تالا — دوپپىنىڭ باشنىڭ چوققا قىسمىنى يۆگەپ تۇرىدىغان قىسمى بولۇپ، تالالىق بۆكلەرنىڭ تالاسى تۆت (بەش تالالىق بۆكلەردە بەش)






پارچە ئۈچ بۇلۇڭ شەكىللىك رەختتىن تەييارلىنىدۇ. بەزى يۇملاق دوپپىلارنىڭ تالاسى بىر پۈتۈن چەمبەرەك شەكىللىك بولىدۇ. ئۇ «تالا» دېيىلمەي «تۆپلىك» دېيىلىدۇ. ئادەتتە كىزەك بىلەن تۆپلىك بىر خىل رەختتىن تەييارلىنىپ، دوپپىنىڭ گۈل-نەقىشلىرى مۇشۇ بۆلەكلەرگە چۈشۈرۈلىدۇ.

لېكىن، دوپپىلارنىڭ توغرا بۆلەكلىرىنىڭ ئۈچ بولۇشى شەرت ئەمەس. ئادەتتە ئاق دوپپىلاردا جىيەك بولمايدۇ. سەللە دوپپىسى قاتارلىق قىسمەن دوپپىلاردا جىيەك بولىدۇ. لېكىن كىزەك بىلەن تالاسى ئايرىم قىلىنماي بىر پۈتۈن پىچىپ تىكىلىدۇ.

**2. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ مەھسۇلات تۈرى**

ھازىرغا قەدەر دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەل تەتقىقاتچىلىرىدىن ئۇيغۇر دوپپىلىرى ھەققىدە قەلەم تەۋرەتكەنلەر ئانچە ئاز ئەمەس. ئۇلارنىڭ تەتقىقاتلىرىدىن ئاز مەنپەئەتدار بولمىدۇق. شۇڭا ئۇلارغا ئېھتىرام بىلدۈرۈشكە ئەرزىيدۇ. بىراق، بۇ تەتقىقاتلاردا ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى تۈرگە ئايرىشتا ئىلمىيلىك كەمچىل بولۇپ كەلدى. دوپپىلارنىڭ شەكىل تۈرى، گۈل نۇسخا تۈرى، كەشتە تۈرى، ھەتتا تەگلىك رەخت تۈرىنى ئارىلاشتۇرۇپ ھەممىنى بىر قاتارغا تىزىپ قويىدىغان ئەھۋال كۆپ تەكرارلاندى، بۇ جەھەتتىكى تەتقىقاتنى ئىلمىي ئىزغا سېلىش زۆرۈر.

دوپپىنىڭ مەھسۇلات تۈرى ــ دوپپىنىڭ شەكىل پەرقى، قۇرۇلما پەرقى، تەگلىك رەڭ پەرقى، ئىستېمال ئورنى پەرقى، گۈل-كەشتە كۆرۈنۈش پەرقى، كەشتىلەش ئۇسۇل پەرقى قاتارلىقلارغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشنى كۆرسىتىدۇ. يىغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، دوپپىنىڭ شەكىل-كۆرۈنۈش جەھەتتىكى پەرقلىرى ئوخشاش بولمىغان مەھسۇلات تۈرلىرىنى بارلىققا كەلتۈرىدۇ. مۇشۇ ئۆلچەم بويىچە ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ مەھسۇلات خىللىرىنى تۆۋەندىكىدەك كونكرېت تۈرلەرگە ئايرىشقا بولىدۇ:

1. شەكىل پەرقىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى تاشقى كۆرۈنۈش شەكلى پەرقىگە ئاساسەن يۇملاق دوپپا ۋە تالالىق دوپپا دېگەن ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە تالالىق دوپپا يەنە تۆت تالالىق دوپپا، بەش تالالىق دوپپا دەپ ئىككى خىلغا بۆلۈنىدۇ (ئالتە تالالىق دوپپىلارنىڭ بارلىقى مەلۇم). ئەمما، ئەڭ كەڭ ئومۇملاشقىنى تۆت تالالىق دوپپىدۇر.

2. قۇرۇلما پەرقىگە ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ قۇرۇلما ئالاھىدىلىكىگە، يەنى قانداق پەسىلدە كىيىشكە باب كېلىدىغانلىقىغا ئاساسەن شاپاق دوپپا ۋە قاتۇرما دوپپىدىن ئىبارەت ئىككى خىلغا ئايرىشقا بولىدۇ. شاپاق دوپپا ئەستەر، تەگدىنلا تىكىلىدىغان دوپپا بولۇپ، بىر قەدەر نېپىز بولىدۇ. ئەتىيازدىن كۈزگىچە بولغان ئىسسىق پەسىللەردە كىيىشكە باب كېلىدۇ. ئاق دوپپا ۋە تالالىق شاپاق دوپپىلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. قاتۇرما دوپپا ئەستەر-تەگ ئارىسىغا يەنە بىر-ئىككى قات رەخت ئېلىپ، شىلىم بىلەن قاتۇرۇپ ياكى ئەستەر-تەگ ئارىسىغا قەغەزدىن ئېشىلگەن پىلتە (قەغەز نوكچا) ئۆتكۈزۈپ تىكىلىدىغان قېلىن دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. شاپاق دوپپىلاردىن ئۆزگە بارلىق دوپپىلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. بۇ خىل دوپپىلار باش ئەتىيازدىن كەچ كۈزگىچە كىيىشكە باب كېلىدۇ، جەنۇبىي شىنجاڭدا يىلبويى كىيىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس.

3. رەڭ پەرقى بويىچە تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى رەڭ پەرقى بويىچە ئاق دوپپا ۋە رەڭدار كەشتە دوپپا دەپ ئىككى تۈرگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئاق دوپپا ئاق رەڭلىك رەختتىن تىكىلىپ، ئاق رەڭلىك يىپتىن كەشتىلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دوپپىلارنىڭ يۈزىدە كەشتە بولسىمۇ، تەگلىكتىن پەرقلىنىدىغان ئىككىنچى بىر خىل رەڭ بولمايدۇ. رەڭدار كەشتە دوپپا ھەر خىل رەڭلىك تەگلىك رەختتىن تىكىلىپ ئۈستىگە باشقا خىل رەڭلىك يىپتىن كەشتە ئىشلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ، بۇ خىل دوپپىلارنىڭ يۈزىدە كەم دېگەندە ئىككى خىلدىن ئارتۇق رەڭ ئەكس ئېتىدۇ.

4. ئىستېمال ئوبيېكتىغا قاراپ تۈرلەرگە بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى كىيىشكە باب كېلىدىغان ئوبيېكت پەرقىگە ئاساسەن ئەرەنچە دوپپا ۋە ئايالچە دوپپا دەپ ئايرىشقا بولىدۇ. ئەرەنچە دوپپىلاردا دوپپىنىڭ تەگلىك رېڭى سۇسراق، كەشتە رەڭ تۈرى ئازراق، رەڭ قېنىقلىقى ئانجىزراق، گۈل-نەقىشلەر شالاڭراق بولىدۇ. مەنپۇ دوپپا، بادام دوپپا، چىمەن دوپپا، سەللە دوپپىسى، ئاق دوپپا، شاپاق دوپپا قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئايالچە دوپپىلارنىڭ كەشتە رەڭ تۈرى كۆپ، رەڭ قېنىقلىقى يۇقىرى، رەڭ تۇسى شوخ، رەڭ سېلىشتۇرما پەرقى چوڭراق بولىدۇ. مارجان دوپپا، گىلەم دوپپا، تاشكەنت دوپپىسى قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە كىرىدۇ. ئەمما تۇرپان، قومۇل رايونلىرىغا خاس بولغان چاشما دوپپىلار بۇنىڭدىن مۇستەسنا بولۇپ، بۇ خىل دوپپىلار شۇ جايدىكى ئەر-ئا-

ياللارنىڭ كىيىشكە ئۇرتاق ئادەتكە ئايلانغان.
5. كەسپ ئايرىمىسىغا ئاساسەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈ-
شى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى قايسى خىل كەسپتىكى كىشىلەر-
نىڭ كىيىشكە باب كېلىدىغانلىقىغا ئاساسەن سەللە دوپپى-
سى ۋە ئادەتتىكى دوپپىلار دەپ ئىككى خىلغا ئايرىشقا
بولىدۇ. سەللە دوپپىسى دىنىي ئۆلىمالار ۋە بىر قىسىم ئې-
تىقادچى ئامىمىنىڭ ئىسلام دىنىغا خاس بولغان ئىبادەت پا-
ئالىيەتلىرىدە سەللە ئوراشقا ماس كېلىدىغان دوپپىلارنى
كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل دوپپىلارنىڭ كېيىنكى ئادەتتىكى دوپ-
پىلاردىن خېلىلا ئېگىز، تۆپىسى ئۇچلۇق بولىدۇ. تەگلىك
رەڭلىرىمۇ، كەشتە، نەقىش رەڭلىرىمۇ سۇسراق بولىدۇ،
ئۇنىڭدىن ئۆزگىلىرى ھەممە كىشىلەر كىيىدىغان ئادەتتى-
كى دوپپا ھېسابلىنىدۇ.
6. كەشتە بەت يۈزى كۆرۈنۈشى بويىچە تۈرلەرگە
بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى دوپپا گۈللىرىنىڭ دوپپا
بەت يۈزىدە كۆرۈنۈش پەرقى بويىچە تۈز كەشتىلىك
دوپپا ۋە قاپارتما كەشتىلىك دوپپا دەپ ئىككى تۈرگە بۆ-
لۈشكە بولىدۇ. يىپ كەشتە دوپپىلارنىڭ گۈللىرى دوپپا
يۈزىدە دوپپا تەگلىكى بىلەن ئاساسەن بىر تەكشىلىكتە بو-
لىدۇ. ئىستېرېئولۇق كۆرۈنۈشكە ئىگە بولمايدۇ. شۇڭا
ئۇلار تۈز كەشتە دوپپا ھېسابلىنىدۇ. مارجان تىزما كەشتە
دوپپا، پال-پال تىزما كەشتە دوپپىلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ
مارجان تىزىقلىرىنىڭ ئاستىغا بىر قەۋەت پاختا ئېلىنىدۇ.
بەزىلىرىگە پاختا ئېلىنمىسىمۇ، مارجان ياكى پال-پال تىز-
مىلىرىدىن ھاسىل قىلىنغان گۈللەر دوپپا يۈزىدىن كۆتۈرۈ-
لۈپ چىقىپ قاپارتما نەقىش ھاسىل قىلىدۇ، شۇڭا بۇ خىل
دوپپىلار قاپارتما كەشتىلىك دوپپا ھېسابلىنىدۇ.
7. كەشتە ئىشلەش ئۇسۇل پەرقى بويىچە تۈرلەرگە
بۆلۈنۈشى. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى گۈل-نەقىشلەرنى قانداق
ئۇسۇلدا كەشتىلەش پەرقىگە قاراپ، تىكمە كەشتە دوپپا،
تورلىما كەشتە دوپپا، تىزما كەشتە دوپپا، قۇراق كەشتە
دوپپىدىن ئىبارەت تۆت تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. تىكمە
كەشتە دوپپا قول يىڭنىسى ئارقىلىق كەشتە ئىشلىنىدىغان
دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. دوپپىلارنىڭ كۆپ قىسمى مۇشۇ
ئۇسۇلدا كەشتىلىنىدۇ. تورلىما كەشتە دوپپا تىككۈچىلىك
ماشىنىسى ئارقىلىق كەشتىلەپ تىكىلىدىغان دوپپىلارنى
كۆرسىتىدۇ. ئاق دوپپىلارنىڭ ھەممىسى ۋە يەنە بەزى
دوپپىلارنىڭ مەلۇم قىسىملىرى مۇشۇ ئۇسۇلدا كەشتىلىنى-
دۇ. تىزما كەشتە دوپپا نەقىشلىرى تەبىئىي ياكى سۈنئىي
مارجان، ئۈنچە، پالپاللارنى مەلۇم قائىدە بويىچە يىپقا
ئۆتكۈزۈپ تىزىپ ئاندىن دوپپا يۈزىگە تىكىپ كەشتىلىنى-
دىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. مارجان دوپپا، پال-پال
دوپپىلار مۇشۇ ئۇسۇلدا كەشتىلىنىدۇ. قۇراق كەشتە دوپپا
دوپپا تاالالىرىنى ئوخشاش بولمىغان رەڭلىك رەختلەردىن
كېسىپ، ئاندىن دوپپا تاالالىرىنىڭ تەگلىك رەڭلىرىنى سىم-
مېتىرىك ھالەتتە ئورۇنلاشتۇرۇپ چىتىپ، دوپپىنىڭ
تەگلىك قىسمىدا ئوخشاش بولمىغان ئىككى خىل رەڭلىك
كۆرۈنۈش ھاسىل قىلىپ تىكىلىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتى-
دۇ. بۇ خىل دوپپىلار كۆپ ئەمەس. پەقەت تۆت تاالالىق
شاپاق دوپپىلارنىڭ بىر قىسىملىرى مۇشۇ ئۇسۇلدا تىكىلى-
دۇ.
دېمەك، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ مەھسۇلات تۈرلىرىنى
يۇقىرىقىدەك يەتتە چوڭ تۈر، 16 كىچىك تۈرگە ئايرىشقا
بولىدۇ.

### 3. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل-نۇسخا تۈرلىرى ۋە رەڭ تۈرلىرى

دوپپىنىڭ گۈل-نۇسخا تۈرلىرى — گۈل-نەقىشلەر-
نىڭ شەكلى، ئۇلارنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ۋە بەت يۈزد-
گە ئورۇنلاشتۇرۇلۇش قائىدىسىدىكى پەرقلىرىگە ئاسا-
سەن تۈرلەرگە بۆلۈنۈشنى كۆرسىتىدۇ.
ھەرقانداق دوپپىنىڭ نەقىشلىرى نۇرغۇن يەككە
گۈل ئېلېمېنتلىرى (شەكىللىرى)دىن تۈزۈلىدۇ. دوپپا گۈل-
نەقىشلىرى ئومۇمەن گۈل-گىياھ ئۆرنەكلىك نەقىش ئېلې-
مېنتلىرى ۋە گېئومېترىيەلىك نەقىش ئېلېمېنتلىرىدىن
تەركىب تاپىدۇ. گۈل-گىياھ ئۆرنەكلىك نەقىش ئېلېمېنتلى-
رى ئۆسۈملۈكلەرنىڭ غول-پىلەكلىرى، شاخلىرى، يوپۇر-
ماق-گىجەكلىرى، غۇنچە-چېچەكلىرى، باشاق-مېۋىلىرى
ياكى ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈن ئۆسۈملۈك، شاخ-يوپۇرماق،
غۇنچە-چېچەك شەكىللىرىنى ئۆرنەك قىلىپ، مۇۋاپىق بە-
دىئىي پىششىقلاش ئارقىلىق بارلىققا كەلتۈرۈلگەن گۈل-
نەقىش شەكىللىرى بولۇپ، بەزىلىرى دوپپا يۈزىگە يەككە
ھالەتتە كەشتىلىنىدۇ، بەزىلىرى گۇرۇپپىلاپ كەشتىلىنىدۇ.
بۇ خىل گۈللەرنىڭ شەكىل ۋە رەڭ سىياقىغا ئاساسەن
ئەسلىي ئۆرنەك ئوبيېكتىنى پەملىگىلى، بىلگىلى، مۇۋاپىق
نام بىلەن ئاتىغىلى بولىدۇ، شۇنداقلا دوپپىلار گۈل-
نەقىش سىستېمىسىدا ئاساسى ۋە گەۋدىلىك ئورۇندا تۇر-
غۇچى نەقىش نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، بادام
نۇسخا دوپپا نەقىشلىرىدە بادام مېۋىسىنىڭ شەكلى ئاسا-
سىي گۈل ئېلېمېنتى قىلىنىدۇ. پاختا نۇسخا دوپپىدا كېۋەز-
نىڭ شاخ، يوپۇرماق، چېچەكلىرىدىن تەركىب تاپقان بىر

www.uyghurkitap.com



پۈتۈن ئۆسۈملۈك شەكلى ئاساسىي گۈل ئېلېمېنتى قىلىنىدۇ، چىمەن نۇسخا دوپپىدا گۈل-چىمەنلىك مەنزىرىسى ئاساسىي گۈل ئېلېمېنتى قىلىنىدۇ.

گېئومېترىيەلىك گۈل ئېلېمېنتلىرى گېئومېترىيەلىك شەكىللەرنى ئۆرنەك قىلىپ بارلىققا كەلتۈرۈلگەن بولۇپ، تاق سىزىق، جۈپ سىزىق، يايى سىزىق، تۇمارچە (ئۈچ بۇلۇڭ)، غىش (رومبا)، چاقماق (تۆت بۇلۇڭ)، چېكىت، چەمبەر، تاقا (يېرىم چەمبەر، سوزۇنچاق يېرىم چەمبەر شەكىللىرى ئات تۇيىقىغا قېقىلىدىغان تاقىغا ئوخشايدىغان بولغاچقا، بۇنداق شەكىللەردىكى گۈللەر تاقا گۈل دېيىلىدۇ) قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، بۇنداق گۈللەر ئۆزلىرىنىڭ شەكىل نامى بىلەن ئاتىلىدۇ.

دوپپا گۈللىرىدە ھەرقانداق ھايۋان، ئۇچار قۇش، ھاشارات ۋە ئادەم ئوبرازى يارىتىلمايدۇ (نەقىش ئېلېمېنتى قىلىنمايدۇ). بۇ دوپپىچىلىقتا ئەقىدە-ئېتىقاد قاراشلىرى ۋە ئادەتلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىنىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. گەرچە دوپپا نەقىشلىرى ئىچىدە «قۇشقاچ ئىزى»، «توشقان كۆزى»، «مۈشۈك ئىزى» دەپ ئاتىلىدىغان بەزى گۈللەر بولسىمۇ، بۇ، شۇ ھايۋانلارنىڭ ئىز شەكلىگە ئوخشىتىپ قويۇلغان ئىسىم بولۇپ، شۇ خىل ھايۋان ئوبرازى يارىتىلغانلىقىدىن دېرەك بەرمەيدۇ.

دوپپىلارنىڭ بەزى تۈرلىرى نەقىش نامى بىلەن ئاتالماستىن، ئوخشاپ كېتىدىغان نەرسىنىڭ نامى، گۈل-نەقىش ماتېرىياللىرىنىڭ نامى، يۇرت نامى بىلەن قوشۇپ ئاتىلىدۇ.

رەڭ تۈرلىرى دېگىنىمىز — دوپپا يۈزىدىكى گۈل-نەقىش شەكىللىرى، بۇ شەكىللەرنىڭ سىمۋوللۇق مەنىسى ۋە گۈل شەكىللىرىنىڭ جايلىشىشى پۈتۈنلەي ياكى ئاساسەن ئوخشاش بولغان، ئەمما دوپپىنىڭ تەگلىك رەڭگى ۋە گۈل رەڭگى پەرقلىق بولغان تۈرلىرىنى كۆرسىتىدۇ. مەسىلەن، بادام نۇسخا دوپپىنىڭ بەزىلىرى قارا تەگلىك، بەزىلىرى يېشىل تەگلىك بولىدۇ. ئەمما بىردەك بادام شەكلى ئاساسىي گۈل قىلىنىدۇ. شۇڭا ئۇلار گۈل نۇسخا تۈرى ئوخشاش، رەڭ تۈرى پەرقلىق بولغان دوپپا ھېسابلىنىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا بەزى دوپپا گۈل نۇسخىلىرىنىڭ گۈل شەكلى ۋە سىمۋوللۇق مەنىسى ئاساسەن ئوخشايدىغان، قىسمەن پەرقلىنىدىغان ياكى گۈل شەكىللىرى ئوخشاش بولسىمۇ، تىزىلىشى ئوخشىمايدىغان نۇسخىلىرىمۇ بار. بۇنداق قىسمەن پەرقلىق نۇسخىلاردىكى دوپپىلارنى ئاساسىي نۇسخىنىڭ قېرىنداش نۇسخىسى دەپ ھېسابلاشقا بولىدۇ.

يۇقىرىقى قائىدىلەرگە ئاساسەن، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنى تۆۋەندىكى گۈل نۇسخا تۈرلىرىگە بۆلۈشكە بولىدۇ.

بادام دوپپا: بۇ، تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، بادام مېۋىسى ئاساسىي گۈل قىلىنىپ، تۆت تالاسىغا بىردىن بادام شەكلى كەشتىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبتىن «بادام دوپپا» دەپ ئاتالغان. ئۇنىڭ چۆچۈرە بادام نۇسخا، ئاق بادام نۇسخا، قەغەز بادام نۇسخا، قىلىچ بادام نۇسخا، شاۋكا بادام نۇسخا، قوش بادام نۇسخا، قىزىل بادام نۇسخا، مارجان بادام نۇسخا، تاشكەنت (ئۆزبېك) بادام نۇسخا قاتارلىق قېرىنداش نۇسخىلىرى بار. بۇلار ئىچىدە قوش بادام نۇسخا دوپپىنىڭ ھەر بىر تالاسىغا بىر جۈپ بادام شەكلى كەشتىلىنىدۇ، شۇڭا قوش بادام نۇسخا دېيىلىدۇ. مارجان بادام نۇسخا بۆكنىڭ بادام گۈللىرى ئۈنچە-مارجان تىزىقلىرى ئارقىلىق كەشتىلىنىدۇ. قىزىل بادام نۇسخا بۆك قىزىل ياكى ھال رەڭ رەختتىن تەگلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. بۇلار ئاياللارغا خاس دوپپىلار بولغاچقا «ئايالچە بادام دوپپا» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. قالغان قېرىنداش نۇسخىلىرى ئەرەنچە دوپپا بولۇپ، قارا تەگ ۋە يېشىل تەگدىن ئىبارەت ئىككى خىل تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشى بار. لېكىن بىردەك بادامىلىق باغ مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

چىمەن دوپپا: بۇ، گۈل-چىمەنلىككە ئوخشايدىغان دوپپا دېگەنلىكتۇر. بەزى جايلاردا «چىكەن دوپپا» دېيىلىدۇ. ئەمما بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ئېنىق ئەمەس. بۇ تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، بۇغداي ياكى باشقا گۈللەرنىڭ بېغىش، باشاقلىرى ئاساسىي گۈل قىلىنىدۇ. گۈل سىزىقلىرى ئىنچىكە، گۈللىرى كىچىك، زىچ بولىدۇ. چىمەن دوپپىنىڭ ئەرەنچە ۋە ئايالچە نۇسخىلىرى بار. ئەرەنچە چىمەن دوپپا ئاساسىي نەقىش شەكلى پەرقىگە ئاساسەن ئۈچ خىل قېرىنداش نۇسخىغا بۆلۈنىدۇ. (1) باشاق چىمەن نۇسخا دوپپا: بۇ خىل دوپپىنىڭ ئاساسىي نەقىشلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، يايى شەكىللىك گۈل باشاقلىرىدىن ھاسىل قىلىنىدۇ (بەزىلەر بۇ شەكىلنى بۇغداي باشقىنى ئىپادىلەيدۇ دەپ قارايدۇ). دوپپا تېگى يېشىل، ئاچ يېشىل، ئاچ مايسا رەڭلىك، گۈللىرى ئاق رەڭلىك بولىدۇ؛ (2) شاخ چىمەن نۇسخا دوپپا: بۇ خىل دوپپىنىڭ ئاساسىي نەقىشلىرى دوپپا كېزىكىدىن دوپپا چوققىسىغا يۆنەلگەن گۈل شېخى ۋە ئۇنىڭدىن ئىككى يانغا شاخلىغان گۈل

بەرگى، گۈل بەرگىگە قاتار جايلاشقان ئۇششاق يوپۇرماق، چېچەك قاتارلىقلاردىن تۈزۈلىدۇ. دوپپا تېگى سىنغىزرەڭ، ئاچ مېغىز رەڭلەردە، گۈللىرى قارا رەڭلىك ياكى ئاچ جىگەر رەڭلىك بولىدۇ؛ (3) بادام چىمەن نۇسخا دوپپا: گۈل نەقىشلىرى شاخ، بادام، چېچەك شەكىللىرىدىن تۈزۈلىدۇ. تېگى ئاچ يېشىل، ئاچ مايسا رەڭلىك بولىدۇ، گۈللىرى ھەر خىل رەڭلىك يىپلاردىن تىكىلىدۇ.

ئايالچە چىمەن دوپپىنىڭ تېگى ئاق رەڭلىك، گۈل شەكلى شاخ چىمەن نۇسخىلىق، گۈل رەڭگى قىزىل رەڭلىك بولىدۇ. چىمەن دوپپىنىڭ قايسى خىل قېرىنداش نۇسخىسى بولسۇن، بىردەك گۈل-گىياھلار قويۇق ئۆسكەن چىمەنلىك مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ.

مەنپۇ دوپپا: بۇ، پۈتۈن تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، يىپ كەشتە مەنپۇ نۇسخا، مارجان كەشتە مەنپۇ نۇسخا قاتارلىق ئىككى خىل قېرىنداش نۇسخىسى بار. تالاسىغا تۆت، كېزىكىگە تۆت جەمئىي سەككىز دانە گۈل كەشتىلىنىدۇ. گۈللىرى گۈل-گىياھ بېغىشلىرى، يوپۇرماق، چېچەك، غۇنچىلىرى قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپىدۇ. شەكلى يۇمىلاق، سوقا، چاسىغا مايىل شەكىللەردە ھەر خىل رەڭدار يىپلاردىن كەشتىلىنىدۇ. «مەنپۇ» دېگەن سۆزنىڭ ئېتىمولوگىيەسى ئېنىق ئەمەس. بۇ خىل دوپپىلارنىڭ گۈللىرى يىنچاق كېلىدۇ. گۈللەر سىرتىدا خېلى كۆپ بوشلۇق (گۈلسىز تەگلىك) بولىدۇ. شالاڭ گۈللۈك مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ. مارجان كەشتە مەنپۇ دوپپا ئاياللارغا خاستۇر. يىپ كەشتە مەنپۇ دوپپا ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە باب كېلىدۇ. مەنپۇ دوپپىلار قارا، يېشىل، بېغىررەڭ، سۆسۈن رەڭلىك مەخمەل ياكى دۇخاۋىنى تەگلىك قىلىپ تىكىلىدۇ.

چاچما دوپپا: بۇ، تۇرپان، قومۇل رايونلىرىغا خاس بولغان ئالاھىدە مەھسۇلات بولۇپ، شۇ جاينىڭ ئۆزىدە «چاشما دوپپا» دېيىلىدۇ. «چاچما» — كەشتە دېگەن مەنىدىكى سۆز بولۇپ «كەشتە دوپپا» دېگەنلىك بولىدۇ. بۇ تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، ئىككى خىل قېرىنداش نۇسخىغا بۆلۈشكە بولىدۇ: (1) قومۇل چاچما دوپپىسى: بۇ قومۇل ۋىلايىتىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان دوپپا تۈرى بولۇپ، گۈللىرى مودەنگۈل، قىزىلگۈل، نىلۇفەر (سۇ چېچىكى) گۈل قاتارلىقلارنىڭ شاخ-يوپۇرماق ۋە گۈل-غۇنچىلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ. گۈللىرىنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئوتتۇراھال بولۇپ، گۈللەر سىرتىدىكى تەگلىك رەڭ قىسمى ئانچە كىچىك ئەمەس. گۈللىرى قىزىل، شاپتۇل چېچىكى، يېشىل، كۆك، سېرىق قاتارلىق توق رەڭلىك يىپلاردىن كەشتىلىنىدۇ. رەڭ سىڭىشتۇرمىسى كۈچلۈك بولۇپ، تەگلىك رەڭ ئۈستىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ؛ (2) تۇرپان دوپپىسى: بۇ، تۇرپان ۋىلايىتىدە ئىشلەپچىقىرىلىدىغان ۋە كەڭ ئومۇملاشقان دوپپا تۈرى بولۇپ، قىزىلگۈل، مودەنگۈل قاتارلىقلارنىڭ گۈل-يوپۇرماق شەكىللىرى ئاساسىي نەقىش قىلىنىدۇ. ھەر خىل توق رەڭلىك يىپلاردىن كەشتىلىنىدۇ. ئەمما قىزىل ۋە شاپتۇل چېچىكى رەڭلەر ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ. گۈللىرى چوڭ، گۈللەر سىرتىدىكى تەگلىك رەڭ قىسمى ناھايىتى ئاز بولۇپ، گۈللىرى تەگلىك رەڭ ئۈستىدە ئالاھىدە گەۋدىلىنىدۇ. كىشىگە خۇددى ئوتقاشتەك كۆرۈنىدۇ. چاچما نۇسخا دوپپىلارنىڭ گۈللىرى گۈللۈك باغ مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ. گۆش رەڭ، ھال رەڭ، كۆك، يېشىل رەڭلىك رەختلەرنى تەگلىك قىلىپ تىكىلىدىغان نۇسخىلىرى بار. چاچما دوپپىنى تۇرپان، قومۇل رايونلىرىدا ئەر-ئاياللارنىڭ ھەممىسى كىيىدۇ.



گىلەم دوپپا: بۇ، تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، قىزىل خەسە تەگلىك قىلىنىدۇ. ئۈستىگە بىر قىسىم يىپى سۇغىرىلىپ ئۇششاق كاتەكچە ھاسىل قىلىنغان ئاق خەسىدىن ئەندىزە قويۇلۇپ، زىلچە گىلەمگە تۆۋەت چەككەندەك تىك، توغرا، قىيپاش قاتارلارغا سەكرىتىپ كەشتە تىكىلىدۇ. گۈللىرىدە گېئومېترىيەلىك شەكىللەر ئاساس قىلىنىدۇ. زىلچە گىلەم گۈللىرىگە سىمۋول قىلىنىدۇ. شۇڭا «گىلەم دوپپا» دەپ ئاتالغان. بۇ خىل دوپپا نۇسخىسى خوتەندە بارلىققا كېلىپ باشقا جايلارغا تارقالغان، بۇ ئاياللارغا خاس بولغان دوپپىدۇر.

پاختا نۇسخا دوپپا: بۇ، تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، گۈللىرى كېۋەز غولى، شېخى، يوپۇرمىقى، غۇنچىسى ۋە ئېچىلغان پاختا شەكلىدىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈن كېۋەز شەكلىدە بولىدۇ. شۇڭا «پاختا نۇسخا دوپپا» دەپ ئاتالغان. گۈللىرى چوڭ، رەڭ پەرقى ئېنىق بولۇپ، ھەر بىر تالاسىغا بىر تۈپ كېۋەز شەكلى كەشتىلىنىدۇ. سۆسۈن رەڭلىك رەخت تەگلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. بۇ، ئاياللارغا خاس دوپپا تۈرى بولۇپ ئاز ئۇچرايدۇ.

غۇلجا دوپپىسى: بۇ، بىر پۈتۈن چەمبىرەك تۆپىلىك قاتۇرما بۆك بولۇپ، گۈللۈك غۇلجا دوپپىسى ۋە سىدام غۇلجا دوپپىسىدىن ئىبارەت ئىككى خىل قېرىنداش نۇس-

www.uyghurkitap.com



خىسى بار. ھەر ئىككى خىلى بۈرجىكى يوق يۇملاق دوپپا بولغاچقا، كېسەك كۇنۇس شەكلىنى ھاسىل قىلىدۇ. گۈللۈك غۇلجا دوپپىلىرىنىڭ گۈللىرى مەنپۇ دوپپا گۈللىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. ئەمما گۈل شەكلى كىچىكرەك، گۈل سىرتىدىكى بوشلۇقلار كۆپرەك بولىدۇ. قىزىل، يېشىل، قارا، بېغىررەڭ مەخمەل ياكى دۇخاۋا رەختنى تەگلىك قىلىپ تىكىلىدۇ. شالاڭ گۈللۈك مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ. سىيدام غۇلجا دوپپىسىغا گۈل كەشتىلەنمەيدۇ. قالغان جەھەتلىرى يۇقىرىقىغا ئوخشايدۇ. غۇلجا دوپپىسى ئەرلەر، ئاياللارنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان دوپپا تۈرىدۇر.

تاشكەنت دوپپىسى: بۇ، تۆت تالالىق قاتۇرما دوپپا بولۇپ، ئاق رەڭلىك رەخت تەگلىك قىلىنىدۇ. گۈللىرى قىزىلگۈلنىڭ شاخ، يوپۇرماق، غۇنچە، گۈل شەكىللىرىدىن تۈزۈلگەن بىر پۈتۈن شەكىلدە بولۇپ، گۈللىرى چوڭ، رەڭلىرى ئوچۇق بولىدۇ. قىزىل رەڭ ئاساسىي ئورۇندا تۇرىدۇ. گۈللەر ئارىسىدىكى بوشلۇقلار ئاز بولىدۇ. گۈللۈك مەنزىرىسىنى ئىپادىلەيدۇ. بۇ ئاياللارچە دوپپا بولۇپ، نۇسخا نامىغا ئاساسلانغاندا، ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرىدىن تارقىلىپ كىرگەن بولۇشى مۇمكىن.

يۇقىرىقىلاردىن باشقا تاقا گۈل دوپپا، ئامۇتگۈل دوپپا، قۇشقاچ ئىزى نۇسخا دوپپا، توشقان كۆزى نۇسخا دوپپا، تەقىيە دوپپا، قارا دوپپا، كالتۇتۇن تۆت دوپپا، زەر دوپپا، بۇغداي نۇسخا چىپار دوپپا قاتارلىق دوپپا نۇسخىلىرى بار. بۇلارنىڭ بەزىلىرىنىڭ بىر قانچە خىل قېرىنداش نۇسخىلىرى ۋە تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشلىرى بار.

ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخا تۈرلىرى نەچچە ئون خىلغا بارىدۇ. ئۇلارنىڭ تەگلىك رەڭ ئۆزگىرىشلىرى ۋە شەكىل تۈرلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، دوپپا تۈرى بىر-ئىككى يۈز خىلغا بارىدۇ.

**4. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى ۋە رايون ئالاھىدىلىكى**

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نۇسخا ۋە رەڭ تۈرى ناھايىتى نۇرغۇن بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ نەقىش شەكىللىرى ۋە شەكىللەرنى رەڭلەندۈرۈش ئارقىلىق ھېسسىياتنى ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكى نۇقتىسىدىن كۆزەتكەندە، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ گۈل نەقىشلىرىدە شوخ ئۇسلۇب، سىپايە ئۇسلۇب ۋە ئارا ئۇسلۇبتىن ئىبارەت ئۈچ خىل ئۇسلۇب ئالاھىدىلىكى بارلىقىنى بايقايمىز.

شوخ ئۇسلۇب تۈرىدىكى دوپپىلار: بۇ، گۈل شەكىللىرى، نەقىش ۋە تەگلىك رەڭلىرىدە قىزغىنلىق، خۇشاللىق كەيپىياتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. چاچما نۇسخا دوپپا، تاشكەنت نۇسخا دوپپا، گىلەم دوپپا، زەر نۇسخا دوپپا، مارجان نۇسخا دوپپا قاتارلىقلار شوخ ئۇسلۇب تىپىدىكى دوپپا تۈرلىرى قاتارىغا كىرىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈللىرى چوڭ، رەڭ تۈرى كۆپ، رەڭ قېنىقلىقى يۇقىرى، رەڭ سېلىشتۇرمىسى كۈچلۈك بولۇپ، كىشىگە قىزغىنلىق، خۇشاللىق، جۇشقۇنلۇق، شوخلۇق، باياشاتلىق تۇيغۇسى بېرىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل دوپپىلار ھېيت-بايرام، توي-تۆكۈن، مەرىكە-مۇراسىم، شەھەر، بازار سەيلىسى، نەغمە-مەشرەپ قاتارلىق خۇشاللىق، قىزغىنلىق بىلەن ئۆتىدىغان پائالىيەتلەر داۋامىدا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك كىيىلىدۇ (ئادەتتىكى تۇرمۇشتا كىيىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس). لېكىن، ئۆلۈم-يېتىم، ھازا-مۇسىبەت، كېسەل يوقلاش قاتارلىق قايغۇ-خاپىلىق بىلەن ئۆتىدىغان پائالىيەتلەر ۋە ئېغىر، مەينەت ئەمگەك قىلىش قاتارلىق ئىشلار داۋامىدا كىيىلمەيدۇ.

سىپايە ئۇسلۇب تۈرىدىكى دوپپىلار: بۇ، گۈل-شەكىللىرى، نەقىش ۋە تەگلىك رەڭلىرىدە جىمجىتلىق، سۇكۇنات كەيپىياتى گەۋدىلىك ئىپادىلىنىدىغان دوپپىلارنى كۆرسىتىدۇ. بادام دوپپا، غۇلجا دوپپىسى، قارا دوپپا، ئاق دوپپا قاتارلىقلار سىپايە ئۇسلۇب تىپىغا مەنسۇپ دوپپا تۈرلىرى ھېسابلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ گۈللىرى كىچىكرەك، تەگلىك رەڭلىرى سۇس ياكى قارىغا مايىل، گۈل رەڭلىرى ئاق ياكى رەڭ تۈرلىرى ئاز، رەڭ سېلىشتۇرمىسى ئاجىز بولۇپ، كىشىگە جىمجىتلىق، سۇكۇنات، ئېغىر-بېسىقلىق، تەمكىنلىك تۇيغۇسى بېرىدۇ. شۇڭا بۇ خىل دوپپىلار ئادەتتە كىيىلگەندىن سىرت، ئۆلۈم-يېتىم، ھازا-مۇسىبەت، كېسەل يوقلاش قاتارلىق كۆڭۈلسىزلىك ئىچىدە ئۆتىدىغان پائالىيەتلەر داۋامىدا بىر قەدەر ئومۇمىيۈزلۈك كىيىلىدۇ.

ئارا ئۇسلۇب تۈرىدىكى دوپپىلار: بۇ، شوخ ئۇسلۇب بىلەن سىپايە ئۇسلۇبنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرىدىغان دوپپا تۈرى بولۇپ، گۈل ۋە تەگلىك رەڭلىرى ئانچە شوخ بولمايدۇ، ئانچە تۇتۇقمۇ بولمايدۇ. نورمال ھالەتتىكى ھېسسىيات ۋە كەيپىياتنى ئىپادىلەيدۇ. چىمەن نۇسخا

دوپپا، مەنپۇ نۇسخا دوپپا قاتارلىقلار مۇشۇ تۈرگە مەنسۇپ بولۇپ، توي-تۆكۈن، ھېيت-ئايەم پائالىيەتلىرىدىمۇ، ئۆلۈم-يېتىم، كېسەل يوقلاش قاتارلىق پائالىيەتلەردىمۇ كىيىشكە بولىدۇ. بۇلار دوپپا ئىشلەپچىقىرىشنىڭمۇ، دوپپا كىيىشنىڭمۇ نوقۇل ئىقتىسادىي پائالىيەت ۋە ئىستېمال پائالىيىتى بولۇپ قالماستىن، كىشىلەرنىڭ ئىدىيە، ھېسسىياتى بىلەن زىچ باغلانغان، خۇشاللىق-خاپىلىقلىرىنى تاشقى كۆرۈنۈش ئارقىلىق مۇۋاپىق ئىپادىلەشكە ئىنتايىن ئەھمىيەت بېرىدىغان پائالىيەت ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ.

ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ رايون ئالاھىدىلىكى دېگىنىمىزدە، ھەر خىل دوپپا تۈرلىرىنىڭ رايونلارغا تارقىلىش ۋە ئاھالىلەر ئارىسىدا ئومۇملىشىش ئالاھىدىلىكى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. دوپپا كىيىش گەرچە پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە ئورتاق بولغان كىيىنىش ئادىتى بولسىمۇ، قايسى رايوندا قايسى خىل نۇسخىدىكى دوپپىنىڭ كەڭ ئومۇملاشقانلىقىغا ئاساسەن ئۈچ رايونغا بۆلۈشكە بولىدۇ:

جەنۇبىي شىنجاڭ — بادام دوپپا، چىمەن دوپپا رايونى. بۇ، تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبى، تارىم ئويمانلىقىنىڭ ئەتراپىدىكى بوستانلىق رايونلىرىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوندا ياشايدىغان ئۇيغۇر ئاھالىلىرى ئارىسىدا بادام دوپپا، چىمەن دوپپا كىيىش كەڭ ئومۇملاشقان. شاپاق دوپپا كىيىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس. ئاياللار ئارىسىدا مارجان دوپپا، گىلەم دوپپا، تاشكەنت دوپپىسى كىيىش ئومۇملاشقان (ھازىر كۆپ ئازىيىپ كەتتى). بۇ رايوندا مەنپۇ دوپپا ۋە غۇلجا دوپپىسى كىيىدىغانلار ئاز سالماقنى ئىگىلىسىمۇ بارغانسىرى كۆپىيىش يۈزلىنىشىدە تۇرماقتا، چاچما نۇسخا دوپپا كىيىدىغانلار يوق دېيەرلىك.

بۇ رايوندا كۆپ مىقداردا دوپپا ئىشلەپچىقىرىلىدىغان بىرقانچە نۇقتىلار شەكىللەنگەن. يەنى، يەكەن ناھىيەسىدە بادام دوپپا كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. ئۇنىڭدىن قالسا ئاق دوپپا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. قەشقەر شەھىرىدە چىمەن دوپپا، مارجان دوپپىلار كۆپ مىقداردا ئىشلەپچىقىرىلىدۇ. بادام دوپپا يەكەندىن، چىمەن دوپپا، مارجان دوپپىلار قەشقەردىن باشقا جايلارغا سېتىلىدۇ. خوتەن ۋىلايىتىدە چىمەن دوپپا، شاپاق دوپپا، زەر دوپپا، مەنپۇ دوپپا قاتارلىق ھەر خىل دوپپىلار ئىشلەپچىقىرىلىدۇ، لېكىن ئىشلەپچىقىرىش بىر قەدەر تارقاق مەركەزلەشكەن، مەھسۇلاتى كۆپ بولغان ئىشلەپچىقىرىش نۇقتىلىرىنىڭ شەكىللىنىشى يېتەرسىز.

شىمالىي شىنجاڭ — مەنپۇ دوپپا، غۇلجا دوپپىسى رايونى: بۇ، تەڭرىتاغنىڭ شىمالىدىكى رايونلارنى كۆرسىتىدۇ. بۇ رايوندا ياشايدىغان ئاھالىلەر ئارىسىدا مەنپۇ دوپپا، غۇلجا دوپپىسى كىيىش كەڭ ئومۇملاشقان. چىمەن دوپپا، بادام دوپپا كىيىدىغانلار سەل ئازراق، چاچما دوپپا كىيىدىغانلار تېخىمۇ ئاز، بۇ رايوندا دوپپا ئىشلەپچىقىرىش غۇلجا شەھىرىگە مەركەزلەشكەن.

شەرقىي شىنجاڭ — چاچما دوپپا رايونى: بۇ، تۇرپان، قۇمۇل ئويمانلىقىدىكى تۇرپان، قۇمۇل ۋىلايەتلىرىگە قاراشلىق جايلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بۇ رايوندا قۇمۇل چاچما دوپپىسى ۋە تۇرپان دوپپىسى كىيىش كەڭ ئومۇملاشقان. مەنپۇ دوپپا، غۇلجا دوپپىسى، چىمەن دوپپىسى كىيىدىغانلار ئازراق. بادام دوپپا كىيىدىغانلار يوق دېيەرلىك. چاچما دوپپا ئىشلەپچىقىرىش قۇمۇل شەھىرىدە، تۇرپان دوپپىسى ئىشلەپچىقىرىش تۇرپان شەھىرىگە مەركەزلەشكەن. بولۇپمۇ قۇمۇل شەھىرىنىڭ شەھەر ئىچى يېزىسى، تەڭرىتاغ يېزىلىرىدا چاچما دوپپىنى ئاساس قىلغان چاچما كەشتە بۇيۇملىرىنى ئىشلەپچىقىرىش بىر قەدەر مەركەزلەشكەن ۋە مەلۇم كۆلەم ھاسىل قىلغان. «شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى»نىڭ 2009-يىل 29-نويابىردىكى «كۆڭۈلدىكى سۆز» پىروگراممىسىدا كۆرسىتىلگەن تونۇشتۇرۇشقا ئاساسلانغاندا «ئۇيغۇر چاچمىچىلىق كارخانىسى» قاتارلىق چاچمىچىلىق كارخانىلىرى بارلىققا كەلگەن. بەزىلىرى «تەڭرىتاغ چاشمىلىرى» قاتارلىق تاۋار ماركىسىنى تىزىمغا ئالدۇرغان. قۇمۇلنىڭ 15 دانە ھەر خىل چاچما دوپپا ۋە چاچما كەشتە بۇيۇملىرى ئاپتونوم رايونلۇق مۇزېيدا ساقلاشقا تاللانغان. قۇمۇل چاچمىلىرى 2005-يىلى دۆلەت دەرىجىلىك غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى تىزىملىكىگە كىرگۈزۈلگەن. ۋىلايەتتە چاچمىچىلىق جەمئىيىتى قۇرۇلغان، چاچمىچىلىق ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەنگەنلەر 2000 نەپەرگە يەتكەن.

### 5. دوپپىنىڭ ئىقتىدارى ۋە رولى

دوپپا ئۆزىنىڭ قۇرۇلمىسى، شەكلى، گۈل-نەقىشلىرى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى سەۋەبىدىن مۇئەييەن ئىقتىدارغا ئىگە. ئۇنىڭ ئىقتىدارى كىشىلەرنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدا ئوينايدىغان رولى ئارقىلىق كونكرېت ئىپادىلىنىدۇ. ئۇنىڭ رولىنىڭ ئىپادىلىنىش يوللىرى ھەر خىل بولسىمۇ، «ساغلاملىقنى ئاسراش رولى» ۋە «گۈزەللەشتۈرۈش رولى»دىن ئىبارەت ئىككى نۇقتىغا يىغىنچاقلاشقا بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



1. ساغلاملاشتۇرۇش رولى: دوپپا ئالدى بىلەن بىر خىل باش كىيىمدۇر. كىيىم كىيىش ئالدى بىلەن بەدەننى مۇۋاپىق ئورانچىلار بىلەن يۆگەپ تەبىئىي مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇش، بەدەننىڭ فىزىئولوگىيەلىك ھالىتىنى مۇھىتنىڭ تەبىئىي ھالىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق كېسەللىكتىن ساقلىنىپ، ساغلاملىقنى ئاسراشنى مەقسەت قىلىدۇ. شۇنداق ئىكەن، دوپپا ئىشلەپچىقىرىش ۋە دوپپا كىيىشمۇ ساغلاملىقنى ئاسراشنى مەقسەت قىلغان بولىدۇ. دوپپىنىڭ ساغلاملىقنى ئاسراش رولى تۆۋەندىكى بىر قانچە جەھەتتە كونكرېتلىشىدۇ.

ئىسسىق، سوغۇقتىن ساقلاش ئارقىلىق ساغلاملىقنى ئاسراش. يازدا قاتتىق ئىسسىق، قىشتا قاتتىق سوغۇق بولۇش، تۆت پەسىل ئايرىمىسى ئېنىق بولۇش، كېچە-كۈندۈزلۈك تېمپېراتۇرا پەرقى چوڭ بولۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك ئىقلىم ئالاھىدىلىكىدۇر. ئوخشاش بولمىغان پەسىل ۋە كېچە-كۈندۈزلەردە مۇۋاپىق دوپپىنى تاللاپ كىيگەندە باشقا ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىش ياكى سوغۇق ئۆتۈپ كېتىشتىن كېلىپ چىقىدىغان نۇرغۇن كېسەللىكلەردىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

زەخىملىنىشتىن ساقلاش ئارقىلىق ساغلاملىقنى ئاسراش. كىشىلەر نورمال ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش پائالىيەتلىرى داۋامىدا مۇدۇرۇش-يىقىلىشتىن، بىرەر نەرسىگە ئۇسۇۋېلىشتىن، ئۇرۇلۇش-سوقۇلۇشتىن خالىي بولالمايدۇ. دوپپا كىيىۋالغاندا مۇدۇرۇش-يىقىلىش، ئۇرۇلۇش-سوقۇلۇش سەۋەبلىك زەخىملىنىشتىن ساقلانغىلى ياكى زەخىملىنىش دەرىجىسىنى يېنىكلەتكىلى بولىدۇ.

بۇلغىنىشتىن ساقلاش ئارقىلىق ساغلاملىقنى ئاسراش. ئاپتونوم رايونىمىزدا قۇم-بورانلىق، چاڭ-توزانلىق ھاۋارايى تولا يۈز بېرىدۇ. كىشىلەر تۈرلۈك ئەمگەك، ئىشلەپچىقىرىش پائالىيەتلىرى داۋامىدا ھەمىشە پاسكىنا، مەينەت نەرسىلەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. دوپپا كىيىۋالغاندا باش تېرىسىنىڭ ھاۋادىكى چاڭ-توزان، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا ئۇچرىشىدىغان پاسكىنا، مەينەت نەرسىلەردىن بۇلغىنىشىدىن، مەلۇم كېسەللەرگە دۇچار بولۇشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ.

چاچنى ئاسراش رولى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ جۇغراپىيەلىك ئىقلىم ئالاھىدىلىكى سەۋەبلىك كۈن نۇرى چۈشۈش ۋاقتى ئۇزاق ۋە كۈچلۈك، ھاۋانىڭ نەملىكى ئىنتايىن تۆۋەن. بۇنداق تەبىئىي مۇھىتتا چاچ مۇۋاپىق ئاسرالمىسا، كۆپ مىقداردا نەملىك يوقىتىپ، چۇرۇكلىشىپ كېتىش، يېرىلىپ كېتىش، سارغىيىپ كېتىش، شالاڭلاپ كېتىش قاتارلىق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ. دوپپا چاچنى ئاسرايدىغان ئەڭ ياخشى «قالقان» بولۇپ، مۇۋاپىق دوپپا كىيىش ئارقىلىق چاچنى قوغداپ تەبىئىي ھالىتىنى ساقلىغىلى، تەبىئىي گۈزەللىكنى داۋاملاشتۇرغىلى بولىدۇ.

2. گۈزەللەشتۈرۈش رولى: دوپپا تۇرمۇش بۇيۇمى بولۇش بىلەن بىللە ھۈنەر-سەنئەت بۇيۇمىدۇر. شۇڭا ئۇ كىشىلەرنىڭ كىيىنىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇش بىلەن بىللە، گۈزەللىككە ئىنتىلىش ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرىدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىشىلەرنىڭ ماددىي ئېھتىياجىنى قامداش بىلەن بىللە، مەنىۋى ئېھتىياجىنىمۇ قاندۇرىدۇ.

گۈزەللىكنى سۆيۈش، گۈزەللىككە ئىنتىلىش، ھەر خىل چارە-ئاماللار بىلەن گۈزەللىككە ئېرىشىش پۈتۈن ئىنسانىيەتكە ئورتاق بولغان پسىخىك پائالىيەتتۇر. ئۇيغۇرلار ئۇچۇنمۇ ئوخشاشلا شۇنداق. گۈزەللىكنىڭ مەزمۇنى ناھايىتى مول بولۇپ، تەبىئىي ھالدا قامەت-قىياپەت گۈزەللىكى ۋە روھسار گۈزەللىكىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، دوپپىنىڭ گۈزەللىك بېغىشلاش رولى تۆۋەندىكى جەھەتلەردە ئەكس ئېتىدۇ:

سۈلەت-سالاپەت بېغىشلاش ئىقتىدارى: كىشىلەرنىڭ ئېستېتىك قىزىقىشى ھەر خىل بولىدۇ. ياش قۇرامى، سالامەتلىك ئەھۋالى ۋە مىجەز كەيپىياتلىرىمۇ ھەر خىل بولىدۇ. دوپپىلارنىڭ مەھسۇلات تۈرى، شەكىل تۈرى، گۈل نۇسخا تۈرى ۋە رەڭ تۈرى ناھايىتى كۆپ بولغاچقا، ئالدى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئۆزى ئەڭ ياقتۇرىدىغان پاسون، گۈل نۇسخا ۋە رەڭ تۈرىدىكى دوپپىلارنى تاللاپ سېتىۋېلىش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇپ، ئۇلارنى مەنىۋى قانائەت ۋە روھىي ئازادىلىككە ئېرىشتۈرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆزىنىڭ بەدەن قۇرۇلمىسى، ياش قۇرامى، بوي ئېگىزلىكىگە مۇۋاپىق بولغان دوپپىلارنى كىيگەندە، ئۇلارنىڭ قامەت-قىياپىتى ئەسلىدىكىدىن خېلىلا كېلىشكەن سۈلەت-سالاپەتكە ئىگە بولىدۇ. مەسىلەن، ئۇسمۇرلەر دوپپا كىيسە تېتىك، زېرەك، ئۇماق كۆرۈنىدۇ، يىگىتلەر دوپپا كىيسە جۇشقۇن، جانلىق، غەيرەتلىك، غەيۇر كۆرۈنىدۇ. قىزلار دوپپا كىيسە، بولۇپمۇ رەڭگى شوخ، رەڭلىرى ئوچۇق، رەڭ سېلىشتۇرمىسى كۈچلۈك بولغان

دوپپىلارنى كىيسە، قىزغىن، مېهرى ئىسسىق، يېقىملىق،
لاتاپەتلىك كۆرۈنىدۇ، ئوتتۇرا ياش كىشىلەر دوپپا كىيسە،
سالماق، تەمكىن، پىشقان، سۇمباتلىق كۆرۈنىدۇ، ياشانغاند-
لار دوپپا كىيسە، پاكىز، رەتلىك، ئۇمىدۋار، شۇنداقلا
ئەسلىي يېشىدىن ياش كۆرۈنىدۇ.

جىسمانىي ئەيىب-نۇقسانلىرىنى يوشۇرۇپ پەرداز-
لاش ئىقتىدارى: دوپپا ئۆزىنىڭ قۇرۇلما شەكلى، گۈل
نۇسخا، رەڭ تۈرى جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى ئارقىلىق
كىشىلەرنىڭ فىزىئولوگىيەلىك ۋە جىسمانىي ئەيىب-نۇق-
سانلىرىنى ئاساسەن ياكى قىسمەن يوشۇرۇپ، قامەت، قى-
ياپەت، رۇخسار گۈزەللىكىگە ئېرىشتۈرىدۇ. مەسىلەن،
پاكار كىشىلەر قۇرۇلمىسى ئېگىزرەك، ئاغزى تارراق
دوپپا كىيسە، ئەسلىدىكىدىن خېلىلا ئېگىز كۆرۈنىدۇ؛ باش
شەكلى سوقا، پېشانىسى دوقا بولغانلار، چېچى چۈشۈپ
كەتكەن ياكى شالاڭلاپ كەتكەنلەر، بېشىدا تەمرەتكە قا-
تارلىق كېسەللىك ياكى كۆيۈك، تىغ يارىسى سەۋەبىدىن
كېلىپ چىققان پاشتاق-تاتۇق بولغانلار دوپپا كىيسە، يۇقى-
رىقىدەك جىسمانىي نۇقسانلىرى يوشۇرۇلىدۇ. كىشىلەر ئا-
رىسىدا قورۇنۇش، تارتىنىشتىن قۇتۇلىدۇ، رۇخسار كۆرۈ-
نۈشى نورماللىققا ئېرىشىپ، مەلۇم سۆلەت-سالاپەتكە ئىگە
بولىدۇ. يۈزى يومىلاق ۋە سېمىز كىشىلەر قۇرۇلمىسى ئې-
گىزرەك دوپپىلارنى؛ ئورۇق، ئاتىيۈز (سوزۇنچاق
يۈزلۈك) كىشىلەر قۇرۇلمىسى پاكار، گۈللىرى كۆپرەك
دوپپىلارنى كىيسە، چىراي كۆرۈنۈشى نورماللىققا مايىللى-
شىپ، ئەسلىدىكىدىن قاملاشقان، سالاپەتلىك كۆرۈنۈشكە
ئىگە بولىدۇ.

دېمەك، دوپپا قۇرۇلما ئالاھىدىلىكى سەۋەبلىك ساغ-
لاملىقنى ئاسراش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان، شەكىل، گۈل-
نەقىش، رەڭگىۋا ئالاھىدىلىكى ئارقىلىق گۈزەللىك،
سۆلەت بېغىشلاش ئىقتىدارىغا ئىگە بولغان مەھسۇلاتتۇر.

**6. ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ قىممىتى**

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا دوپپا ئىشلەپچىقىرىش ۋە
دوپپا كىيىشنىڭ نەچچە مىڭ يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ
كەلگەنلىكى ئۇنىڭ مۇئەييەن قىممەتكە ئىگە بولغانلىقىدىن-
دۇر. ئۇنىڭ قىممىتىنى نۇرغۇن جەھەتلەردىن شەرھلەش
مۇمكىن. تۆۋەندە پەقەت مۇھىمراق بىر نەچچە تەرەپتىن
تەھلىل يۈرگۈزىمىز.

1. ئىقتىسادىي قىممىتى: ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ ئىشلەپ-
چىقىرىش كۆلىمى، يىللىق مەھسۇلات مىقدارى قانچىلىك ئى-
كەنلىكى توغرىسىدا هازىرغىچە هېچقانداق سانلىق مەلۇمات
ئېلان قىلىنغىنى يوق. بىراق بىز نوپۇس سانى ۋە دوپپا كى-
يىدىغان نوپۇس نىسبىتى بويىچە هېسابلاش ئارقىلىق تەخ-
مىنىي سانلىق مەلۇماتلارغا ئېرىشەلەيمىز. هازىر شىنجاڭ
ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلار 9 مىليون
900 مىڭ ئەتراپىدا (2008 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى نوپۇس
سانى 9 مىليون 831 مىڭ 800 يۈز نەپەر. «شىنجاڭ يىلنامى-
سى ـــ 2009 - يىل»، خەنزۇچە، `1 - بەتكە قارالسۇن).
بۇنىڭدىن 20% ئادەم دوپپا كىيىدۇ ۋە ئىككى يىلدا بىر
دوپپىنى كونىرىتىۋېتىدۇ دەپ قارىساق، بازارنىڭ نورمال
تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قامداش ئۈچۈن هەر يىلى 1 مىليون
دانە ئەتراپىدا دوپپا ئىشلەپچىقىرىش لازىم بولىدۇ. ئەمەلى-
يەتتە خېلى بىر قىسىم كىشىلەر دوپپىنى تولۇق كونىرىغانغا
قەدەر كىيمەيدۇ، بەلكى ئوتتۇرا ئۆپرىغان ياكى ئۆڭۈپ
قالغاندا يېڭىسىنى ئالماشتۇرىدۇ. بىر قىسىم قاتۇرما
دوپپىلار ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىگە، بىر قىسىم ئاق
دوپپىلار غەربىي ئاسىيا دۆلەتلىرىگە سېتىلىدۇ.

بۇ يىل 3-ماي يەكەن ناھىيەسىدە ئېچىلغان
«تۈنجى نۆۋەتلىك بادام دوپپا مەدەنىيىتى مۇهاكىمە يىغى-
نى» داۋامىدا ئېكسكۇرسىيە قىلىنغان يەكەن بازىرى باغ
مەهەللە ئىجتىمائىي رايونىدىكى دوپپىچى كەسپىي ئائىلە ـــ
«تۇرسۇنجان كەشتىچىلىك مۇلازىمەت ئورنى»نىڭ مەس-
ئۇلى تۇرسۇنجاننىڭ ئەهۋال تونۇشتۇرۇشىچە، ئۇنىڭ مۇ-
لازىمەت ئورنى بادام دوپپىچىلىقنى ئاساس قىلغان كەشتى-
چىلىك ئائىلە كارخانىسى بولۇپ، يىلىغا 400 مىڭ دانە قا-
تۇرما دوپپا، 100 مىڭ دانە شاپاق دوپپا ئىشلەپچىقىرىدى-
كەن (قاتۇرما دوپپىنىڭ ئاز قىسمى تەييار مەهسۇلات سۈ-
پىتىدە، كۆپ قىسمى گۈل نەقىشلىرى تىكىپ بولۇنغان،
ئەمما ئەستەرلەنمىگەن يېرىم تەييار مەهسۇلات سۈپىتىدە
سېتىلىدىكەن).

يۇقىرىقى ئامىللارنى نەزەرگە ئالغاندا، ئاپتونوم
رايون بويىچە دوپپىنىڭ يىللىق مەهسۇلات مىقدارى 1
مىليون دانىدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن. هازىرقى بازاردا
ئاق دوپپا، شاپاق دوپپىلارنىڭ هەر بىر دانىسى بىر
نەچچە يۈەندىن 40 يۈەنگىچە سېتىلىدۇ. قاتۇرما دوپپىلار-
نىڭ باهاسى سۈپەت پەرقىگە قاراپ هەر بىر دانىسى ئون
يۈەندىن يەتتە-سەككىز يۈەنگىچە، هەتتا 1000 يۈەنگىچە

بولغان باھادا سېتىلىدۇ. ئەمما 70 ـ 80 يۈەندىن تۆۋەن باھادا سېتىلىدىغانلىرى مۇتلەق كۆپ سالماقنى ئىگىلەيدۇ. شۇڭا، ھەر بىر دوپپىنىڭ ئوتتۇرىچە سېتىلىش باھاسى 20 ـ 30 يۈەن ئەتراپىدا دەپ قارىغاندا، بىر نەچچە ئون مىليون يۈەن مەھسۇلات قىممىتى يارىتىلىدۇ. گەرچە بۇنچىلىك مەھسۇلات قىممىتى ئومۇمىي ئىجتىمائىي مەھسۇلات قىممىتى ئىچىدە ئىنتايىن ئەرزىمەس كىچىك سان بولسىمۇ، ساپ پايدا قىسمى تېخىمۇ ئاز بولسىمۇ، لېكىن دوپپىچىلىق ۋە دوپپا تىجارىتىنى كەسىپ قىلغان مىڭلىغان كىشىلەر مۇشۇنىڭغا تايىنىپ تۇرمۇشنى قامدايدۇ، شۇڭا ئۇ بەرىبىر جەمئىيەتكە قوشۇلغان تۆھپە، جەمئىيەتكە تەقدىم قىلىنغان بايلىق ھېسابلىنىدۇ.

2. ئىجتىمائىي قىممىتى: بۇرۇن، ئۇيغۇر دوپپىلىرىنىڭ ھەممىسى قول ئەمگىكى ئارقىلىق كەشتىلىنەتتى. ھازىر بۇ ئەھۋالدا خېلى كۆپ ئۆزگىرىش بولدى. شاپاق دوپپىلارنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى تىككۈچىلىك ماشىنىسى ئارقىلىق كەشتىلەپ تىكىلىدۇ. بادام دوپپا، چىمەن دوپپا قاتارلىقلارنىڭ بىر قىسمى قولدا كەشتىلىنىدۇ، بىر قىسمى تىككۈچىلىك ماشىنىسى ئارقىلىق كەشتىلىنىدۇ. يەنە بىر قىسمى ئېلېكترونلۇق كەشتە ماشىنىسى ئارقىلىق كەشتىلىنىدۇ. چاچما دوپپا، مارجان دوپپا، مەنپۇ دوپپا قاتارلىقلار ئاساسەن قول ئارقىلىق كەشتىلىنىدۇ. بۇلارنىڭ ئىش ئۈنۈمى ناھايىتى پەرقلىق بولۇپ، ئىنتايىن نەپىس بولغان بىر دانە بادام دوپپىنى ماھىر كەشتىچى ئايال 25 ـ 30 كۈندە كەشتىلەپ بولىدۇ. ئېلېكترونلۇق كەشتىلەش ماشىنىسى بولسا، بىر كۈندە 500 دوپپىنىڭ ماتېرىيالىنى كەشتىلەپ بولالايدۇ. شۇنىڭغا مۇناسىپ ھالدا قول كەشتە بادام دوپپىلارنىڭ دانىسى 300 يۈەندىن 1000 يۈەنگىچە سېتىلىدۇ. ماشىنىدا كەشتىلەنگەن دوپپىلار بىر نەچچە ئون يۈەندىن سېتىلىدۇ. يەكەن ناھىيەسىدىكى يەكەن بازىرىنىڭ باغ مەھەللە ئىجتىمائىي رايونىغا قاراشلىق ئۈچ دوپپىچى كەسپىي ئائىلىدە 100 ئادەم دوپپا كەشتىلەش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتىدۇ. قومۇل ۋىلايىتىدە چاچمىچىلىق ماھارىتى بويىچە تەربىيەلەنگەن ئاياللار 2000 غا يەتكەن. بۇ ئامىللارنى كۆزدە تۇتقاندا ئاپتونوم رايون بويىچە دوپپا كەشتىلەش، تىكىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ئەمگەك كۈچى 5000 ـ 6000 نەپەرگە يېتىشى مۇمكىن.

قەشقەر شەھىرىدە ئاپتونوم رايون بويىچە ئەڭ چوڭ دوپپا بازىرى شەكىللەنگەن بولۇپ، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پروفېسسورى، دوكتور يېتەكچىسى ئابدۇكېرىم راخمان ئەپەندىنىڭ ئېيتىشىچە، قەشقەر شەھىرىدىكى دوپپا بازىرىدا مەخسۇس دوپپا تىجارىتى قىلىدىغان 300 دىن ئارتۇق دۇكان بار ئىكەن. يەكەن ناھىيەسىنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ئېيتىشىچە، ناھىيە بازىرىدا 100 دىن ئارتۇق دوپپا دۇكىنى بار ئىكەن. ھەممىگە ئايانكى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بارلىق شەھەر، ناھىيە بازارلىرى ۋە مۇتلەق كۆپ قىسىم يېزا، بازارلىرىدا، شۇنداقلا بىر مۇنچە ساياھەت نۇقتىلىرىدا دوپپا تىجارىتى بىلەن مەخسۇس ياكى قوشۇمچە شۇغۇللىنىۋاتقان تىجارەتچىلەر بار. شۇنداقلا بازار كۈنلىرى يايما ئېچىپ دوپپا تىجارىتى قىلىدىغانلارمۇ بار. بۇلارنى كۆزدە تۇتقاندا، ئاپتونوم رايونىمىزدا بىرەر مىڭدىن ئارتۇق دوپپا تىجارەت دۇكىنى بولۇشى، دوپپىغا مۇناسىۋەتلىك كەسىپلەردە ئىشلەۋاتقان ئومۇمىي ئەمگەك كۈچى 8000 ئەتراپىدا بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بۇ ئائىلىلەرنىڭ ھەر بىرسىدە تۆتتىن نوپۇس بولسا، ئاپتونوم رايونىمىزدا بىر نەچچە ئون مىڭ ئادەم مۇشۇ كەسىپنى تۇرمۇش مەنبەسى قىلىپ ياشاۋاتقان بولىدۇ. دېمەك، دوپپىچىلىق كەسپى جەمئىيەتكە بىر نەچچە مىڭ ئىش ئورنى، بىر نەچچە ئون مىڭ ئادەمگە تۇرمۇش كاپالىتى تەمىنلەپ بەرگەن بولىدۇ.

ئۇنىڭ ئۈستىگە دوپپا نەپىس بۇيۇم بولسىمۇ، ئېغىر ئەمگەك ھېسابلانمايدۇ. قاۋۇل ئەمگەك كۈچى تەلەپ قىلمايدۇ. ئەمما ھۈنەر بولغان بىلەن، نەپىسلىكنى، چېۋەرلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇنداق تەلەپ دەل ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ كېتەلمەيدىغان ئاياللار، قېرى، ئاجىز، مېيىپ ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلىشىگە باپ كېلىدۇ. ھالبۇكى، بۇ خىل ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى جەمئىيەتتە ئىش ئورنى تېپىشى، ئىشقا ئورۇنلىشىشى ئەڭ قىيىن بولغان ئەمگەكچىلەر توپى ھېسابلىنىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا، دوپپىچىلىق كەسپى ئاجىز، پايدىسىز ئورۇندا تۇرۇۋاتقان ئەمگەكچىلەرنى ئىش ئورنى بىلەن تەمىنلەپ، تۇرمۇشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىشتا، جەمئىيەتنىڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بېسىمىنى يېنىكلىتىشكە بەلگىلىك رول ئويناۋاتقان ساھە ھېسابلىنىدۇ.

3. بەدىئىي سەنئەت قىممىتى: دوپپىنىڭ گۈل ـ نەقىشلىرىدە ھەر خىل گۈل ـ گىياھلارنىڭ شاخ ـ يوپۇرماق،

گۈل، غۇنچە، چېچەك شەكىللىرى كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ گۈل ئۆستۈرۈپ مۇھىتنى گۈزەللەشتۈرۈشكە خۇشتار بولۇشتەك تۇرمۇش ئادەتلىرىنىڭ سەنئەتلەشتۈرۈلۈشىدۇر. بۇغداي باشىقى، كېۋەز، بادام، ئامۇت، ئانار قاتارلىق زىرائەت، مېۋە شەكىللىرىمۇ كۆپ ئۇچرايدۇ. بۇ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بوستانلىق بەرپا قىلىپ زىرائەت ئۆستۈرۈش، باغ يېتىشتۈرۈپ، ھەر خىل مېۋىلەرنى ئۆستۈرۈشكە ماھىر بولۇشتەك تۇرمۇش چىنلىقىنىڭ بەدىئىي چىنلىق ئارقىلىق ئەكس ئەتتۈرۈلۈشىدۇر. دوپپا گۈل-نەقىشلىرىنىڭ شەكىل تۈرلىرى نۇرغۇن، رەڭ تۈرلىرى ئىنتايىن كۆپ، رەڭ تۈسلىرىنىڭ ماسلاشتۇرۇلۇشى ئىنتايىن تەبىئىي ۋە يېقىملىق، كىشىنى ئىختىيارسىز مەھلىيا قىلىدۇ. دوپپىنىڭ شەكىل تۈرلىرى، گۈل نۇسخا، تەگلىك رەڭ تۈرلىرى ناھايىتى مول، كىشىلەرنى ئۆز خاھىشىغا بېقىپ كەڭ تاللاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ.

قىسقىسى، دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ تەلپەك، تۇماق، ياغلىق، رومال، پوسما قاتارلىق بارلىق باش كىيىملىرى ئىچىدە مەيلى شەكىل، نۇسخا تۈرلىرىنىڭ كۆپلۈكى جەھەتتىن بولسۇن، گۈل-نەقىش شەكىللىرىنىڭ مولluقى، رەڭگۋاسىنىڭ يارقىن، جەزبىدارلىقى جەھەتتىن بولسۇن ياكى ئىستېمال چاستوتىسىنىڭ يۇقىرىلىقى جەھەتتىن بولسۇن مۇتلەق ئۈستۈنلۈكتە تۇرىدۇ. تەلپەك-تۇماقلار ئاساسەن ئەرلەرگە خاس كىيىم بولسا، ياغلىق-روماللار ئاياللارغىلا خاستۇر. پوسما بولسا باللارغا خاستۇر؛ تەلپەك-تۇماقلار كۆركەم بولسىمۇ، نەقىش يوق دېيەرلىكتۇر. ياغلىق، رومال، پوسما قاتارلىقلاردا گۈل-نەقىش بولسىمۇ، تۈرى، شەكلى ئاز، نۇسخا تۈرلىرى ئاز بولۇپ، دوپپا بىلەن ھەرگىز بەس تالىشالمايدۇ. شۇڭا دوپپا ئۇيغۇرلارنىڭ باش كىيىملىرى ئىچىدە مەھسۇلات تۈرى، شەكىل تۈرى، گۈل نۇسخا تۈرىنىڭ كۆپلۈكى، نەقىشلىرىنىڭ گۈزەل، يارىشىملىقى، پۈتۈن مىللەت ئەزالىرىنىڭ كىيىشىگە باب كېلىدىغان ئۇنىۋېرساللىقى بىلەن باش كىيىملەرنىڭ گۈلتاجىسى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. ھەتتا ئۇيغۇرلارنىڭ بارلىق كىيىملىرىنىڭ گۈلتاجىسى سانىلىشقا مۇناسىپتۇر. چۈنكى، بارلىق كىيىم تۈرلىرىمىز ئىچىدە پەقەت ئەتلەس كۆڭلەك بىلەن كانۋا كۆڭلەكلەرلا گۈل-نەقىش گۈزەللىكى جەھەتتە دوپپا بىلەن بەس تالىشالىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ئالدىنقىسى ئاياللارغىلا خاس بولسا، كېيىنكىسى ياشلار، ئۆسمۈرلەرگىلا خاس كىيىم بولغانلىقى جەھەتتىن دوپپا ئالدىدا ئاجىز كېلىدۇ.

دوپپا يۇقىرىقىدەك ئەۋزەللىككە ئىگە بولغىنى ئۈچۈن، ھەممە كىشى ياقتۇرىدىغان كىيىم تۈرىگە ئايلانغان؛ ياخشى كۆرۈشكەن يىگىت-قىزلارنىڭ بىر-بىرىگە بولغان مېھىر-سۆيگۈسىنى ئىپادىلەشتىكى سوۋغات بۇيۇمىغا ئايلانغان؛ ئەڭ ئەزىز مېھمانلارغا بولغان ھۆرمەتنى ئىپادىلەيدىغان سوۋغات بۇيۇمىغا ئايلانغان؛ ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ھەرقانداق ئەزاسىنى دۆلەت ئىچى-سىرتىدىكى ھەرقانداق جاي، ھەرقانداق سورۇندا باشقا كىشىلەردىن پەرقلەندۈرىدىغان مىللىي كىملىكىنىڭ بەلگىسى — سىمۋولىغا ئايلانغان.

دوپپىنى كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىمىزدە بۇنداق شۆھرەتلىك نام ۋە يۇقىرى ئورۇنغا ئىگە قىلغان نەرسە ئۇنىڭ ماددىي تەركىبى ئەمەس، مەنىۋى تەركىبى، يەنى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ تەبىئەتنى، تۇرمۇشنى قىزغىن سۆيىدىغان، يېشىللىق، بوستانلىق، باغۇ-بوستان، گۈل-گۈلىستانلىق يارىتىش ئارقىلىق تەبىئەتنى بېزەپ، كۆڭلىنى ئاۋۇندۇرىدىغان، ئاندىن بۇنداق تەبىئىي گۈزەللىك ۋە ئۇنىڭدىن ھاسىل بولغان مەنىۋى لەززەت ھېسسىياتلىرىنى ۋايىغا يەتكەن بەدىئىي دىت ۋە كامالەتكە يەتكەن چېۋەرلىك بىلەن دوپپا يۈزىگە قايتا زاھىر قىلىشقا مۇۋەپپەق قىلغان بەدىئىي ئىستېداتتۇر.

شۇڭا دوپپا ناھايىتى يۇقىرى بەدىئىي قىممەتكە ئىگە. ئۇ، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ باش كىيىملىرىنىڭلا ئەمەس، پۈتۈن كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ گۈلتاجى بولۇشقا مۇناسىپتۇر. دوپپا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مەڭگۈلۈك پەخرى ۋە قىممەتلىك بايلىقىدۇر.

---

① «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى بايقاشلار»، خەنزۇچە، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1995-يىلى 1-نەشرى 92-، 101-بەتلەر.

② «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى» ژۇرنىلى، ئۇيغۇرچە، 1997-يىلى 3-، 4-بىرلەشمە سان. 41-، 43-بەتلەر.

③ «شىنجاڭ مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى ئارخېئولوگىيەسىدىكى يېڭى بايقاشلار»، خەنزۇچە، «شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى» 1995-يىلى 1-نەشرى 1-باسمىسى. 418-، 419-بەت.

(ئاپتور: خوتەن ۋىلايەتلىك مەدەنىيەت، تەنتەربىيە ئىدارىسىنىڭ پېنسىيونېرى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# نانىنىڭ تۈرلىرى



## ياغلىق توقاچ

ياغلىق توقاچ ئۇيغۇرلار ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان، ئوتقا بىۋاسىتە قاقلاپ پىشۇرۇلىدىغان، ئۇيغۇرلار ئارىسىغا كەڭ تارقالغان، تارىخى بىر قەدەر ئۇزاق، توي، نەزىر، مېھماندارچىلىقتا داستىخانغا ئالاھىدە شۆھرەت ئاتا قىلىدىغان، ھازىرقى زامان نان تىجارىتىدە يۇقىرى قىممەت يارىتىپ كېلىۋاتقان نان تۈرلىرىنىڭ بىرى.

خۇرۇچى: ئاق ئۇن، خېمىرتۇرۇچ، تۇز، سۇ، پىياز، سۇ يېغى، قويرۇق ياغ، كۈنجۈت، سىيادان، زىرە، ياڭاق مېغىزى قاتارلىقلار.

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئۇنغا سۇت، سۇ يېغى ئاساس قىلىپ، خېمىرتۇرۇچ، تۇز سېلىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ، ئەگەر سۇت، سۇ يېغى ئاز بولسا ئازراق سۇ ئارىلاشتۇرسا بولىدۇ، قويرۇق ياغنى ئېرىتىپ سوۋۇغاندىن كېيىن خېمىرنىڭ ئۈستىگە قۇيىمىز، ياغلىق توقاچنىڭ خېمىرى سەل قاتتىقراق يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىر ناھايىتى پىششىق ئىشلىنىدۇ، خېمىر يۇغۇرۇلۇپ بولۇنغاندىن كېيىن خېمىر كۆپكەنگە قەدەر يۆگەپ قويۇلىدۇ، شارائىت بولسا ياڭاق مېغىزىنى سوقۇپ خېمىرغا ئارىلاشتۇرۇۋەتسە نان تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ، خېمىر كۆپتۈرۈلگەندىن كېيىن ئوخشاش ھالەتتە زۇۋۇلا ئۈزۈپ، تاۋلاپ، سۇ يېغى بىلەن زۇۋۇلىنىڭ ئۈستىنى ياغلاپ ئىككى زۇۋۇلىنى بىر قىلىپ جۈپلەپ ئاشتاختا ئۈستىگە تىزىپ ئۈستى مەخسۇس تەييارلانغان رەخت بىلەن يۆگەپ قويۇلىدۇ، زۇۋۇلىنىڭ يۈزىنى ئېچىپ نان راسلاشتا ناننىڭ گىرۋىكىنى قېلىنراق، ئوتتۇرىسىنى نېپىزرەك ئېچىش تەلەپ قىلىنىدۇ. ياغلىق توقاچنىڭ گىرۋىكىگە تاقاق ئۇرسىمۇ، پىچاق بىلەن يېرىم ھالەتتە كەسسىمۇ بولىدۇ، ياغلىق توقاچنىڭ ئوتتۇرىسىغا چەككۈچ بىلەن گۈل نۇسخىسى چىقىرىلىدۇ.

ياغلىق توقاچنى يېقىش ئۇسۇلى:

تونۇر ئۆرۈك ياكى يۇلغۇن ئوتۇنى بىلەن قىزدۇرۇلىدۇ، تونۇرنىڭ يۈزى ئاقارغانغا قەدەر ئوت كۆيدۈرۈلىدۇ، تونۇر تەكشى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن داپخان ئېتىۋېتىلىپ تونۇر ئىچىدىكى چوغ ئوتتۇرىغا يىغىۋېتىلىدۇ، تونۇر يۈزىگە ساپ ئاشتۇزى ئۇرۇلىدۇ، تونۇرنىڭ ھاۋىسى تەڭشەلگەندىن كېيىن نان يېقىلىدۇ، ياغلىق توقاچنى گەزنىنىڭ ئۈستىگە ئالغاندا ناننىڭ سول يۈزىگە ئاز مىقداردا تۇز ئۇرۇپ ئاندىن يېقىش تەلەپ قىلىنىدۇ، خېمىر يۈزىگە تۇز ئۇرمىغاندا نان تونۇردا توختىمايدۇ،


مۇھەممەدتۇرسۇن ھەسەن

ياغلىق توقاچنى گەزنىگە ئېلىشنىڭ ئالدىدا ناننىڭ يۈزىگە كۈنجۈت، پىياز، زىرە، سىيادان قاتارلىقلار سېپىلىدۇ، شۇڭا گەزنىنىڭ يۈزى ئاسانلا قېتىپ قالىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن گەزنىنىڭ يۈزىنى دائىم يۇيۇپ تۇرۇش كېرەك.

ياغلىق توقاچنى پىشۇرۇش ئۇسۇلى:

ياغلىق توقاچنىڭ جىلتىسى قېلىنراق بولىدۇ. شۇڭا نان تونۇردا ئۇزۇنراق تۇرۇشى كېرەك. ياغلىق توقاچنى بەكرەك قىزارتىپ ئېلىش كېرەك. نان تونۇردىن سويۇپ ئېلىنغاندىن كېيىن ناننىڭ يۈزىگە چۈچۈتۈلگەن سۇ يېغىنى سۈركەپ ئىككى ناننى يۈزى بىر قىلىپ جۈپلەپ قويۇلىدۇ. سۇ يېغىنى ناننى تونۇردىن ئېلىپلا سۈركەش كېرەك، نان سوۋۇپ قالسا ياغ نانغا سىڭمەيدۇ. ياغلىق توقاچنى تونۇردىن سويۇۋېلىشتا پەم بىلەن سويۇۋېلىش كېرەك، ياغلىق توقاچ ناھايىتى چۈرۈك بولغاچقا ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ.

ياغلىق توقاچنىڭ ئالاھىدىلىكى:

ياغلىق توقاچ ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مېھمانلارغا تەييارلانغان تەملىك، مەززىلىك، سىڭىشلىك بولغان بىر خىل نېنى، ياغلىق توقاچنىڭ خۇرۇچلىرى كۆپ بولغاچقا تەنگە كۈچ-مادار بېغىشلايدۇ، داستىخانغا زىننەت كەلتۈرىدۇ. ياغلىق توقاچنى ھەرقانداق مېھماننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشكە بولىدۇ. ئۇ ئاسان قېتىپ قالمايدۇ، بۇزۇلۇپ، كۆكىرىپ قالمايدۇ، يىراقتىكى ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ئەۋەتىشكىمۇ، ئائىلىدە ساقلاپ يېيىشكىمۇ بولىدۇ، ھازىر ياغلىق توقاچنىڭ بازار رىقابىتىدىكى ئورنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈپ، مىللەت، رايون ھالقىدى، ياغلىق توقاچ ياقىدىغان نۇرغۇن داڭلىق ئۇستىلار مەيدانغا كەلدى، ياغلىق توقاچ ھازىر ئۇيغۇرلارنىڭ نان مەدەنىيىتىنى، تارىخىنى تەتقىق قىلىشتىمۇ ناھايىتى مۇھىم ئورۇن تۇتىدۇ.

## جىرىس نان

بۇغداي ئۇنىنى ئەلگەكتىن ئۆتكۈزۈپ تاسقىغاندا ساپ ئۇن قىسمى ئەلگەكتىن ئۆتۈپ كېپەك ئايرىلىپ قالىدۇ. كىشىلەر ئادەتتە كېپەكنى ئايرىم ئىستېمال قىلمايدۇ، لېكىن ئۇنىنىڭ ھەممىسىنى تاسقىۋالماي بىر قىسمى كېپەك بىلەن قالدۇرۇپ قويۇلسا بۇنى ئىستېمال قىلىشقا بولىدۇ. بۇنداق ئۇن ئادەتتە دۆۋزە دەپ ئاتىلىدۇ. دۆۋزە ئۇنىدا يېقىلغان نان جىرىس نان دېيىلىدۇ. دۆۋزە خاس يەرلىك تۈگمەندە تارتقان ئۇندىن ئايرىۋېلىنىدۇ.

خۇرۇچى: دۆۋزە، سۇ، تۇز، خېمىرتۇرۇچ، پىياز

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئۇنغا مۇۋاپىق مىقداردا سۇ، تۇز، خېمىرتۇرۇچ سېلىپ قاتتىقمۇ ئەمەس، يۇمشاقمۇ ئەمەس ئوتتۇراھال قىلىپ خېمىر يۇغۇرۇلىدۇ. خېمىرنى يۆگەپ كۆپتۈرگەندىن كېيىن ئوخشاش مىقداردا قىلىپ زۇۋۇلا ئۈزۈپ، تاۋلاپ ئاشتاختا ئۈستىگە تىزىپ قىسقا ۋاقىت تىندۇرۇلىدۇ، چوڭ، كىچىكلىكى نورمال قىلىپ نان راسلىنىدۇ، ناننىڭ گىرۋىكى تومراق، ئوتتۇرىسىنى نېپىزرەك قىلىپ راسلاپ ئۈستىگە توغراپ چانالغان پىياز سۈركەپ، يۈزىگە چەككۈچ چېكىلىدۇ، گەزنىگە تەتۈر قىلىپ ئېلىنىپ يۈزىگە تۇز ئۇرۇپ تونۇرغا يېقىلىدۇ.

جىرىس ناننى يېقىش ئۇسۇلى:

تونۇرنى قىزدۇرۇپ، تونۇرنىڭ يۈزى ئاقارغانغا قەدەر ئوت كۆيدۈرۈلىدۇ، تونۇرنىڭ يۈزى ئوبدان ئاقارغاندىن كېيىن داپخان ئېتىۋېتىلىپ، چوغ تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىۋېلىنىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە ئاشتۇزى ئۇرۇلىدۇ، تونۇرنىڭ ھاۋىسىنى تەڭشەپ بولغاندىن كېيىن نان يېقىلىدۇ.

جىرىس ناننى پىشۇرۇش ئۇسۇلى:

جىرىس نان ياغلىق توقاچ، توم نان، قاتلىما نانلارغا قارىغاندا سەل تەسرەك پىشىدۇ، تونۇردا ئۇزاقراق



www.uyghurkitap.com



تۇرغۇزۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا ئوتنى بەك يالقۇنجىتىۋەتمەسلىك، ناننىڭ تەبىئىي سىڭىشىپ پىشىشىنى كۈتۈش كېرەك. جىرىس ناننىڭ يېپىشقاقلىقى باشقا نانلارغا قارىغاندا ئاجىزراق بولىدۇ، ئاسان سۇنۇپ كېتىدۇ، ئۇنى تونۇردىن پۈتۈن سويۇۋېلىش ئۈچۈن زىخ ئىشلەتمەي قول بىلەن ياكى سىم چويلا بىلەن ئېلىش كېرەك.

جىرىس ناننىڭ ئالاھىدىلىكى:

ئۇ چۇرۇك بولۇپ سۇغا چىلىسىلا ئاسان يۇمشايدۇ، جىرىس ناننى كۆپرەك يىگەن كىشىلەر ئاشقازان كېسىلى بولمايدۇ، سەي، كۆكتات، قورۇمىلارغا ئارىلاشتۇرۇپ يېسە تەملىك، مەززىلىك بولىدۇ.

جىرىس نان بۇرۇنقى زامانلاردا ئاش تائام قىس مەزگىللەردە كىشىلەر كۆپ ئىستېمال قىلغان، يېقىنقى زاماندا كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ بۇ خىل ناننى ئىستېمال قىلىدىغانلار ئانچە كۆپ قالمىدى، ھازىر بۇ خىل نان چەت يېزا، قىشلاقلاردا ئاز ساندا ئىستېمال قىلىنىۋاتىدۇ.

## كۆنجۈتلۈك نان

كۆنجۈت بىر خىل ياغلىق دان بولۇپ، ئۇنىڭدا ئايرىم ياغ تارتىپ ئىشلىتىشكىمۇ، كۆنجۈتنى ئەينەن ناننىڭ يۈزىگە سېپىپ بىۋاستە ئىستېمال قىلىشقىمۇ بولىدۇ. كۆنجۈتنى ناننىڭ يۈزىگە سېپىپ ئىشلىتىشتە ئالدى بىلەن كۆنجۈتنى پاكىزلاپ قازانغا سېلىپ، سۇس ئوتتا قورۇپ، چىرايلىق سارغايتىپ، پىيازنى توغراپ، يۇمشاق چاناپ، كۆنجۈت بىلەن پىياز ئارىلاشتۇرۇلىدۇ. پىياز ئاز مىقداردا كۆنجۈت كۆپ بولىدۇ. ئۇنىڭغا ئازراق سىيادان ئارىلاشتۇرۇۋەتسىمۇ بولىدۇ، لېكىن كۆنجۈت ئاساسىي سالماقنى ئىگىلەيدۇ، ناننىڭ يۈزىگە كۆنجۈت ناھايىتى تەكشى سۈركىلىدۇ، ناننىڭ يۈزى پۈتۈنلەي كۆنجۈت بىلەن يۆگىلىدۇ.

خۇرۇچى؛ ئاق ئۇن، سۇ، تۇز، خېمىرتۇرۇچ، كۆنجۈت، پىياز، سىيادان قاتارلىقلار.

خېمىر تەييارلاش ئۇسۇلى:

ئۇنغا مۇۋاپىق مىقداردىكى سۇ، تۇز، خېمىرتۇرۇچ سېلىپ خېمىرنى نورمال ھالەتتە يۇغۇرۇپ، ئوبدان ئىشلەپ، ئايرىم رەخت بىلەن يۆگەپ كۆپتۈرۈلىدۇ. زۇۋۇلا ئۈزۈپ تاۋلاپ، ئاشتاختىغا تىزىپ، قىسقا ۋاقىت تىندۇرۇلىدۇ، زۇۋۇلا ئاشتاختىدا ئۈستىگە قويۇپ بىر-بىرلەپ راسلىنىدۇ. گىرۋىكى قېلىن، ئوتتۇرىسى نېپىز بولۇش تەلەپ قىلىنىدۇ. ناننىڭ ھەجمى ئانچە چوڭ بولمايدۇ، نان راسلىنىپ گىرۋىكى پىچاق ياكى چەككۈچ بىلەن چېكىلىدۇ. ئوتتۇرىسىغا تەكشى چەككۈچ چېكىپ، تەييارلانغان كۆنجۈت، پىياز، سىيادان قاتارلىقلار نان يۈزىگە تەكشى سۈركىلىدۇ، كۆنجۈتنىڭ نان يۈزىگە ياخشى چاپلاشماي تۆكۈلۈپ كېتىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان كۆنجۈتنى ئازراق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ھۆللەپ تەييارلاش لازىم.

كۆنجۈتلۈك ناننى يېقىش ئۇسۇلى:

تونۇرغا ئۆرۈك ياكى توغراق ئوتۇنى سېلىپ قىزدۇرۇلىدۇ، ئوت تونۇرنىڭ يۈزى ئاقارغانغا قەدەر كۆيدۈرۈلىدۇ. تونۇرنىڭ يۈزى ئاقىرىپ بولغاندىن كېيىن تونۇردىكى چوغنى تونۇرنىڭ ئوتتۇرىسىغا يىغىۋېتىپ، داپخانىنى ئېتىۋېتىپ، تونۇرنىڭ يۈزىگە ئاشتۇزى ئۇرۇپ، تونۇرنىڭ ھاۋىسىنى تەڭشەش لازىم. راسلانغان نانىنى گەزنىگە ئېلىپ ناننىڭ كەينى يۈزىگە تۇز ئۇرۇپ تونۇرغا ئۇدۇللۇق يېقىلىدۇ، كۆنجۈتلۈك ناننىڭ خېمىرى بوشراق يۇغۇرۇلىدىغان بولغاچقا گەزنىگە ئاسانلا خېمىر چاپلىشىۋالىدۇ، شۇڭا گەزنىنى پات-پات قىرىپ پاكىز تۇتۇش، نان ياققاندا قولنى ئەركىن ھەرىكەتلەندۈرۈش كېرەك.

كۆنجۈتلۈك ناننى پىشۇرۇش ئۇسۇلى:

ناننى تەكشى قىزارتىپ، سىڭىشىپ ئوبدان پىششى ئۈچۈن چوغنى يالقۇنجىتىۋەتمەي، تولا چۇخچىلىماي، تەبىئىي پىششىنى كۈتۈش لازىم، نان ئىككى يۈزىدىن ئوخشاش قىزىرىپ پىشقاندا ئاندىن قومۇرۇش كېرەك. ناننى قومۇرۇشتا سىم چويلا ئىشلەتسە نان پۈتۈن، پاكىز قومۇرۇلىدۇ.

كۆنجۈتلۈك ناننىڭ ئالاھىدىلىكى:

بۇ خىل نان ناھايىتى چۇرۇك، چايغا تەگكەن ھامان يۇمشايدىغان تەملىك، مەززىلىك بولۇپ، كۆنجۈت بىلەن نان تەبىئىي ھالدا بىرلىشىپ كەتكەن، ھېيت، ئايەم كۈنلىرى داستىخاننى موللاشتۇرىدۇ، مېھمانلارغىمۇ ياقىدۇ، سېمىزلىك، ياشانغان، كېسەلچان ئادەملەرنىڭ ئىستېمال قىلىشىغىمۇ ماس كېلىدۇ.

(ئاپتور: چىرا ناھىيەلىك 1-ئوتتۇرا مەكتەپ ئوقۇتقۇچىسى)

# ئۇيغۇرلاردا ھۆكۈمدارلارغا كىتاب سوۋغا قىلىش ئادىتى



ئىمىن تاجى تۇرگۇن

كىتاب — ئىنسانىيەت ئەقىل-پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. ئۇنىڭ بارلىققا كېلىشى يېزىق، قەغەز ۋە مەتبەئە تېخنىكىسىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك. ئىنسانلار ناھايىتى ئۇزاق مۇددەت يېزىقسىز دەۋرنى باشتىن ئۆتكۈزگەن بولۇپ، بۇ تارىختا «تارىختىن ئىلگىرىكى دەۋر» دەپ ئاتالدى. يېزىقنىڭ بارلىققا كېلىشى ئىنسانىيەت مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ كاتتا مۆجىزىلەرنىڭ بىرى سانىلىدۇ. چۈنكى يېزىق ئارقىلىق ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ ۋە ئەجدادلىرىنىڭ تارىخلىرىنى خاتىرىلەشكە ۋە ئەۋلادلىرىنى ئۆزلىرىنىڭ ھەر خىل ئۇچۇرلۇق قىممىتىگە ئىگە بولغان پائالىيەتلىرىدىن خەۋەردار قىلىشقا باشلىغان. مەتبەئە تېخنىكىسى بارلىققا كەلمىگەن شارائىتتا، ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تاش ئابىدىلەرگە، قىيا تاشلارغا ۋە غارلارغا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقى بىلەن چېكىپ تارىختىن

خەۋەردار قىلىپ كەلگەن.

ئۇيغۇرلار يېزىقنى نىسبەتەن بۇرۇن ئىجاد قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ مەدەنىيەت تارىخىنىڭ يېڭى سەھىپىلىرىنى ئاچقان مەدەنىي مىللەتلەرنىڭ بىرى. ئالىملىرىمىزدىن ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ ۋە ئىسرائىل يۈسۈپلەر تەتقىقاتلار ئارقىلىق ئۇيغۇرلارنىڭ 2000 يىلدىن ئارتۇق يېزىق تارىخىغا ئىگە ئىكەنلىكىنى قەيت قىلغان»①. ئۇيغۇرلارنىڭ يېزىق تارىخىدا سوغدىلار ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان. يەنى ئۇيغۇرلار سوغدى ھەرپلىرى ئاساسىدا ئۆزلىرىنىڭ يېزىقىنى ئىجاد قىلغان.

مىلادى 7-، 8-ئەسىرلەردە موڭغۇل يايلىقىدىكى ئورخۇن ۋە سېلىنگا دەريالىرى ۋادىلىرىدا تىكلەنگەن مەڭگۈ تاشلارنى قەدىمكى ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى ئەڭ دەسلەپكى كىتابنىڭ نەمۇنىلىرى دېيىشكە ھەقلىقمىز. گەرچە ئۇلار قەدىمكى تۈرك يېزىقى بىلەن چوڭ-كىچىكلىكى ئوخشاش بولمىغان ھەر خىل تاشلارغا ئويۇلغان بولسىمۇ، قەدىمكى لېكىن كۆك تۈرك خانلىق (552_744-يىللار) ۋە قەدىمكى ئورخۇن ئۇيغۇر خانلىقلىرىنىڭ (744_840-يىللار) سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ھەربىي يۈرۈش ۋە قەبىلىلەر يۆتكىلىشىدەك بىر قاتار مۇھىم ساھەلەر بويىچە بىزگە ناھايىتى مۇھىم ئۇچۇرلارنى قالدۇرغان «قەغەزسىز كىتابلاردۇر». بۇلار ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتتىن كېيىن (ئەڭ بۇرۇن تىكلەنگەنلىرى مىلادى 580-يىلدىن باشلىنىدۇ، ئەڭ كېيىن دېگەنلىرى 820-يىللىرى تىكلەنگەن. مۇشۇ ۋاقىتلاردىن باشلاپ ئۇلارنى رەسمىي ئوقۇپ يەشكەن ۋاقىت 1893-يىلىغىچە بولغان ناھايىتى ئۇزاق دەۋر كۆزدە تۇتۇلىدۇ) ئالىملار تەرىپىدىن يېشىپ، ئوقۇپ چىقىلغان مانا مۇشۇ مەڭگۈ تاشلار يەتكۈزگەن ئۇچۇرلار ئارقىلىق تارىخشۇناسلار قەدىمكى ۋە ئۇيغۇر خانلىقلىرى دەۋرىدىكى مەدەنىيەت سەمەرىلىرىدىن خەۋەردار بولۇشتەك ۋە ئۇلارنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشتەك پۇرسەتكە ئېرىشەلىگەن.

كىتاب سوۋغا قىلىش ــ ئىنسانلار تارىخىدا ئۇزاقتىن بېرى داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان بىر خىل مەدەنىيەت ھادىسىسى بولۇپ، ئۇزاق تارىخقا ئىگە. كىتاب باشقا سوۋغىلارغا ئوخشىمايدۇ، كىتابلار ئارقىلىق ئىنسانلار ناھايىتى زور نەپ ۋە لەززەتلەرگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ جەھەتتە كىتابنىڭ رولىغا ھەرگىز سەل قاراشقا بولمايدۇ. بۇ ھەقتە ئۇلۇغ شائىر فىردەۋسى 30 يىل بۇ كىتابنى يېزىپ (ئۆزىنىڭ «شاھنامە» ناملىق ئەسىرىنى دېمەكچى) ئىراننى قۇتقۇزۇپ قالدىم دەپ ئېيتقان. دېمىسىمۇ بۇ كىتابتا خاتىرىلەنگەن ئىران ۋە تۇران خەلقلىرىنىڭ ناھايىتى ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇرۇشلىرى خاتىرىلەنگەن. ئىراننى قۇتقۇزۇپ قالدىم دېگىنى بۇ كىتابتا شۇ دەۋردىكى ئىرانىيلارنىڭ تارىخى خاتىرىلىنىش ئارقىلىق ئەۋلادلارغا بۇ ھەقتىكى تارىخ ناھايىتى ئېنىق قالدۇرۇلغانلىق كۆزدە تۇتۇلغان.

ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدا مەدەنىيەت ئەربابلىرى ئۆزلىرىنىڭ ناھايىتى زور تىرىشچانلىقلار ئارقىلىق يېزىپ چىققان ئىلمىي ئەمگىكىنى شۇ دەۋردىكى ھۆكۈمدارلارغا سوۋغا قىلىش ئارقىلىق ئۇنى بىر تەرەپتىن ئەبەدىي مۇلۈك قىلىپ ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىش ۋە ئەۋلادلارنى ئۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىشنى ئۆزىگە يۈكلەنگەن مۇقەددەس ۋەزىپە دەپ قارىغان ھەمدە بۇ ئادەتنى خېلى يېقىنقى مەزگىللەرگىچە ساقلاپ داۋاملاشتۇرۇپ كەلگەن. ئۇلارنىڭ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك ئەمگەكلىرىنى ھۆكۈمدارلارغا تەقدىم ئېتىشنى نوقۇل ماددىي مەنپەئەت نۇقتىسىدىن تەھلىل قىلساق بىر تەرەپلىمىلىككە يول قويغان بولىمىز. مېنىڭچە ئۇنىڭدىكى ئەڭ مۇھىم ئامىل يەنىلا ئۆزىنىڭ ئەمگىكىنىڭ ئەۋلادلارغا يەتكۈزۈلۈپ ئەبەدىي ساقلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىشتىن ئىبارەت. چۈنكى ئۇ دەۋرلەردە بۈگۈنكىدەك تەرەققىي قىلغان نەشرىياتلار بارلىققا كەلمىگەن. كىتابلارنىڭ كەڭ دائىرىدە خەلق ئاممىسىنىڭ قولىغا يېتىپ كېلىشى ۋە ئۇلار تەرىپىدىن پايدىلىنىپ بەھرىلىنىشى ناھايىتى تەسكە توختايدىغان بىر دەۋردۇر. شۇنداق شارائىتتا كىتاب كۆچۈرۈش مەخسۇس كەسىپ ئاتكە ئايلانغان ۋە خۇدا يولىدا ساۋابلىق ئىش دەپ قارالغان. پۈتۈكچىلەر كېچە-كۈندۈز مۈكچىيىپ ئولتۇرۇپ كىتابلارنى قولىيازما ھالەتتىن كۆچۈرۈپ تارقاتقان. ئۇلارنى قەدىمكى زامان ئۇيغۇر مەدەنىيەت تارىخىدىكى كاتتا ئەزىمەتلەر دەپ سۈپەتلىمەي تۇرالمايمىز، ئەلۋەتتە. گابائىن قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ پۈتۈكچىلىكى ھەققىدە مۇنداق يازغان: «قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈش ئۇلۇغ ساۋابلىق ئىش (قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدا بۇيان دېيىلگەن) دېگەن چۈشەنچىسىدىنمۇ بۇنى باياقاش مۇمكىن (چۈنكى دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈش ئۈچۈن ناھايىتى كۆپ كۈچ تەلەپ قىلىناتتى). خۇددى يايلاق

تۈركلىرى ئەجەل تېشى (بالبال)نىڭ ئىقتىدارى ئۆلگۈچىگە
ئۆتىدۇ دەپ ئىشەنگەنگە ئوخشاش قۇچۇ ئۇيغۇرلىرىدىمۇ
دىنىي كىتابلارنى كۆچۈرۈشنىڭ ساۋابلىق ئىش ئىكەنلىكـ
گە ئىشىنەتتى. بۇددا ۋە مانى دىنى كىتابلىرىنىڭ كۆچۈـ
رۈلگەن نۇسخىلىرىنىڭ ئاخىرىغا ھەمىشە خاتىمە يېزىلاتتى.
خاتىمىدە دائىم مۇنداق گەپلەر ئۇچرايدۇ، كۆچۈرۈلگەن
كىتابلارنىڭ بىرىنچى ساۋابى ئالدى بىلەن خان سارىيىغا،
ئاندىن مەرھۇم ئاتا ـ ئانىلارغا، ئاندىن قالسا ئۇرۇق ـ
تۇغقان ۋە دوست ـ بۇرادەرلەرگە بولسۇن»⑩.

**ئۇلۇغ ئالىم، تىلشۇناس مەھمۇد كاشغەرىي ۋە
ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»**

تارىخىي مەلۇماتلارغا قارىغاندا ئەڭ دەسلەپ ئالىم
مەھمۇد كاشغەرىي ئۆزىنىڭ شاھ ئەسىرى «دىۋانۇ لۇغەـ
تىت تۈرك» نى ئەينى دەۋردىكى ئەرەب ئابباسىيلار خەـ
لىپىلىكىنىڭ 27 ـ خەلىپىسى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا بىننى مۇقـ
تەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلغان.

مەھمۇد كاشغەرىي قاراخانىلارنىڭ خان جەمەتىدىن
بولۇپ، ئۇ تەخمىنەن 1008 ـ يىلى تۇغۇلۇپ (ئىلگىرىكى
كىتابلاردا 1005 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ قەيت قىلىنىپ كېلىنـ
گەنىدى، يېقىندا 1008 ـ يىلى تۇغۇلغان دېگەن قاراش بىر
قەدەر ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىمەكتە) 97 يېشىدا ئالەمدىن
ئۆتكەن. ئۇ ئەينى دەۋردە ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تۈركىي
تىللىق خەلقلەرنىڭ كەڭ دالا ـ سەھرالىرىنى ئايلىنىش ۋە
ئۆزىنىڭ ئەسىرىگە ماتېرىيال توپلاش ئۈچۈن 1058 ـ يىلى
قەشقەردىن يولغا چىقىپ 15 يىلغا يېقىن دالا تەكشۈرۈش
ئارقىلىق ئۆزىنىڭ بۇ شاھانە ئەسىرىنى يېزىپ چىققان.
مىلادى 1072 ـ يىلدىن 1076 ـ يىلغىچە بولغان ئارىلىقتا
بۇ ئەسەرنى ئىلگىر ـ ئاخىر بولۇپ تۆت قېتىم تۈزىتىپ
ئەرەب ئابباسىيلار خەلىپىلىكىنىڭ پايتەختى، قەدىمىي مە
دەنىيەتلىك شەھەر باغدادتا خەلىپىلىكنىڭ 27 ـ سى ئوبۇلقا ـ
سىم ئابدۇللا بىننى مۇقتەدى بىئەمرۇللاغا تەقدىم قىلىنـ
غان. ئاپتور ئۆز ئەسىرىنىڭ بېشىدىلا بۇ كىتابنى ئۇنىڭغا
تەقدىم ئېتىش ۋە بۇ ئەسەرنى يېزىشتىكى مۇددىئاسى سۆـ
پىتىدە ئەبەدىي يادىكارلىق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بىر
بايلىق بولۇپ قالسۇن دەپ ئۇلۇغ تەڭرىگە سېغىنىپ بۇ
كىتابنى تۈزۈپ چىقتىم ۋە ئۇنىڭغا «دىۋانۇ لۇغەتىت
تۈرك» دەپ ئات قويدۇم، بۇ كىتابنى پەيغەمبىرىمىزنىڭ
مۇقەددەس ئورنىدا ئولتۇرغان ھاشىم ئۇرۇقىدىن ۋە ئابـ
باسىيلار سۇلالىسىدىن يولباشچى بولغان خوجىمىز، ئىگەـ
مىز، مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ۋە تەڭرى تەيىنلىگەن خەلىپە
مۇھەممەد ئوغلى ئوبۇلقاسىم ئابدۇللا مۇقتەدى بىئەمرۇللا
ھەزرەتلىرىگە ئارمىغان قىلدىم»⑪.

مەھمۇد كاشغەرىينىڭ يۇقىرىقى ئەسىرىدىن باشقا يەنە
««تۈركىي تىللارنىڭ نەھۋىگە ئائىت جەۋھەرلەر» ناملىق
يەنە بىر پارچە ئەسەرنى يازغانلىقىنى تىلغا ئالغان» ⑫. بۇ
كىتاب تا ھازىرغىچە بىرەر يەردە بايقالغانلىقى ھەققىدە مە ـ
لۇمات يوق. بۇ ئېھتىمال ئۇيغۇرلار تارىخىدا يۈز بەرگەن
بىر قانچە قېتىملىق كىتاب كۆيدۈرۈشتەك قارا دولقۇندا
كۆيۈپ كۈلگە ئايلانغان بولۇشى مۇمكىن.

بۇ ئەسەر 11 ـ ئەسىردىن بۇرۇنقى قەدىمكى تۈركىي
تىللىق خەلقلەرنىڭ تىلى، ئىجتىمائىي تۇرمۇشى، تارىخى،
ئەدەبىياتى، ئۆرپ ـ ئادەتلىرى، پەلسەپىۋى كۆز قاراشلىـ
رى، تېبابەتچىلىكى، ھەربىي ۋە ئىقتىسادىي تۇرمۇشى،
ئەلنى ئىدارە قىلىش ئۆرنەكلىرى، مىللەتلەرنىڭ جۇغراپىـ
يەلىك جايلىشىشى ۋە پىسخىك ئالاھىدىلىكى جەھەتتىن
بىزنى بىرىنچى قول ماتېرىيال بىلەن تەمىنلەپلا قالماستىن،
بەلكى يەنە ئۇزاق قەدىمكى دەۋرلەردىن باشلاپ مەھمۇد
كاشغەرىي ياشىغان دەۋرگىچە بولغان يىراق قەدىمكى تا ـ
رىخنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان شېئىر ـ قوشاقلار، رۇبائىي،
مەرسىيە، ماقال ـ تەمسىللەر ۋە ھېكمەتلىك سۆزلەردىن مۇـ
پەسسەل مەلۇمات بېرىدۇ.

**بۈيۈك شائىر، مۇتەپەككۇر ۋە دۆلەت ئەربابى
يۈسۈپ خاس ھاجىپ ۋە ئۇنىڭ شاھ ئەسىرى «قۇ ـ
تادغۇبىلىگ»**

يۈسۈپ خاس ھاجىب 1018 ـ، 1019 ـ يىللىرى قارا ـ
خانىلار خانلىقىنىڭ يەنە بىر مەدەنىيەت مەركىزى بالاسا ـ
غۇندا تۇغۇلغان. ئۇنىڭ «قۇتادغۇ بىلىگ» ناملىق ئەسە ـ
رىنى ئۇ ئۇزاق مۇددەت توپلىغان ھاكىمىيەت باشقۇرۇش
بىلىملىرى ۋە تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن يېزىپ چىققان
بولۇپ، بۇ قاراخانىلارنىڭ ھاكىمىيىتىنى مۇستەھكەملەش،
دۆلەتنى قانۇنىي ئاساسقا ئىگە قىلىپ قۇرۇپ چىقىش،
قاتمال قۇرۇلمىلارنى ئىسلاھ قىلىش، قانۇن ـ تۈزۈملەرنى
مۇستەھكەملەش توغرىسىدىكى پروگرامما خاراكتېرلىك
ئەسەردۇر. ئۇ بۇ ئەسىرىنى 1070 ـ يىلى پۈتكۈزۈپ شۇ
يىلى قاراخانىلارنىڭ خانى ھەسەن بۇغراخانغا نورۇز سوۋ ـ
غىسى سۈپىتىدە سوۋغا قىلغان»⑭. بۇنىڭدىن باشقا

www.uyghurkitap.com



يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ 1080ـ يىلى ۋە 1082ـ يىلى
«قامۇس»، «سىياسەتنامە» قاتارلىق ئەسەرلەرنىمۇ ياز-
غانلىقى قەيت قىلىنىدۇ»⑮.

ئاپتور ئەسىرىنىڭ بېشىدا «ئەلگ سۆيۈملۈك پەرزەن-
تىم، مەن سىلەر ئۈچۈن شۇنچە مۇشەققەت چېكىپ، ھاياتـ
لىق ئۇلۇغلارنى پۈختىلىۋېلىشىڭلار ئۈچۈن ئىش-ھەرىـ
كەت ۋە يولۇغلارنىڭ قانداق بولۇشى كېرەكلىكى ھەققى-
دە «قۇتادغۇ بىلىگ» ئەسىرىمنى سىلەرگە مىراس قالدۇر-
دۇم، ھەرقاچان يولۇغلاردىن ئازماي ئۇشبۇ يول بىلەن
ماڭغايسىلەر، بۇ دۇنيانى ئىزدىسەڭلارمۇ يول مۇشۇ، ئۇ
دۇنيانى ئىزدىسەڭلەرمۇ يول مۇشۇ»⑯ دەپ ئۆزىنىڭ
كىتابىنى نېمە ئۈچۈن يازغانلىقىنى قەيت قىلغان.

بۇ ئەسەر قايسى ئەل پادىشاھلىقىغا، قايسى ئىقلىمغا
يەتسە ئۈزلۈكى ۋە پەۋقۇلئاددە گۈزەللىكىدىن شۇ ئەلنىڭ
ھېكىملىرى بىلەن ئالىملىرى قوبۇل قىلىپ ئۇنىڭغا ھەر
تۈرلۈك ئات ۋە لەقەم بەرگەن. چىنلىقلار «ئەدەبۇل
مۇلۇك» (ئەمىرلەرنىڭ ئەدەپ-قائىدىلىرى)، ماچىن ھې-
كىملىرى «ئايىنۇل مەلىكە» (مەملىكەت دەستۇرى)، مەش-
رىقلىقلەر «زىننەتۇل ئۇمرا» (ئەمىرلەر زىننىتى)، ئىرانلىق
لار «شاھنامەئى تۈركىي» دەپ ناملارنى بەرگەن. يەنە
بەزىلەر «پەندنامە مۇلۇك» (ئەمىرلەرگە نەسىھەت)، تۇ-
رانلىقلار «قۇتادغۇ بىلىگ» (بەخت كەلتۈرگۈچى بىلىم)
دېگەندەك ناملار بىلەن ئاتىغان»⑰.

**چوس گىخودزېر ۋە ئۇنىڭ «گىرامماتىكا»
ناملىق كىتابى**

چوس گىخودزېر 13ـ، 14ـ ئەسىرلەردە ياشىغان
ئۇيغۇر تىلشۇناسى ۋە ئالىمى. ئۇ شىنجاڭدىن يۈەن سۇلا-
لىسى ئوردىسىغا جەلپ قىلىنغان ئۇيغۇر زىيالىيلىرى ئارىسى-
دا كۆپ تەرەپلىمە ئىقتىدارغا ئىگە بىلىم ئىگىسى، تەدبىر-
لىك سىياسىيون، دانا مۇتەپەككۇر، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىل-
لىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن تىلشۇناس ۋە ئالىم سۈپىتىدە تو-
نۇلغان ھەمدە «دۆلەت ئۇستازى» دېگەن پەخرىلىك
نامغا ئىگە بولۇپ، ئوردىدا ئەتىۋارلىنىپ ئىشلىتىلگەن.

چوس گىخودزېر قۇبلايخاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن
«گىرامماتىكا» ناملىق بىر كىتاب يازغان بولۇپ، ئۇنىڭدا
موڭغۇل تىلىنىڭ گىرامماتىكا قائىدىلىرى بايان قىلىنغان.
بۇ كىتاب ئارقىلىق موڭغۇل تىلىنىڭ ئىملا قائىدىسى ۋە
تەلەپپۇزىنى توغرىلاش قائىدىلىرىگە ئاساس سېلىنغان. ئۇ
ئۇيغۇر يېزىقى ئاساسىدا تاتاتۇڭا تەرىپىدىن ئىجاد قىلىن-
غان موڭغۇل يېزىقىنى بىر قەدەر سىستېمىلىق ئىسلاھ
قىلىپ چىققان بولۇپ، بۇرۇنقى يېزىقتىن پەرقلەندۇرۇپ
چىقىش ئۈچۈن «يېڭى موڭغۇل يېزىقى» دەپ ئاتالغان
ھەمدە موڭغۇل ئەدەبىي تىلىنى قېلىپلاشتۇرۇش جەھەتتە
ناھايىتى مۇھىم رول ئوينىغان.

ئەنسارى ۋە ئۇنىڭ «نادىر نومىلار يەشمىسى»،
«نەسر نامىدىن پارچىلار»، «نەسرنامە»، «ئەلنى ئىدا-
رە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر»، «دورا ئۆ-
سۈملۈكلەر» قاتارلىق تەرجىمە ئەسەرلىرى

ئەنسارى يۈەن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۇيغۇرلار ئىچى-
دىن چىققان مەشھۇر تەرجىمەشۇناس بولۇپ، تەخەللۇسى
«گوباۋ» (دۆلەت گۆھىرى) ئىدى.

«يۈەن سۇلالىسى يېڭى تارىخى»نىڭ 192ـ جىلدىدا
دېيىلىشىچە، ئۇنىڭ ئاتا-بوۋىلىرى بېشبالىقتا ئولتۇرۇش-
لۇق بۇددىست ئۇيغۇرلار بولۇپ، ئۇ كىچىكىدىن باشلاپلا
بۇددا نوملىرىنى ئوقۇغان ۋە كۆڭزى تەلىماتلىرىنى
پىششىق ئۆگەنگەن. مۆڭكۈ خان تەختكە ئولتۇرغان يىللى-
رى (مىلادى 1251ـ يىللىرىدىن 1259ـ يىلىغىچە) ئوردا تە-
رىپىدىن ئىلمىي خىزمەتكە تەكلىپ قىلىنغان. قۇبلايخان
تەختكە ئولتۇرغان يىلى (1260ـ يىلى) ئەنسارى تەرجىمە
قىلغان ئون جىلدلىق بۇددا نومى «نادىر نوملار يەشمە-
سى»نى قۇبلايخانغا تەقدىم قىلغان. قۇبلايخان ئۇنى
ئوردىنىڭ كاتىباتلىق، تىلماچلىق ئىشلىرىغا قاتناشتۇرغان.
ئالدىنقى سۇلالىلەرنىڭ تەجرىبە-ساۋاقلىرىدىن خەۋەردار
بولۇش ئۈچۈن، قۇبلايخان ئۇنى يەنە مەخسۇس تارىخىي
ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا بۇيرۇغان.

ئۇ دەسلەپ بۇ بۇيرۇققا ئاساسەن «نەسرنامىدىن
پارچىلار» ناملىق كىتابنى خەنزۇچىدىن موڭغۇلچىغا تەر-
جىمە قىلغان. ئىككىنچى قېتىمدا يەنە «جىنگۇەن يىللىرى-
دىكى مۇھىم سىياسىي ئىشلار» ناملىق كىتابنى تەرجىمە
قىلغان. بۇ كىتابنىڭ موڭغۇل تىلىغا تەرجىمە قىلىنىشى قۇب-
لايخان ۋە ئۇنىڭ قول ئاستىدىكى موڭغۇل-ئۇيغۇر ھۆ-
كۈمرانلىرىنىڭ يۇرتدارچىلىق ئىشلىرىغا پايدىلىق بولۇپلا
قالماي، بەلكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ۋە تەجرىبە-
ساۋاق يەكۈنلەشتە ناھايىتى چوڭ رول ئوينىغان.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەنە «ئىبرەتنامە» ناملىق كى-
تابنى تەرجىمە قىلىپ قۇبلايخانغا سوۋغا قىلغان. بۇ كىتابتا

ئىلگىرىكى سۇلالىلەردىكى دىۋان بەگلىرى بىلەن ۋەزىرتۆرىلەرنىڭ ئاچچىق ساۋاقلىرىنى، ئىچىنىشلىق ئاقىۋەتلىرى ۋە ئۇنىڭغا كۆرۈلگەن چارە-تەدبىرلەر بايان قىلىنغان. ئەنسارى بۇ تەرجىمە ئەسىرىنى قۇبلايخانغا ھاكىمىيەت باشقۇرۇشقا پايدىلىنىشى ئۈچۈن تەقدىم قىلغان. ئەينى ۋاقىتتا ئەنسارىنىڭ ئوردا ئىچىدىكى تەسىرىمۇ خېلى يۇقىرى بولغاچقا، ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان ۋە قەلەمكەشلەر ئارىسىدا يۇقىرى ھۆرمەتكە ئىگە بولغان.

كېيىنكى ۋاقىتلار ئۇ بۇنىڭلىق بىلەنلا قالماي يەنە سىماگۇاڭنىڭ «ئەلنى ئىدارە قىلىشقا پايدىلىق ئومۇمىي ئۆرنەكلەر» ناملىق تارىخي ئەسىرىنى، تېبابەتچىلىككە ئائىت ئەسەرلەردىن «كۆپ ئۇچرايدىغان قىيىن كېسەللىكلەر دەستۇرى»، «دورا ئۆسۇملۇكلەر» قاتارلىق كىتابلارنىمۇ تەرجىمە قىلىپ قۇبلايخانغا سوۋغا قىلغان»⑱.

ئۇ 1293-يىلى ۋاپات بولغىچە مانا مۇشۇنداق ئەھمىيەتلىك ۋە ئىلمىي تەرجىمە ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللانغان.

**مىرزا ھەيدەر كوراگان ۋە ئۇنىڭ «تارىخي رەشدى» ناملىق ئەسىرى**

مىرزا ھەيدەر كوراگان 1550-يىلى تاشكەنتتە دۇنياغا كەلگەن، ئاتىسى مۇھەممەد ھۇسەيىن 1508-يىلى شەيبانىخان تەرىپىدىن ھىراتتا ئۆلتۈرۈلگەندە، ئۇ بۇخاراغا قېچىپ كەلگەن ۋە بۇ يەردە ۋاقىتلىق پاناھلانغان.

ئۇ 1509-، 1513-يىللىرى نەۋرە ئاكىسى بابۇر شاھنىڭ ھۇزۇرىدا بولغان. ئۇ بۇ جەرياندا بابۇر بىلەن سەمەرقەنت ۋە بۇخارالارغا قارىتا ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە قېتىملىق ھەربىي يۈرۈشلەرگە قاتناشقان. ئۇ 1513-يىلى سەئىدىخاننىڭ يېنىغا كەلگەن بولۇپ تاكى سەئىدىخان ۋاپات بولغان 1533-يىلغا قەدەر 20 يىلدا سۇلتان سەئىدىخان بىلەن ھاكىمىيەت ئىشلىرىدا بىللە بولغان.

سۇلتان سەئىدىخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ئابدۇرەشىدخان تەختكە ۋارىسلىق قىلغان، ئەينى ۋاقىتتا ئابدۇرەشىدخان ئاقسۇنىڭ ھاكىمى ئىدى. دادىسىنىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن دەرھال يەكەنگە كەلگەن. ئابدۇرەشىدخان يېڭى يىلنىڭ 1-كۈنى كېلىپ تەختكە ئولتۇرغىنى ياخشى دېگەن مەسلىھەتنى ئۇنىڭغا يەتكۈزگۈچىلەر مىرزاھەيدەر ۋە ئۇنىڭ تاغىسى سەئىد مۇھەممەد مىرزىلارنىڭ خانلىق تەختكە ئابدۇرەشىدخاننىڭ ئىنىسى ئىسكەندەرخاننى ئولتۇرغۇزۇشنى قەستلەپ، ۋاقىتنى كەينىگە سۈرۈۋاتقان بولسا كېرەك، دەپ خاننى ئىشەندۈرگەن. شۇنىڭ بىلەن ئابدۇرەشىدخان ھەق-ناھەقنى سۈرۈشتۈرمەستىنلا ئۇنىڭ ئالدىغا سالامغا چىققان سەئىد مۇھەممەد مىرزا ۋە بىر قانچە ئوردا ئاقساقاللىرىنى قەتل قىلغان. مۇشۇنداق شارائىتتا، مىرزا ھەيدەر يەكەندىن چىقىپ كەشمىرگە كەتكەن.

ئۇ 1541-، 1546-يىللىرى كەشمىردە تۇرغان يىللىرىدا «تارىخي رەشدى» ناملىق كىتابىنى يېزىپ چىققان. ئاپتور ئەسلىي بۇ كىتابنى ئابدۇرەشىدخانغا بېغىشلاش ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىشنى كۆڭلىگە پۈككەن بولسىمۇ يۇقىرىدىكىدەك بىر قاتار سىياسىي ۋەقەلەر سەۋەبىدىن ئەمەلگە ئاشمىغان.

بۇ ئەسەرنىڭ بىر نۇسخىسى ھازىر لېنىنگراد، تاشكەنتتىكى بىر قىسىم مۇزېي ۋە كۇتۇپخانىلاردا ساقلانماقتا. ھازىرغىچە بۇنىڭ يەتتە خىل تىلدىكى تەرجىمە نۇسخىسى نەشر قىلىندى.



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com





**مۇھەممەد سدىق بەرشدى ۋە ئۇنىڭ «سدىقنامە» ناملىق ئەسرى**

مۇھەممەد سدىق بەرشدى 18 ـ ئەسردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى ۋە مۇتەپەككۇرى بولۇپ، 1715 ـ يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئىلىم ئىزدەش يولىدا ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر مەدرىسىلىرىدە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پىششىق ئۆگەنگەن. قانۇن، ئەدەبىيات ئىسلامىيەت پەنلىرى بويىچە ئۆز زامانىسىنىڭ ئەڭ كاتتا ئالىمى بولۇپ تونۇلغان.

ئۇ شەرق ئەللىرى مەدەنىيىتىنىڭ نەمۇنىلىرىنى ئۆگىنىش، تەتقىق قىلىش جەريانىدا 11 ـ ئەسىردە ئۆتكەن ئىران ئالىمى قابۇس ئىبنى ۋەشمىگىرنىڭ ئوغلى كىلانشاھقا ۋەسىيەت ئورنىدا يېزىپ قالدۇرغان «قابۇسنامە» ناملىق ئەسىرى بىلەن تونۇشقان. بۇ ئەسەرنىڭ ئىلھامى بىلەن ئۆزىمۇ شۇ ماۋزۇدا بىرەر ئەسەر يېزىشنى پىلانلاپ، خەلق ئارىسىغا چۆكۈپ ماتېرىيال توپلاش مەقسىتىدە قەشقەر، يەكەن، خوتەن، ئاقسۇ قاتارلىق جايلارنى ئارىلاپ يازماقچى بولغان ئەسەرنىڭ تىلى ۋە مەزمۇنى ھەققىدە قىممەتلىك ماتېرىياللارنى توپلىغان. نەتىجىدە شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ھاكىمى مۇھەممەد ئىبراھىم بەگ ئىبنى كىپىك بەگ ئوغلىنىڭ تەۋسىيەسى ۋە ياردىمى بىلەن 1785 ـ يىلى «سدىقنامە» نامىدا ئاتالغان دىداكتىك ئەسىرنى يېزىشقا باشلاپ 1787 ـ يىلى تاماملىغان.

بۇ ئەسەر دىداكتىك خاراكتېردىكى ئەسەر بولۇپ، 44 بابتىن تۈزۈلگەن. مەزمۇنى كەڭ، سىياسەت، پەلسەپە، قانۇن، ئەدەبىيات، دىن، ئەخلاق، تۇرمۇش ۋە ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ ھەمدە ئەسەردە ئىجتىمائىي تۇرمۇشتىكى مەسىلىلەر ھەققىدە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلغان.

**مۇھەممەد ئىۋەز بىن مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشى ۋە ئۇنىڭ «مەجمۇئەتۇل ئەھكام» ناملىق ئەسىرى**

شائىر مۇھەممەد ئىۋەز قاراقاشى مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشىنىڭ ئوغلى بولۇپ، 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەر ئارلىقىدا قاراقاشنىڭ ھازىرقى ماگلاي يېزىسى تەۋەسىدىكى مۇغاللا كەنتىدە ياشاپ، ئۆمرىنى ھەرقايسى پەنلەر ئىجتىھاتى ۋە تەتقىقاتى بىلەن ئۆتكۈزگەن.

ئۇ ئىلىم سۆيەر ئاتىسىنىڭ بىۋاستە تەربىيەلىشى ۋە ئائىلىسىدىكى قويۇق ئىلمىي كەيپىيات مۇھىتىدا ئەتراپلىق ئۆسۈپ يېتىلگەن شائىر ۋە ئالىمدۇر. دادىسى مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشى ئىلىمنىڭ قەدرىنى بىلىدىغان ۋە ئۆزىمۇ ئۆمرىنى ئىلمىي پائالىيەتلەر بىلەن ئۆتكۈزگەن ئادەم بولغاچقا، ئوغلىنى تەربىيەلەشكە ناھايىتى ئەھمىيەت بەرگەن. ئۇ ئۆزى ئوغلىنى بىۋاستە تەربىيەگە ئېلىپ، دىنىي ئىسلامنىڭ مۇقەددەس ئەھكاملىرىدىن تارتىپ تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي ھېساب، ئىلمىي نۇجۇم، يەتتە ئىقلىم، توققۇز ئەفلاك...» لارغىچە يېتەرلىك تەربىيەگە ئىگە قىلغان. ئاتىسىنىڭ كۆڭۈل قويۇپ تەربىيەلىشى نەتىجىسىدە ئۆزى ئۆگەنگەن ئىلىملەر بويىچە ئۇ زېھنى ئۆتكۈر ئالىم بولۇپ يېتىلگەن.

ئۇنىڭ بىزگە يېتىپ كەلگەن ئەسەرلىرىدىن «مەخدۇم ئەزەم»، «تەزكىرەئىي خوجا ئىسھاق» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلىرى ۋە «مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام» ناملىق كالېندارچىلىق ۋە ئىلمىي نۇجۇمغا ئائىت ئەسرى، شۇنداقلا بىر قىسىم شېئىرلىرى مەلۇم. «مەخدۇم ئەزەم»، «تەزكىرەئىي خوجا ئىسھاق» قاتارلىق تارىخىي ئەسەرلىرى 17 ـ، 18 ـ ئەسىرلەردە شىنجاڭدا بولۇپ ئۆتكەن زور سىياسىي، ئىجتىمائىي ۋەقەلەر ۋە تارىخىي شەخسلەر توغرىسىدا يېزىلغان.

ئاپتورنىڭ «مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام» ناملىق ئەسىرى ئاسترونومىيە، ماتېماتىكا، جۇغراپىيە، تارىخ، فىزىئولوگىيە ۋە ئەخلاق قاتارلىق پەنلەرنىڭ نۇقتىسىدا تۇرۇپ يېزىلغان بولۇپ، ئۇ ئۆزىدىن بۇرۇنقى مۇشۇ ساھەگە ئائىت ئىلىملەرنى توپلىغان، مۇشۇ ھەقتە ئۇچۇر بەرگەن. ئاپتور بۇ ئەسەرنىڭ بېشىدىلا مۇنداق يازغان: «بۇ پېقىر خاكسار، پەرىشان روزىگار مۇھەممەد ئىۋەز ئىبنى مەۋلانە سەدىرىدىن قاراقاشى... بىر كەلىمە ھۆكەما ئەھۋالىدىن ۋە تارىخ، ھېساب، جەمەل، توققۇز ئەفلاك، يەتتە ئىقلىم، ئاجايىبات ۋە غارايىباتى ئالەم، شەھەرلەر، قەلئەلەر، ئىلمىي ھەندەسە ۋە نۇجۇم، ئىلمىي ھەيئەت مۇقەددىماتى ئىلمىي ھېساب، پاراسەت ۋە ھۆكۈمدىن جەمئىي قىلىندى ۋە ‹مەجمۇئەتۇل ـ ئەھكام› دەپ ئات قويۇلدى»⑲ دەپ يازغان. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرىدىن ئۆزىدىن بۇرۇنقى ئوتتۇرا ئاسىيانىڭ ئاتاقلىق تەبىئىي پەن ئالىملىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى پىششىق ئۆگىنىپ تەتقىق قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاپتورنىڭ بۇ ئەسىرى شۇ زامان ئۇيغۇر تەبىئىي پەن تارىخىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللىق قىممەتكە ئىگە.

ئاپتور بۇ ئەسەرنى ئەينى ۋاقىتتىكى قاراقاش ھاكىمى مىرزا شاھباز بەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن يېزىپ چىققان ۋە ئاخىرىدا ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان.

**موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ «كەلىلە دەمنە» ناملىق تەرجىمە ئەسىرى**

موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي 18- ئەسىردە ياشىغان ئاتاقلىق تەرجىمان ۋە ئەدىبلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئەينى ۋاقىتتا كاشغەرىيدىكى مەدرىسلەردە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى ناھايىتى ياخشى ئىگىلىگەن تەرجىمە ئۇستازى، مەشھۇر خەتتات ۋە ئۆز دەۋرىنىڭ مۆتىۋەر ئۆلىمالىرىدىن بىرى بولۇپ تونۇلغان.

ئۇ ھىندى پەيلاسوپى بىد باي بىرەھمەنىڭ «كەلىلە دەمنە» ناملىق ئەسىرى بىلەن ئۇچرىشىش جەريانىدا بۇ ئەسەردىن كەڭ خەلق ئاممىسىنى بەھرىلەندۈرۈش ئۈچۈن ئۇنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىش ئارزۇسى تۇغۇلغان ۋە بۇ ئىشقا ھىجرىيەنىڭ 1131- يىلى تۇتۇش قىلىپ پارسچە تەرجىمە نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىشقا باشلىغان.

بۇ پەلسەپىۋى پىكىر - مۇلاھىزىلەرنى ئەكس ئەتتۈرگۈچى مەسەل خاراكتېرلىك ھېكايىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئەدەبىي ئەسەر بولۇپ، ئاپتور ئۇنىڭدا تۈرلۈك جانۋارلار ۋە ھايۋانلارنىڭ ھاياتى، ئۇلارنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە زىددىيەتلىرىنى بايان قىلىش شەكلى بىلەن كىشىلىك جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي جەريانى، پادىشاھلارنىڭ جەمئىيەت بىلەن بولغان مۇناسىۋىتى، تۈرلۈك گۇرۇھ ۋە تەبىقىلەرنىڭ ئۆزئارا مۇناسىۋىتى ۋە ھىيلىگەرلىك، ئالدامچىلىق ئۇسۇللىرىنى ئىپادىلەيدۇ.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىينىڭ بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىشقا شۇ ۋاقىتتىكى قەشقەر ھۆكۈمدارى مۇھەممەد ئىمام بەگ سەۋەب بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاپتور ئۆز تەرجىمىسىنى «ئاسار ئىمامىيە» دەپ ئاتىغان. ئەسەرنىڭ ھازىر ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسى تەرجىماننىڭ ئۆز قەلىمى ئارقىلىق يازغان نۇسخىسى بولۇپ، ئۇنىڭدىن تەرجىماننىڭ يۈكسەك قەلەم ماھارىتىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

موللا مۇھەممەد تۆمۈر كاشغەرىي بۇ ئەسەردىن باشقا يەنە پارس يازغۇچىسى ھۈسەيىن كاشىفىنىڭ «ئەخلاقۇل مۇھسىنىن» ناملىق ئەسىرىنى پارسچىدىن تەرجىمە قىلغان.

**موللا سىدىق يەركەندى ۋە ئۇنىڭ «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىنگە» ناملىق ئەسىرى**

موللا سىدىق يەركەندى 18-، 19- ئەسىرلەردە ياشىغان ئۇيغۇر ئالىمى ۋە يازغۇچىسىدۇر. ئۇ «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىنگە» ناملىق ئەسىرى بىلەن مەشھۇردۇر. يازغۇچى بۇ ئەسەرنى 1808- يىلى يەكەندە يازغان بولۇپ، نەۋائىينىڭ «خەمسە» ناملىق شېئىرىي داستانىنى نەسرىي شەكىلدە رومان قىلىپ تۈزۈپ چىققان. ئاپتورغا بۇ ئىشنى ئەينى ۋاقىتتىكى يەكەن ھاكىمى مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىن بەگ تەشەببۇس قىلغانلىقى ئۈچۈن ئاپتور بۇ ئەسەرگە «نەسرىي مىرزا مۇھەممەد ھۈسەيىنگە» دەپ نام بەرگەن ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان. ئۇنىڭغا «خەمسە» نىڭ «ھەيرەتۇل ئەبرار»، «لەيلى- مەجنۇن»، «سەددىي ئىسكەندەر» قاتارلىق داستانلار كىرگۈزۈلگەن.

**مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي ۋە ئۇنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» ناملىق ئەسىرى ۋە «تارىخ تەبەرى» ناملىق تەرجىمە ئەسىرى**

مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي 18-، 19- ئەسىرلەر ئارىلىقىدا ياشىغان ئاتاقلىق تارىخشۇناس، ئالىم ۋە يازغۇچى. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋاقتى ھەققىدە ئېنىق مەلۇماتلار يوق. پەقەت ئۇنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى)، «زۇبدەتۇل مەسائىل» (دىنىي مەسىلىلەر جەۋھىرى)، «تەزكىرەئىي ئەسھابۇل كەئىف» ناملىق ئەسەرلەرنى يازغانلىقىنى ۋە ئۆز دەۋرىدە بەك شۆھرەت تاپقانلىقىدىن خەۋەردارمىز.

ئۇنىڭ «تەزكىرەئىي ئەزىزان» (ئۇلۇغلار تەزكىرىسى) ناملىق ئەسىرى 1771- يىلى يېزىلغان بولۇپ، بۇ ئەسەرنى يېزىشقا ئەينى دەۋردىكى قەشقەر ھاكىمى مىرزا ئوسمان بەگنىڭ ئانىسى رىھىمخان ئاغىچا دەۋەت قىلغان ۋە يېزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان.

1840- يىلى ئۇ يەنە «زۇبدەتۇل مەسائىل» (دىنىي مەسىلىلەر جەۋھىرى)ناملىق ئەسىرىنى يازغان. بۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە 1846- يىلى ئەرەب تارىخشۇناسى تەبەرىنىڭ «تارىخ تەبەرى» ناملىق ئەسىرىنى تەرجىمە قىلغان ۋە بىر قانچە بابلارنى قوشۇپ «تارىخىي ئىسكەندىرىيە ۋە تاجنامە شاھى» ناملىق ئەسەرنى يازغان. بۇ ئەسەرنى تەرجىمە قىلىش ۋە يېزىشقا قەشقەر ھاكىملىرىدىن ئىسكەندەر بەگ تەشەببۇس قىلغانلىقتىن ئەسەر

ئۇنىڭ نامىغا بېغىشلانغان ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا سۈپىتىدە بېرىلگەن.

**ئابدۇرېھىم نىزارى ۋە ئۇنىڭ «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق ئەسىرى**

ئابدۇرېھىم نىزارى ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئۇلۇغ مۇتەپەككۇرى ۋە ئاتاقلىق رېئالىزمچى شائىرى. ئۇ 1770 - يىلى قەشقەر بۇلاقبېشى مەھەللىسىدە كىچىك قول ھۈنەرۋەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. ئۇ ئەينى ۋاقىتتىكى قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئوقۇپ ئەرەب، پارس تىللىرىنى پۇختا ئىگىلىگەن ۋە ئەرەب، پارس ئەدەبىياتى پېشۋالىرىنىڭ ئەسەرلىرىدىن ئوزۇق ئېلىشقا باشلىغان.

ئۇ ئۆمرىنىڭ 60 نەچچە يىلىنى ئوقۇش، ئوقۇتۇش، كاتىپلىق ۋە ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن ئۆتكۈزگەن. زوھۇردىن ھېكىمبەگ 1830 - يىلى ئۇنى ئوردىسىغا ئېلىپ كاتىپلىق خىزمىتىگە تەيىنلىگەن. بۇ خىزمەتنى ئۇ ئون نەچچە يىل قىلغان. ئۇ 1837 - يىلدىن كېيىن «مۇھەببەت داستانلىرى» ناملىق چوڭ ھەجىمدىكى ئەسەرنى يېزىشقا كىرىشىپ 1838 - يىلى تاماملىغان. ئەسەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى ناھايىتى كەڭ بولۇپ، «رابىيە - سەئىددىن»، «ۋامۇق - ئۇزرا»، «مەھزۇن - گۈلنىسا»، «پەرھاد - شېرىن»، «لەيلى - مەجنۇن» قاتارلىق داستانلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

شائىر بۇ ئەسىرىنى تۇرپان ۋالىيسى پىردەۋننىڭ تەكلىپى بىلەن قەشقەردىن تۇرپانغا بېرىپ يېزىپ چىققان بولۇپ، بۇنى زوھۇردىن ھېكىمبەگ تەشەببۇس قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەسىرى نەۋائىينىڭ «خەمسە» سىدىن كېيىن ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان ئەڭ چوڭ شېئىرىي داستاندۇر.

ئابدۇرېھىم نىزارى بۇنىڭدىن باشقا يەنە 1839 - يىللىرى زوھۇردىن ھېكىمبەگنىڭ تەشەببۇس قىلىشى بىلەن «دۇررۇل نىجاد» (نىجادلىق ئۈنچىلىرى) ناملىق ئەسەرنى يازغان. ئەسەر سوئال - جاۋاب شەكلىدە يېزىلغان بولۇپ، سوئال مۇدىر خۇدبىن ناملىق سەلبىي ئوبرازنىڭ ئېغىزىدىن بېرىلىپ جاۋاب مۇقبىل روشەندىل ناملىق ئىجابىي پېرسوناژ ئېغىزىدىن ئېلىنغان. ئەسەر تۈزۈلۈشى نەسرىي - نەزىم شەكلىدە بولۇپ، ئومۇمىي كىتاب 88 سوئالغا، 92 جاۋاب بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

**تۇردى نازىم غېرىبى ۋە «كىتاب غېرىب» ناملىق ئەسىرى**

تۇردى نازىم غېرىبى ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ 19 - ئەسىردىكى مەشھۇر ۋەكىللىرىدىن بىرى بولۇپ، ئۇ 1802 - يىلى قەشقەردە تۇغۇلغان. ئۇ ئابدۇرېھىم نىزارى بىلەن تونۇشۇپ ئۇنىڭ ياردىمىگە ئېرىشكەن. نىزارى ئۇنىڭ ئىلىمگە بولغان ئىشتىياقى ۋە ئىقتىدارىنى بايقاپ، ئۇنى خەتتاتلىق ئىشلىرىغا سالغان ۋە كېيىنرەك ئۇنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان كاتىبات ئىشخانىسىنىڭ كاتىپلىقىغا قويغان.

ئۇ 1837 - يىلى زوھۇردىن ھېكىمبەگنىڭ تەشەببۇسى بىلەن «كىتاب غېرىب» ناملىق ئەسىرىنى يېزىپ چىققان ۋە ئۇنىڭغا سوۋغا قىلغان. بۇ ئەسەر 2150 مىسرا بېيىتتىن تۈزۈلگەن شېئىرىي ماقالە بولۇپ، 36 ماۋزۇ، 58 سوئال - جاۋاب بىلەن تۈزۈلگەن.

**موللا نىياز خوتەنى ۋە ئۇنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىب» ناملىق ئەسىرى**

موللا نىياز خوتەنى 18 - ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ يىرىك نامايەندىلىرىدىن بىرى بولۇپ، 1777 - يىلى تۇغۇلغان ۋە 20 نەچچە يېشىدىن باشلاپ ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللىنىشقا باشلىغان. ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدە فېئودالىزمغا قارشى روھ جۇش ئۇرۇپ تۇرىدۇ، ئۇ ئۆمرىدە كۆپلىگەن نەزمە، تارىخ، ئىجتىمائىي ئەخلاققا ئائىت ئەسەرلەرنى يازغان بولۇپ، دەۋرىمىزگىچە يېتىپ كەلگەن 2080 مىسرالىق تارىخىي داستانى «تەزكىرەئى ئىمام زەبىبۇللا»، «ئەرزنامە» قاتارلىق ئەسەرلىرىدىن باشقا «قىسسەسۇل غەرايىب» ناملىق ئەسىرى بار.

شائىرنىڭ «قىسسەسۇل غەرايىب» ناملىق ئەسىرى خوتەن خانى ئابدۇلئەزىزنىڭ ھاۋالىسى بىلەن يېزىلغان بولۇپ، ئەسەرنىڭ بىرىنچى قىسمىدا، نوھ ئەلەيھىسسالامدىن باشلاپ چىڭگىزخانغىچە؛ ئىككىنچى قىسمىدا، چىڭگىزخاننىڭ ئەسلىي نەسەبى، تۇغۇلۇشى ۋە جەڭ قىرغىنچىلىقى؛ ئۈچىنچى قىسمىدا، ھومايۇن پادىشاھنىڭ نەسەبى توغرىسىدىكى ۋەقەلەر، قىسسەلەر ۋە رىۋايەتلەر بايان قىلىنغان. بۇ كىتابنىڭ ئەسلىي قوليازمىسى گۆيجۇ ئۆلكىلىك كۇتۇپخانىدا ساقلانماقتا.

**مۆجىزى ۋە ئۇنىڭ «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (مۇزىكانتلار تارىخى) ناملىق مۇزىكىغا ئائىت ئەسىرى**

مۆجىزى خوتەندە ئۆتكەن شائىر ۋە مۇزىكانت بولۇپ، تۇغۇلغان يىلى ئېنىق ئەمەس. ئۇ 1854-، 1855-يىللىرى «مۇزىكانتلار تارىخى» ناملىق ئەسەرنى يازغان.

ئۇ فېئودال دىنىي چەكلىمىلەر تۇپەيلىدىن تارىختا كۆمۈلۈپ قالغان مۇزىكا ئالىمى ۋە شائىر ئامانىنساخان نەفىسنى تارىختىكى 17 نەپەر مۇزىكا پىرى قاتارىغا كىرگۈزۈپ زور ھۆرمەت بىلەن خەلققە تونۇشتۇرغان ۋە قېدىرخان يەركەندىنىڭ نادىر مۇزىكا ئالىمى، تەڭداشسىز ناخشىچى ۋە ئۇستا شائىر ئىكەنلىكىنى، راۋاب بىلەن ئەشئارنى كەشىپ قىلغانلىقىنى، «ۋىسال» ناملىق بىر مۇقامنى ئىجاد قىلغانلىقىنى، مۇزىكا ئىلمى توغرىسىدا كۆپلىگەن ماقالىلەرنى يازغانلىقىنى، «دىۋان قېدىرى» ناملىق شېئىرلار توپلىمى بارلىقىنى، يەكەن خانلىقىنىڭ مەرىپەتپەرۋەر پادىشاھى سۇلتان ئابدۇرەشىدخاننىڭ كېچە-كۈندۈز ئايرىلمايدىغان ئەڭ يېقىن كىشىسى ئىكەنلىكىنى ۋە ئىران، ئىراق، تەبرىز، خارەزىم، بەلخ، شىراز قاتارلىق جايلاردىن كەلگەن شاگىرتلىرى بولۇپ ئۇلارغا مۇزىكا دەرسى ئۆتكەنلىكىنى يازغان»⑳. بۇ ئەسەر بۈگۈنكى كۈنگىچە ئۇيغۇر مۇزىكا تارىخىدا يېزىلغان تۇنجى ئىلمىي ئەسەر بولۇپ، بۇ ئارقىلىق بىز ئەينى دەۋر ئۇيغۇر مۇزىكىسىنى ۋە باشقا تۈركىي تىللىق مىللەتلەر مۇزىكىسىنى تەتقىق قىلىشتا بىرىنچى قول ماتېرىياللارغا ئىگە بولالايمىز.

بۇ ئەسەر ئەينى ۋاقىتتىكى خوتەن ھاكىمى ئەلىشىر بەگنىڭ ھاۋالىسى بويىچە يېزىلغان ۋە يېزىلىپ بولۇنغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا سوۋغا قىلىنغان.

ئىزاھاتلار:

① ③ رۇس ئالىملىرى كوللېكتىپ تۈزگەن: «ئۇيغۇرلار ۋە غەربىي يۇرتتىكى باشقا تۈركىي خەلقلەرنىڭ قىسقىچە تارىخى» (ئۇيغۇر سايرانى تەرجىمىسى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001-يىل نەشرى، 25-، 36-بەتلەر.

② چېڭ سولۇ: «ئۇيغۇر تارىخى ھەققىدىكى تەتقىقاتلار»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر تەتقىقاتى» ژۇرنىلى، 1989-يىللىق 2-سان، 101-بەت.

④ ئابدۇقەييۇم خوجا، تۇرسۇن ئايۇپ، ئىسرائىل يۈسۈپ: «قەدىمكى ئۇيغۇر يازما يادىكارلىقلىرىدىن تاللانما»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1984-يىل نەشرى، 1-، 23-بەتلەر.

⑥ ⑤ «بىزنىڭ تارىخىي يېزىقلىرىمىز»، شىنجاڭ ياشلار نەشرىياتى، 1986-يىل نەشرى، 11-، 16-بەتلەر.

⑧ ⑦ مۇيىڭ: «شىنجاڭنىڭ قەدىمكى قەغەزچىلىكى»، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 1979-يىل 3-ئاينىڭ 12-كۈنىدىكى سانى (خەنزۇچە).

⑨ ياسىن ھوشۇر، شى جىنبو: «ئۇيغۇرلارنىڭ مەتبەئە تېخنىكىسىغا قوشقان مۇھىم تۆھپىسى»، «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلى، 1998-يىل 1-سان، 184-بەت.

⑩ ئاننا مارىيا فون گاباين: «قارا قوچو ئۇيغۇر خانلىقى»، «شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى ئىلمىي ژۇرنىلى»، 1980-يىللىق 3-سان، 58-بەت.

⑪⑫⑬ مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى، 3-، 34-بەتلەر.

⑭⑮⑯⑰ يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «11-ئەسىر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىل نەشرى، 10-، 18-، 85-، 337-بەتلەر.

⑱ ئابلىز مۇھەممەد سايرامى، ئابدۇرازاق توختى: «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى، 121-، 125-بەتلەر.

⑲ ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» (ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئائىت قىسمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى، 165-بەت.

⑳ موللا ئىسمەتۇللا بىننى موللا نېمەتۇللا مۆجىزى: «تەۋارىخى مۇسىقىيۇن» (ئەنۋەر بايتۇر ۋە خەمىت تۆمۈرلەر نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1991-يىلى نەشرى، 2-بەت.


پايدىلانمىلار:

1. مەھمۇد كاشغەرىي: «دىۋانۇ لۇغەتىت تۈرك»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1981-يىلى نەشرى.

2. ئابلىز مۇھەممەد سايرامى، ئابدۇرازاق توختى: «يۈەن سۇلالىسىدە ئۆتكەن مەشھۇر ئۇيغۇر شەخسلەر»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.

3. ھاجى ئەخمەت: «دېڭىز ئۈنچىلىرى» قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989-يىلى 12-ئاي 2-نەشرى.

4. يارمۇھەممەد تاھىر تۇغلۇق: «11-ئەسىر ئۇيغۇر ئىدېئولوگىيەسى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.

5. ئابدۇللا سۇلايمان: «دۇنيادا بىرلا خوتەن بار» (ئەدەبىيات-سەنئەتكە ئائىت قىسمى)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2007-يىلى نەشرى.

6. ئابدۇشۈكۈر ئىمىن باھاۋۇدۇن تارىخ: «مەرىپەتچىنىڭ ئەمگىكى خەلق مىراسىدۇر»، «مىراس» ژۇرنىلىنىڭ 2006-يىللىق 5-سانى.



(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تارىخ ۋە مىللەتشۇناسلىق ئىنستىتۇتى شىنجاڭدىكى مىللەتلەر تارىخى كەسپىنىڭ 2009-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئۇيغۇر ئاياللىرى ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىنىڭ سىمۋوللۇق قاتلاملىرى

خالىدە دۆلەت

قەدىمكى دەۋردىكى ئۇيغۇر ئاياللار باش كىيىملىرى قۇم-بورانلاردىن ۋە يولدىن ئۆتكەنلەرنىڭ سىنچىلاپ قارىشىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن ئىدى. بۇ دەۋردىكى ئاياللار باش كىيىملىرىنىڭ پاسون نۇسخىلىرىدا روماللار ئاساسلىق سالماقنى ئىگىلىگەن بولۇپ، ماتېرىيالغا قاراپ، شايى (مىسقال داكا رومال)، يۇڭ رومال، تىۋىت رومال قاتارلىقلارغا، رەڭگى جەھەتتىن قوڭۇر، سېرىق ۋە كۆك رەڭلىك روماللارغا بۆلۈنۈشكە بولىدۇ.

ئۇيغۇر ئاياللىرى بۈگۈنكى تۇرمۇش ئىستېمالىدا ئۆزلىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىنى كىيگەندىن باشقا يەنە ماتېرىيالى، رەڭگى ۋە شەكلى ھەرخىل بولغان يېڭىچە شەكىلدىكى باش كىيىملەرنى قوبۇل قىلدى ھەم كىيىنىش ئادىتىگە ئايلاندۇردى. ئۇيغۇر ئاياللىرى ئادەتتە دوپپا كىيگەندىن تاشقىرى، بېشىغا يەنە ياغلىق، لېچەك، چۈمبەل سېلىپ (ئارتىپ)، تۇماق كىيىشنى ئۆزلىرىنىڭ كۈندىلىك تۇرمۇشىدىكى كىيىنىش ئادىتىگە ئايلاندۇرغان.

ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىدە ئىپادىلەنگەن سىمۋوللۇق قاتلاملار ھەققىدىكى ئىزدىنىشلىرىمىز بىزنى بۇرۇنقى نوقۇل مەنىدىكى ئۆرپ-ئادەت تونۇشتۇرۇشلىرى ئاساسىدا تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەدەنىيەتشۇناسلىق، جەمئىيەتشۇناسلىق ئىلىملىرىنىڭ گىرەلەشمە نۇقتىسىدا تۇرۇپ كۆزىتىشىمىزنى ئىلمىي دەلىل ۋە تەتقىقات تەپەككۇرى بىلەن تەمىنلەيدۇ.

**1) ئۇيغۇر ئاياللار باش كىيىملىرىنىڭ تەبىئىي**

**مۇھىتتا ئىپادىلىنىدىغان سىمۋوللۇق قاتلىمى:** «ئىنسان-
لار كىيىم- كېچەكنىڭ يارىتىلىش ۋە تەرەققىيات جەريانى-
دىن قارىغىنىمىزدا، كىيىم- كېچەكلەردىكى مەلۇم بىر خىل
ئۇسلۇب ۋە پاسوننىڭ مەيدانغا چىقىشىنى ئىنسانلارنىڭ
تەبىئىي مۇھىتقا ماسلىشىش ئېھتىياجىدىن ئايرىپ قارىغىلى
بولمايدۇ. يەنى ئىنساننىڭ مەلۇم خىل كىيىم- كېچەك ماتې-
رىيالىنى ۋە پاسونىنى تاللىشى ئۇنىڭ ياشىغان جۇغراپىيە-
ۋى شەرت- شارائىتى بىلەن بىۋاستە مۇناسىۋەتلىك بول-
دۇ. ئۇيغۇرلار تارىختىن بېرى كىيىم- كېچەككە ئالاھىدە
ئەھمىيەت بەرگەن ۋە شۇ يوسۇندا ئۆزگىچە مەدەنىيەت
فورماتسىيەسىنى بارلىققا كەلتۈرگەن» ①. ئۇيغۇر ئايالل-
رى باش كىيىمنىڭ پاسونى ۋە ماتېرىيالىنى تاللىغاندا
خۇددى كىيىم- كېچەك تاللىغانغا ئوخشاش ئوخشىمىغان
يەرلىك مۇھىت، ھاۋارايى ۋە پەسىلگە ماسلىشىشقا، تالل-
غان كىيىم بىلەن ئۆز بەدىنىنىڭ تەڭپۇڭلۇقىنى ساقلاشقا،
ئاستى- ئۈستى كىيىملىرى ۋە رەڭنىڭ ماسلىشىشىغا ئالاھ-
دە ئەھمىيەت بېرىدۇ. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئا-
ياللار باش كىيىملىرىنىڭ پاسون، ماتېرىيال ۋە رەڭگىنىڭ
تاللىنىشى تەبىئىي مۇھىتقا ماسلاشتۇرۇلغان ئاساستا ئېلىپ
بېرىلغان بولۇپ، بۇ دەل ئۇلارنىڭ مۇھىت ئېڭىدىكى
سىمۋوللۇق مەنىدىن دېرەك بېرىدۇ.

قىشلىق باش كىيىملەر، مەسىلەن، تۇماق تۇرىدىكە-
لىرى جۇۋا تۇرىدىكى ياكى قىشلىق باش كىيىملەر بىلەن
ماسلاشتۇرۇلىدۇ. ئەتىيازلىق ۋە يازلىق باش كىيىملەردىن
ھەرخىل گۈللۈك دوپپىلار ئائىلە مۇھىتى ۋە تالا مۇھىتى-
نىڭ ئۆزگىرىشىگە ئەگىشىپ كىيىلگەن كىيىملەر بىلەن ماس-
لاشتۇرۇلىدۇ. بۇرۇنلاردا ئۆيلۈك- ئوچاقلىق بولغاندىن
كېيىنكى ئاياللاردا دوپپا بىلەن ياغلىقنى ئەتىياز، ياز ۋە
كۈز پەسىللىرىدە ئۆزئارا كىرىشتۈرۈپ، ياغلىق ئۈستىگە
دوپپا قوندۇرىدىغان ئادەتلەر بار ئىدى، قىشتا ياغلىق
ئۈستىگە يەنە بىر قىسىم رايونلاردا تۇماق كىيدۈرىدىغان
ئادەتلەرمۇ بار ئىدى. ھازىر مورى، قەشقەر يېزىلىرىدا،
خوتەن سەھرالىرىدا ھېلىھەم ئاندا ـ مۇندا ئۇچراتقىلى بو-
لىدۇ. بۇ ھەقتىكى مەلۇماتلار ئەمەلىي تەكشۈرۈش جەريا-
نىدىكى ماتېرىياللاردىن ۋە 20- ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرى-
مىدا تارتىلغان ئېكسپېدىتسىيەچىلەرنىڭ سۈرەتلىرىدىن كۆ-
رۈۋالغىلى بولىدۇ.

**2) ئۇيغۇر ئاياللار باش كىيىملىرىنىڭ دىنىي ئې-**





**ئېتىقادتا ئىپادىلىنىدىغان سىمۋوللۇق قاتلىمى:** ئۇيغۇر
كىيىم- كېچەك مەدەنىيىتىنىڭ تارىخىي تەرەققىياتىغا نەزەر
سالىدىغان بولساق، ئۇيغۇرلار تارىختا ئىلگىرى- ئاخىر
بولۇپ تەبىئەتكە ۋە تۇتېمغا چوقۇنۇشتىن باشقا يەنە
شامان دىنى، زوروئاستىر دىنى، مانى دىنى، بۇددا دىنى،
نېستورىئان دىنى ۋە ئىسلام دىنى قاتارلىق دىنلارنىڭ تە-
سىرىدە، ئوخشىمىغان تارىخىي دەۋرلەردىكى كىيىم-
كېچەك سەنئىتى ۋە كىيىنىش ئادىتىدە پەرقلەرنى شەكىل-
لەندۈرگەن. مەسىلەن، مانى دىنىدىكى دىنىي فورما ئاق
رەڭلىك باش كىيىم ۋە ئاق پەرىجىنىڭ تەسىرى، ئىسلام
دىنىدىكى ئاياللارنىڭ چۈمپەردىسى ۋە ئەرلەرنىڭ سەلل-
سى قاتارلىق كىيىم- كېچەكنىڭ دىنىي ئېتىقاد شەكلىدىكى
مۇھىم رولىنى تەكىتلەيدۇ. «گەرچە ئۇيغۇرلار ئىسلام دى-
نىغا ئېتىقاد قىلغىلى 1000 يىلدىن ئاشقان ۋە بۇ جەرياندا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئىلگىرىكى ئېتىقاد ئىزلىرى بىلگۈسىز دەرىجىدە سۇسلاپ كەتكەن بولسىمۇ، ئەمما كىيىم-كېچەك سەنئىتى ئارقىلىق خاتىرىلەنگەن ئېتىقاد ئىزلىرى دەۋر سىناقلىرىدىن ئۇتۇقلۇق ئۆتۈپ، زامانىمىزغىچە يېتىپ كېلەلىگەن ھەمدە ئىسلام دىنىي يېپىنچىسى، تۇرمۇش ئېھتىياجى ۋە ئېستېتىك ئۆلچەم شارائىتىدا ئۆزىنى ساقلاش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلىگەن» ②. ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ چۈمپەردىسىنى بۇنىڭ دەلىلى سۈپىتىدە مىسالغا ئالىمىز.

چۈمبەل ئارتىش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئاساسلىق باش كىيىملىرىنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇ ئىسلام دىنىدىكى قائىدە-يوسۇنلاردىن كەلگەن. ئىسلام دىنىدىكى قائىدىلەرگە ئاساسلانغاندا، ئاياللارنىڭ قول ۋە پۇتىدىن باشقا پۈتۈن بەدەن ئەزالىرىنى (يەنى چاچمۇ بۇنىڭ ئىچىدە) ئېچىپ يۈرۈش «مەكرو» «ئۇياتلىق ئەزا» دەپ قارىلىدۇ. چوقۇم يۆگەپ يۈرۈشنى، ئېرى ۋە يېقىن ئۇرۇق-تۇغقانلىرىدىن سىرت ئەرلەرگە كۆرسەتمەسلىكنى، شۇنداقلا مۇناسىۋەتسىز ئەر زاتىغا ئۆزىنىڭ بېزەكلىرىنى كۆرسەتمەسلىكنى تەشەببۇس قىلىدۇ، دېمەك، يۇقىرىقى تەلەپنى نوقۇل دىنىي ئېتىقادنى ئىپادىلەشنىڭ بىر قىسمى دەپ قاراپ قالماي، بەلكى چۈمپەردىنى ئاياللارنىڭ شەخسىي بايلىقىنىڭ ۋە ئەرلەرنىڭ تاجاۋۇزىغا، ئاۋارىچىلىقىغا ئۇچرىماسلىقىنىڭ ئالدىنى ئېلىشتا مەلۇم جەھەتتە رول ئوينىغان دەپ ئېيتىشقا بولىدۇ. ئىسلام دىنىدىكى ئاياللارنىڭ كىيىم-كېچەككە قويغان تەلەپ ۋە تەشەببۇسلىرى كېيىنچە ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىنىش ئادەتلىرىنىڭ بىرىگە ئايلانغان.

**3) ئۇيغۇر ئاياللار باش كىيىملىرىنىڭ تەبىقە قاتلىمى:** ئىنسانلارنىڭ باش كىيىم كىيىشى ۋە زىننەت بۇيۇمى تاقاشتىكى مەقسەتلىرىنىڭ بىرى بولسا تەبىقە ۋە جەمئىيەتتىكى ئورنىنى ئىپادىلەشتۇر. بۇ خىل كىيىم-كېچەك يەنى باش كىيىم ئارقىلىق تەبىقە ئايرىش سىنىپىي تەبىقە ئايرىلغان زامانلاردىن باشلاپلا ئادەتكە ئايلانغان ھادىسىدۇر. ئارخېئولوگىيەلىك ماتېرىياللاردىكى بايانلارغا ئاساسلانغاندا، ئەينى دەۋردىكى ئاياللار ئۇچىسىدىن تېپىلغان تۈرلۈك قالپاق، تۇماق ۋە رومالللارنىڭ ماتېرىيالى، تىكىلىشى شۇنداقلا شۇ ئايال جەسەتلەرنى تەسۋىرلىگەن بايانى ۋە بىر پۈتۈن كىيىنىشكە ئاساسەن مەلىكە، خانىش ۋە ياكى شۇ خانلىق زامانىدىكى ئېسىلزادىلەر كۆپرەك كىيگەن بولۇشى مۇمكىن دەپ پەرەز قىلىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، «شىۋېتسىيەدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرى توغرىسىدا» ③ ناملىق ماقالىدا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىيىنىشى يەنى باش كىيىمگە ئائىت بايانلاردا ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ كىيىم-كېچەك ۋە زىبۇ-زىننەتكە ھېرىسمەن بولۇپ، ئۇلارنىڭ بۇنى ھەتتا ئىجتىمائىي ئورنىنى بەلگىلەشنىڭ ئۆلچىمى دەپ قارايدىغانلىقى تىلغا ئېلىنغان ۋە باي ئاياللارنىڭ، مۆتىۋەرلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇشى توغرىسىدا خاتىرە قالدۇرغان.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئەينى دەۋردىكى ئاياللار كىيىم-كېچەك ۋە زىبۇ-زىننەتلىرى ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت، ئورۇن ۋە دەرىجىلىرىنى ئايرىغان ۋە پەرقلەندۈرگەن. ھازىرقى دەۋردىكى قىز-ئاياللارنىڭ كىيىنىشىگە دىققەت قىلىدىغان بولساق، ئۇلارنىڭ كىيىنىش ئالاھىدىلىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرى بىلەن خېلىلا چوڭ پەرق ھاسىل قىلغان بولۇپ، شەھەر بىلەن يېزىنىڭ ئالاھىدىلىكىمۇ ئۆزگىچە. باش كىيىملەردىكى بۇ خىل پەرق خېلى روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. بۇ خىل پەرق ئاياللارنىڭ مەقسەتلىك ھالدا ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيەت ۋە ئورنىنى پەرقلەندۈرۈشتىكى ئۇرۇنۇشىدىن كېلىپ چىقمىسىمۇ، لېكىن بۇنى ئۇلارنىڭ كىيىنىش ۋە ياسىنىشىنى ئۆزلىرىنىڭ سالاھىيىتىگە، ئورنىغا، يۈرۈش-تۇرۇشىغا ماسلاشتۇرۇشقا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىدىغانلىقىدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ.

**4) ئۇيغۇر ئاياللار باش كىيىملىرىنىڭ مۇراسىملاردا ئىپادىلىنىدىغان سىمۋوللۇق قاتلىمى:** كىيىم-كېچەك ئىنسانلارنىڭ تۈرلۈك ئىجتىمائىي پائالىيەتلىرىدە ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ، شۇنداقلا كىشىلەر ئۇچىسىغا ئارتىلغان مەلۇم خىل كىيىم-كېچەك ئارقىلىق قاتناشماقچى بولغان ئىجتىمائىي سورۇننىڭ خاراكتېرىنى كۆرۈپ چۈشىنەلەيدۇ. مۇنداقچە ئېيتقاندا، كىيىم-كېچەكلەر بولمىسا ئىنسانلار تۇرمۇشىدىكى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇراسىملار، مەلۇم نۇقتىدىن ئالغاندا، كۈچلۈك جەلپ قىلىش كۈچى ۋە تەسىرلەندۈرۈش كۈچىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۆز تۇرمۇشىدا كىيىم-كېچەكنىڭ ئىجتىمائىي مۇراسىملاردىكى سىمۋوللۇقىغا، ئورنى ۋە رولىغا ناھايىتى ئەھمىيەت بېرىپ كەلگەن. ئۇيغۇرلارنىڭ تارىخ-مەدەنىيىتىگە نەزەر سالغىنىمىزدا، تۈرلۈك ئىجتىمائىي

مۇراسىملارنىڭ ئۆلارنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى مۇھىم ئو-
رۇنغا ۋە ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىكەنلىكى ۋە بۇنىڭ ئالدى
بىلەن ئۆلارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدە ئىپادىلىنىدىغانلىقىنى
كۆرۈۋالالايمىز. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ باش كىيىمى ۋە
چاچ پاسونى تويدىن بۇرۇنقى ۋە كېيىنكى مەزگىلدە ناھا-
يىتى روشەن پەرقلەرگە ئىگە، بۇخىل باش كىيىم ۋە چاچ
پاسونى ئارقىلىق توي قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى پەرقلەن-
دۈرۈش ئادىتى ھەرقايسى مىللەتلەر ئارىسىدا كەڭ
مەۋجۇت بولۇپ، روشەن ئالاھىدىلىككە ئىگە مەدەنىيەت
ھادىسىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. ئۇيغۇرلار ئارىسىدىمۇ
بۇخىل ئادەت كەڭ ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاساسلىقى ئا-
ياللارنىڭ كىيىم-كېچەكلىرى ئارقىلىق ئىپادىلىنىدۇ. بۇرۇن-
لاردا قىزلار بالاغەتكە يەتكەندىن باشلاپلا رومال ئارتىش-
قا ئادەتلەنگەن بولۇپ، توي قىلغاندىن كېيىن چوقۇم
رومال ئارتىپ يۈرۈشى پەرھىز ئىدى. يالاڭباشتاق سىرت-
لارغا چىقىشنى ۋە ياكى ھەر قانداق ئىجتىمائىي سورۇن-
لارغا قاتنىششتىن پەرھىز قىلاتتى ۋە يالاڭباشتاق يۈرۈش-
نى ئاللاغا بولغان ھۆرمەتسىزلىك دەپ قاراپ، جەمئىيەتتە-
كى كىشىلەرنىڭ چەتكە قېقىشىغا ئۇچرايتتى. بۇگۈنكى
دەۋرگە كەلگەندە، بۇخىل ئادەت كۆرۈنەرلىك دەرىجىدە
سۇسلىدى. قىز-يىگىت توينى مىسالغا ئالساق، تويغا پۇ-
تۇشكەندىن تارتىپ ئاخىرىغىچە بولغان پۈتكۈل جەرياندا



ئىككى تەرەپنىڭ تويلۇق سوۋغاتلىرىدا ئەزەلدىنلا كىيىم-
كېچەك كەم بولغان ئەمەس. بولۇپمۇ ياتلىق بولغان قىزغا
ئاتاپ ئالغان كىيىم-كېچەكلەر ئىچىدە رومال خېلى مۇھىم
ئورۇندا تۇرىدۇ. قەشقەرنىڭ بىر قىسىم رايونلىرىدا
ئوغۇل تەرەپ قىزغا ئاتاپ تۆت پەسىللىك باش كىيىم ئال-
غاندىن سىرت يەنە ئۇنىڭغا يانداشتۇرۇپ رومال تەييارلاي-
دۇ. بەزى رايونلاردا بولسا ئوغۇل تەرەپ قىزنىڭ ناماز-
لىق كىيىمى قاتارىدا باش كىيىم تەييارلايدۇ. نىكاھ ئوقۇ-
لىدىغان كۈنى قىز چوقۇم گىجىم رومال بىلەن يۈزىنى يۆ-
گەيدۇ، يەنە بەزى رايونلاردا بولسا ئادەتتىكىدەك باش
ياغلىقى ئارتىدۇ.

ئىسلام دىنى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا تارقىلىپ، تەرەق-
قىي قىلغان مىڭ يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بېرى ئۆلۈم-
يېتىم ئىشلىرىمۇ ئىسلام دىنى قائىدىلىرى ۋە ئەنئەنىسىگە
ماسلاشتى. ئۆلۈم-يېتىم ئەسلىدىنلا ناھايىتى سۈرلۈك كەي-
پىياتقا ئىگە بولۇپ، بۇ خىل كەيپىيات ۋە روھىي ھالەتنى
بىۋاستە ھالدا ئەڭ ئۇنۇملۇك ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغا-
نى شۇ سورۇندىكى كىشىلەرنىڭ كىيىم-كېچىكىدۇر.
چۈنكى، بىر تەرەپتىن يېقىن ئۇرۇق-تۇغقان بولغۇچى بۇ
ئارقىلىق ئۆلگۈچىگە بولغان قايغۇ-ھەسرىتىنى ئىپادىلە-
مەكچى بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن شۇ ئۆلۈم كىيىمى ئارقى-
لىق كۆپچىلىك ئالدىدا ھەشەملىك مەقسىتىگە يېتەلەيدۇ.

**5) ئۇيغۇر ئاياللار باش كىيىملىرىنىڭ رەڭلەردە ئىپادىلىنىدىغان سىمۋوللۇق قاتلىمى:** كىيىم-كېچەكنىڭ
رەڭگى ھەربىر كىينگۈچىگە نىسبەتەن ئالدى بىلەن ئويلا-
شىدىغان مۇھىم مەسىلىلەرنىڭ بىرى. چۈنكى بۇ كىينگۈ-
چىنىڭ سىرتقى ئوبرازى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا
قالماي، يەنە ئىجتىمائىي ئالاقە نۇقتىسىدا تۇرۇپ ئويلىغا-
نىمىزدا، شۇ كىشىنىڭ ئالاقە چەمبىرىكى تەرىپىدىن قوبۇل
قىلىنىش دەرىجىسىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىدۇ. كىيىم-
كېچەكنىڭ رەڭگىگە ئېتىبار بېرىش ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ
كىيىم-كېچەكلىرىدىمۇ ئالاھىدە گەۋدىلىنىپ تۇرىدۇ.
ئۇيغۇر ئاياللىرى تۈرلۈك ئىجتىمائىي مۇراسىملارنىڭ خا-
راكتېرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ، كىيىم-كېچىكىنىڭ رەڭ-
گىنى شۇ ئىجتىمائىي سورۇنغا ماس ھالدا تەڭشەش ئېلىپ
بارىدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ ئەنئەنىۋى قارىشىدا، ئاق رەڭ
بەخت ۋە پاكلىقنىڭ، يېشىل رەڭ ياخشىلىق ۋە ئامەتنىڭ،
قىزىل رەڭ غەلىبە ۋە خۇشاللىقنىڭ، سېرىق رەڭ قايغۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ۋە پەرىشانلىقنىڭ، يېشىل رەڭ ھاياتلىق، تىنچلىق ۋە بايلىقنىڭ، قارا ۋە باشقا سوغۇق رەڭلەر شۇملۇق، يامانلىقنىڭ سىمۋولى بولۇپ كەلگەندى. ئۇيغۇرلاردىكى نىسپىي مۇقىم رەڭ قارىشى ئۇيغۇر ئاياللىرىنىڭ ئەنئەنىۋى باش كىيىملىرىدىكى رەڭ قاتلىمىنىمۇ مەلۇم نىسبەتتە شۇ خىل ماسلىشىشچانلىققا ئىگە قىلغان. مەسىلەن، ئۇيغۇر ئاياللىرى توي-تۆكۈن، ھېيت-بايراملاردا قىزىل، سېرىق، يېشىل قاتارلىق ئوچۇق ۋە شوخ رەڭلىك كىيىملەرنى كىيىشىپ خۇشاللىق ۋە بايراملىق كەيپىياتىنى ئىپادىلىسە، نەزىر-چىراغلاردا ئاق، قارا قاتارلىق ئېغىر رەڭدىكى كىيىم-كېچەكلەر ئارقىلىق مۇسىبەتلىك ۋە قايغۇلۇق ھېسسىياتىنى ئىپادىلەيدۇ. كىيىم-كېچەكنىڭ رەڭگىگە بولغان بۇ خىل پەرھىزلەر رەڭگە چوقۇنۇشتەك ئەنئەنىۋى قاراشنىڭ ئىپادىسى بولماستىن، بەلكى مۇشۇ رەڭلەرنىڭ ئۆزىدە ئىپادىلىنىدىغان ئالاھىدە كەيپىيات، ياخشىلىق ۋە يامانلىقتىن دېرەك بېرىدۇ. يەنى رەڭلەر كۆپىنچە مۇقىم ھالدىكى سىمۋوللۇق مەنە ۋە قىممەت يۆنىلىشىنى ئىپادىلەپلا قالماستىن، بەلكى ئوخشىمىغان مۇھىت ۋە ئوخشىمىغان سالاھىيەتكە قاراپ بەلگىلىك يۆنىلىش ۋە سىمۋوللۇق مەنە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن، ئاق ۋە قارا رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ نەزىر-چىراغلىرىدا قايغۇنىڭ سىمۋولى قىلىنسا، ئۇنداقتا ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلىك مۇراسىملاردا ئاق رەڭ يەنىلا بەخت ۋە پاكلىقنىڭ، قارا رەڭ بولسا ئالىيجاناب ۋە سىرلىقلىقنىڭ سىمۋولى دەپ قارىلىدۇ.

قارا رەڭ ئۇيغۇرلارنىڭ كۆزلۈك ۋە قىشلىق كىيىم-كېچەكلىرىدە ناھايىتى كۆپ ئۇچرايدۇ. ماتېرىياللارغا ئاساسلانغاندا ئاز ساندىكى تېرە تۇماق (ئاق تېرە تۇماق) ۋە كىگىز تۇماق (ئاق كىگىز تۇماق) دىن باشقىلىرى ئاساسەن قارا رەڭ تەگلىك قىلىنغان. يەنى قارا رەڭ تېرە تۇماق ۋە كىگىز تۇماقلارنىڭ ئاساسلىق رەڭگى بولغان. يېڭىسارنىڭ ساخەن كەنتىدە ئۆرە بۆكلەردە تارىختىن بېرى قارا رەڭ ئاساسىي رەڭ بولۇپ كەلگەن ۋە ئەزەلدىنلا ئاق رەڭدە تىكىلمىگەن، ھەتتا ئاياللارنىڭ ئېگىز تۇمىقىمۇ قارا رەڭ ئاساس ۋە چوقۇم تاللاشقا تېگىشلىك رەڭ بولغان. ئۇيغۇرلار سېرىق رەڭنى قايغۇ ۋە پەرىشانلىقنىڭ ئىپادىسى دەپ قارايدۇ. ئەمما سېرىق رەڭگە بولغان بۇ خىل قاراش كۆز پەسلىدىكى يوپۇرماق ۋە غازاڭنىڭ رەڭگى ۋە شۇ ئاساستىكى تەپەككۇر شەكلى. لېكىن بۇنىڭ قېلىپلاشقان، ئۆزگەرمەس شەرھلەش ئەمەسلىكىنى بىز كىيىم-كېچەكنىڭ تىكىلىشى ۋە كىيىلىشىدىن تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. مەسىلەن، قۇمۇل رايونىدا ئاياللارنىڭ ئەنئەنىۋى بۆكلىرى يەنى ئۆرە بۆك، تەيتۇللا بۆكنىڭ تېگى سېرىق رەڭدە بولغان. بۇ يەردە ئىپادىلىنىدىغىنى قايغۇ ۋە پەرىشانلىق بولماستىن، بەلكى ئالىيجانابلىق ۋە دۆلەتمەنلىكنىڭ سىمۋولى سۈپىتىدە قارىلىدۇ. مۇناسىۋەتلىك ماتېرىيالدىكى تەھلىللەرگە ئاساسلانغاندا، سېرىق رەڭگە بېرىلگەن ئىككىنچى خىل چۈشەندۈرۈش ئوتتۇرا تۈزلەڭلىكتىكى ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلەردىكى خان جەمەتىدىكىلەرنىڭ كىيىم-كېچەكلىرىدە مەخسۇس سېرىق رەڭنى ئاساس قىلىدىغانلىقىنىڭ تەسىرىدىن بولۇشى مۇمكىن. بۇ خىل تەسىر چىڭ سۇلالىسى دەۋرىدە قۇمۇل ۋاڭلىقىدىكى ئېسىلزادىلەرنىڭ كېيگەن ئوردا كىيىملىرىدە ئەڭ روشەن ۋە كۈچلۈك ئىپادىلىنىدۇ.

ئىزاھلار:

①، ② ھەسەنجان ئابلىز «ئۇيغۇر كىيىم-كېچەك مەدەنىيىتى ۋە ئۇنىڭ 20-ئەسىردىكى ئۆزگىرىشى» «مىراس» ژۇرنىلى 2005-يىل 3-ئاي.

③ زۇلھايات ئۆتكۈر «شىۋېتسىيەدىكى تارىخىي ماتېرىياللاردا ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرى توغرىسىدا» «مىراس» ژۇرنىلى 2009-يىللىق 2-سان

پايدىلانمىلار:

1. ھەسەنجان ئابلىز «ئۇيغۇر ئەنئەنىۋى كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ مەدەنىيەت مەنبەسى»، خەنزۇچە، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر 2004-يىللىق 6-سان.

2. جاۋ كېرىن «مۇسۇلمان ئاياللار چۈمپەردىسىنىڭ مەدەنىيەت قىممىتى»، خەنزۇچە، جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى 2005-يىللىق 3-سان.

3. گۆەن يەنبو «جۇڭگو ئاز سانلىق مىللەتلەر باش كىيىم مەدەنىيىتىنىڭ ئىجتىمائىي رولى»، خەنزۇچە، مىللەتلەر تەتقىقاتى 1995-يىللىق 6-سان.

4. ھەسەنجان ئابلىز «ئۇيغۇر كىيىم-كېچەكلىرىنىڭ رەڭ قۇرۇلمىسى ھەققىدە تەھلىل»، خەنزۇچە، ئىچكى موڭغۇل ئۇنىۋېرسىتېتى سەنئەت ئىنستىتۇتى ئىلمىي ژۇرنىلى 2005-يىللىق 1-سان.

(ئاپتور: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى ئەدەبىيات ئىنستىتۇتى 2008-يىللىق ماگىستىر ئاسپىرانتى)

# يەكەندە ئۆتكۈزۈلگەن تۇنجى نۆۋەتلىك بادام دوپپا مەدەنىيىتى مۇھاكىمە يىغىنىدىن كۆرۈنۈشلەر















چوڭ تىپتىكى «بېيجىڭدا نورۇز مەشرىپى» كېچىلىكىدىن كۆرۈنۈشلەر





美拉斯

MIRAS

ميراس